زۇننۇن قادىرى

# غۇنچەم

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# غۇنچەم

(مەسەللەر، ھېكايىلەر، پيېسىلەر)

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىن — 1957

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تەھرىردىن

يازغۇچى زۇنۇن قادىرى يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ 1915-يىلى شىنجاڭنىڭ دوربۇجىن ناھىيىسىدە ئۇششاق كاسىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دەسلەپ كونا، دىنىي مەكتەپتە، كېيىن ئۈرۈمچى ئوتتۇرا مەكتىپى ھەم چارۋىچىلىق تېخنىكومىدا ئوقۇغانىدىن كېيىن، مائارىپ ۋە تىياتىر ساھەسىدە ئىشلىگەن. ئۇنىڭ ئىجادىي ئىشى 1937 - يىلى باشلانغان.

زۇنۇن قادىرىنىڭ ئەدەبىي پائالىيىتى ئاساسەن دراماتورگىيە ۋە ھېكايىچىلىق ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنۈدۇ. بۇ توپلامغا ئاۋتورنىڭ 20 يىلدىن بېرى يازغان ئەسەرلىرىنىڭ بىر قەدەر كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەمۇنىلىرى كىرگۈزۈلدى.

## مۇندەرىجە

چۈجە بىلەن سېغىزخان (مەسەل) ........................ 5
كېپىنەك بىلەن ھەرىلەر (مەسەل) ........................ 7
قوشچى بىلەن چاشقان (مەسەل) ........................10
بۇلبۇل بىلەن سۇگگۈلۈگۈچ (مەسەل) ........................12
شەپقەت ھەمشىرىسى (ھېكايە) ........................16
مۇئەللىمنىڭ خېتى (ھېكايە) ........................27
ماغدىر كەتكەندە (ھېكايە) ........................39
چىنىقىش (ھېكايە) ........................72
غۇنچەم (دراما) ........................121
توي (دراما) ........................233

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# چۈجە بىلەن سېغىزخان

(ئى. كرىلوۋقا تەقلىد)

تېخى چۈجە چىقمىغان چاغ (تۇخۇمنىڭ ئىچىدە)
كورۇپ سېغىزخان يەپ ئالماقچى ئۇنى چۈشىدە.
ئوتمۇشتىن تارتىپ مەلۇم ئۇ، شورتۇمشۇقنىڭ دەستى،
سوز ئاچقىنىم ئوتمۇشتىن چوچەك ئېيتىشنىڭ قەستى.
قارا بۇلۇتلار تارىلىپ ئۇچۇۋاتىدۇ،
كۈن يۈزىنى كۆلۈمسىرەپ چىقىۋاتىدۇ.
قويۇق لايىقى سۇلار ئاقتى،
بۇ تازا ئەرتىياز ۋاختى.
چۈجە ئاپتاپقا قارىدى زوقى بىلەن،
ماگدىي ئۇ تەمتىلەپ ئاستا قىر بىلەن.
كەلدى سېغىزخان يورغىلاپ،
توختاتتى چۈجىنى چوقۇلاپ.
ۋالاخلاپ ئېچىلدى شۇرتۇمشۇغى:
— «نەگە بارىسەن هاي پەسىنىڭ ئوغلى؟

كەڭ دالاغا ھاياسىز دەسسەپسەن !
ياماڭا تازىم قىلىپ ئوتمەيسەن !
تۇمشۇغۇم ئۇزۇن سەندىن
قۇيرۇغۇممۇ ئاندىن.
ھېچ سوز چىقمايدىغۇ سەن ياماندىن !»
ئوينىدى قاپ ـ قارا كوزى، شۇمشەيدى چۇجە،
يۇمشاق ئاۋازدا كەلدى تىلى سوزگە.
ـــ «ھېچ... ھېچ يامانلىق قىلمىدىم جاناپ سىزگە،
چوقۇپ ئازار بەرمىسلە بىزگە».
ئاچچىق قىلىپ سېغىزخان يەرگە بىرنى تەپتى،
قۇيرىغى ئۇنىڭ لەپەڭلەپ كەتتى.
ـــ «ھېچ... يامانلىق يوق سەندە؟!»
ـــ «شۇنداق تەخسىر ئەلۋەتتە».
ـــ «قانائەت يوق... كاتەكتىن چىقتىڭ،
مۇشتەك تۇرۇپ مېنى ھاقارەت قىلدىڭ!
كەڭ دالاغا چىقىپ دان ئىزدىگىنىڭ،
يامانلىق ئەمەسمۇ شۇ سېنىڭ.
چۈنكى بۇدالادا مەن پاشايمەن،
قاقاخلاپ كۇلۇپ مەن سەكرەيمەن».
ـــ «خاپا بولمىسلا ھۆرمەتلىك، دانمۇ تاپمىدىم،
تېخى كەڭ دالادا بىر كاپاممۇ ئالمىدىم».

— «بولمىسا كەيپىمنى بۇزماقچىمدىڭ
ياكى داۋانغا چىقىپ قىچقارماقچىمدىڭ».
— «يېڭىدىن كۆز ئاچتىمغۇ دۇنياغا،
ھازىرلا چىقاتتىممۇ داۋانغا،
ياكى چۈشەتتىممۇ ياغا...»
— «بولدى ئاخماق، ئاسمانغا قارىدىڭ،
جاھان ئىسسسسىسۇن دەپ تىلىدىڭ.
شۇملىغىڭدىن ئىسسىماقچى جاھان،
چۈگۈلۈپ كەتمەكچى بىزنىڭ ئەسكى ماكان.
كۆل بولۇپ كېتىمەن ئاپتاپتا،
كوزۇڭنى چوقۇيمەن شۇ تاپتا»—
دېدى سېغىزخان چوقۇلاپ چۈجىنى
قانغا بوياپ ئەتتى باش-كوزىنى.

# كېپىنەك بىلەن ھەرىلەر

گۈللەر ئېچىلغان باھار تاڭىدا،
غۇنچە رەڭمۇ-رەڭ شۇنچە چىرايلىق.

گۇل قاچىلىرى يۇيۇرماقلاردا،
يالتىراز شەبنەم خۇددى مەرۋايىت.
چىقتى كىپىنەكخان ساياھەتكە،
شايى، ئەتلەس، كىمخاپلار كىيىپ.
ھەربىلەرمۇ كەلدى گۇلخانىغا،
دۇتار، تەمبۇر، غىجەكلەر چېلىپ.
گۇل ـ گۇلۇستاندا قىزىپ كەتتى توي،
كىپىنەك ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى قوي!
ئۇچرۇشۇپ قالدى بىر بەزمىدە،
كىپىنەك بىلەن بىرسىپىز ھەرە.
ھەر ئىككىسى تونۇشۇشنى ئەپلەپ،
گۇل چىنىگە تىققان ئىدى كەپلەپ،
يەتمىدى ئاغزى شۇندا شەربەتكە،
ئۇچرىدى ئۇلار شۇندا غۇربەتكە.
ــ «نىمە قىلىپ ژۇرۇيسەن بوغۇرساق؟» ــ
دېدى كىپىنەكخان چالۋاقاپ.
ــ «ۋاي تووا، نازۇكەي، ئۇخمىغانمىدىڭ؟
مەن بولۇمەن گۇل ھەرەدېگىنىڭ.
شەربەت ئىچىمەن، ھەسەل يالايمەن،
گۇللەر ئىچىدە شۇنداق ئوينايمەن».
ــ «ۋاي چىرايلىق ئاشىق، ژۇگلۇق ئاخماق،

www.uyghurkitap.com

ھەسەل ماڭىلا ئۇچرايدۇ نەق ـ نەق.
كىيىمەن ئەتلەس، كىمخاپتىن چاپان،
سەيلە قىلىمەننۇ مەن ھەر قاچان».
دۇمسايدى، ئاچچىقلاندى كېپىنەكخان،
سەكرەپ كەتتى تېرىكىپ ھەرىجان.
بۇزۇلدى باشقىلارنىڭ ئەيشى،
شۇنداقلا قالدى يەۋاتقان ئېشى.
چاقىقاق ھەرە چۈشتى ئوتتۇرغا،
ھەسەل ھەرىمۇ كەلدى بۇقۇرغا.
— «پاھ، يامان ئېيتىدۇ يىگىننى»—
دەپ سوز باشلىدى چاقىقاق ھەرە،
جىم بولۇپ قاچتى ئىككى بىچارە.
ھەسەل ھەرىگە قاراپ قىلدى چاقىقاق:
— «ھە، بۇ ئىككىسى شۇنداق ماختانچاق.
ھەسەل ـ ھەسەل بىلەمسەن ئۇنى،
نىگنار بىلەن ياسايدۇ ئۇنى.
گۈل چىنىسى ئىچىدە بار شىلىم،
تاق ئەشۇنى ھەسەل قىلار بىلىم.
ئۇ قانداق تاتلىق ـ قانداق مېزىلىك،
كىم بىلىدۇ ھە، بۇنى مەنچىلىك.
ھىجايدى ھەسەل ھەرە بۇنىڭغا،

چاقچاق ئاچچىقلاپ دېدى ئۇنىڭغا:
— «زاڭلىقنى كىم قويدى ھەي ئاۋاق،
ئومرۇڭدە ھەسەل كۆرگەنمىدىڭ ئاخماق».
چاۋاك چالدى كېپىنەك نايناقلاپ،
— ئاۋاق، ئاۋاق – دېدى ئۇ قاقاخلاپ.
— «ھەسەل ئېلىمىنى ھەرىجاندىن
ئاۋاق ئۆيدان ئاڭلاش لازىم ئاندىن».
ھەسەل ھەرە ئۆز ئىشىغا ماڭدى،
كېپىنەككە مۇنداق دەپ قويۇپ ياندى:
— «ھەي، چىرايلىق – يۇمشاق كېپىنەكخان
كورۇنگەننى دېمە، ھەسەل ھەرىجان».

# قوشچى بىلەن چاشقان

كەڭ ئېتىزنى قاراڭغۇ قىش باسقان،
ئويندى شۇم ئاۋازدا شۇۋىرغان.
پاسكىنا قولىدا تىلغاپ چاشقان،
يەرنى ئۇگا قىلىپ كىرىپ ئالغان.

كېلىپ باھار خۇش سازىنى چالدى،
ئېتىزمۇ گۈزەل ياسىنىپ ئالدى.
باھارنىڭ زوقىدا قوشچى — دېھقان،
گۈلزار يېرىگە قوشنى سالدى.
بۇزۇلدى چاشقانلارنىڭ ئۇگىسى،
ژىرتىلدى سىبىسىپ كەتكەن جۇگىسى.
چاشقانلار ئارا غۇلغۇيلۇق چىقتى،
ئۇگۇدىن بىرى سوزلىگىلى چىقتى:
— «قوشچى سىنىڭ قىلغان ئىشىڭ قوپاللىق!
بىراۋنىڭ ئۇگىسىنى بۇزۇشۇڭ ئوساللىق!
نەچچە ژىللار ياياليمىز بۇ ئېتىزدا،
ھېچكىم تەگمىگەن بۇ چاغلىق».
— «ئۇزۇن ژىللار ئاش تېرىدىم ھارماي،
ئىشلەپ دوك بولۇپ كەتتىم تىنماي.
ئالغان ھوسۇلۇمدا بەرىكە يوق،
سەن ئىپلاسلار ئوغۇرلاپ قويماي!...»
— «مىنىڭ ھەققىمگە زورلۇق قىلسەن!
يەنە ئوساللىقنى دوڭگەپ قويۇسەن!
بۇ ئېتىز سىنىڭ ئۇگاڭ ئەمەس،
ۋالاقلىماي تېز يوقال، كوزۇمدىن سەن!...»
ئاختۇرالمىدى چاشقان سوزىنى،

تونۇپ قالدى پولات چىشنىڭ كۈچىنى.
چاشقان قاچتى ئىتىز نىڭ قىرىغا،
چۈشتى پولات چىش ئاچقان يولىغا.
ۋاقىرىدى قوشچى ئارقىسىدىن
— «ئۇر، قوغلا چاشقانلارنى ئىتىزدىن!...
ئەمگىكىمىزنى غاجاپ پەست قىلغان—
پۈتسۇن ئۇ، ھاياتىمىزغا قەست قىلغان!»...

# بۇلبۇل بىلەن سۈگۈلۈگۈچ

ھاۋاگۇلدۇرلىسە سۈگۈلۈگۈچ،
يورغىلاپ كېتىدۇ ئۇ، غىلدىرغۇچ.
پۈتى ھاۋادا ئوگدا ياتىدۇ،
ئاسماننى ئۇ، كوتۇرۇۋاتىدۇ(؟!)
خىيالىدا ئاسمان ژىقىلدى،
پەخىرلەندى ئۇ مەغرۇر بىر كۈنى:
«دۇنيادا مەندەك دانىشمەن قېنى؟
نازۇك سۇمباتىم بۇلبۇلدىن ئارتۇق،

مۇشكۇل ئىشنى ئورۇنلايمەن شاق ـ شۇق.
ناھايىتى ناخشا ئېيتالمىغانغا،
نۇقسان قويماق شۇنچە چوڭ ئىشمىغا؟
بىر سائەتتە ئۈگۈنۈمەن ئۇنى،
قېنى بۇلبۇل دېمىسۇنچۇ مېنى؟!»

يورغىلاپ كەلدى بۇلبۇل قېشىغا،
ماختاندى سۇڭگۇلۇگۇچ ئوز قىلمىشىغا:
«ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ،
تاشلىسام ئاسماننى كىم ياشايدۇ؟
مەنسىز ھالاكەتكە قېنى چارە،
ژۇرت ئۇچۇن ئاۋارە ـــ مەن ئاۋارە.
ھەممە ناخشىغا ئامراق، نادان
شۇنىڭ ئۇچۇن دەيدۇ سېنى ئوبدان.
سەن بىلەن بولۇپ باقاي سوھبەتتە،
ناخشا ئېيتىپ كورەي بۇ پۇرسەتتە.
لېكىن ئارتۇق ۋاقىتىم ژۇرتىداش،
ژۇگۇرۇشۇپ كېلىدۇ ھەممە بەگۋاش.
خالىمايمەن نادانلار تىلىنى،
ئېيتساق ئىدى سۇپى تورغاي كۇيىنى».
ـــ «بۇ بولمىغۇر تەكەللىپقۇ«ھورمەتلىك»،

ھەر قۇش ئۆز تىلىدا سايراش ئەپلىك».
— «ناخشىنى شۇنداق يامان كورۇمەن،
ئەمدى بىر ئېيتسپ كورەي دېگەنمەن».
بۇلبۇل ئىستىھزا بىلەن كۇلدى،
ئاڭا جاۋابەن مۇنداق سوزلىدى:
— «بورىچى ھالۋىچى بولغان ئىكەن،
چاپاق بىسىپتۇ ئۇنىڭ كوزىنى،
تۇرالمىسا بىر ھۇنەردە كىشى،
ۋۇجۇتقا چىقارمۇ ئۇنىڭ ئىشى».
ئەلەم ياندى سۇڭگۇلۇگۇچ كوزىدە،
دېدى ئۇمۇ تەكەببۇر سوزىدە:
— «سەنمۇ نادان، قەدىرىمنى بىلمىدىڭ!
سوزگە ئاستىنراق چۇشۇنەلمىدىڭ...
ئابروي ئۇچۇن ھەر نەرسىنى ئوگەن،
ئۇخمۇدۇڭمۇ «جان باقماق پەرىز» دېگەن.
خوش ئېيتە ناخشاڭنى مەن تۇتۇپ ئالاي»
— «رەنجىمە مەيلى ئوگۇتۇپ قوياي».
ئۇ سايراپ كەتتى بۇلبۇل خوش ئاۋاز!
تەرەننۇم① ئەيلىدى ياپ - يېشىل ياز.
سۇڭگۇلۇگۇچ لەپەڭلەپ چالدى ساز،

①تەرەننۇم — ئاھاڭنىڭ تىترىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

قېنى چىققىنى ئۈنگدىن ئاۋاز؟
بوستان ئارا ئۈنىگنا مەھابەت①
ئۈشقىتىپ قىينالدى نەچچە سائەت،
ئەسلىدە سۆگۈلۈكۈچ ئاۋازى قانداق؟
ناخشا ئېيتىپ كورگەنمىدى شۇنداق.
چىقتى شامال گۈرۈلدەپ ھاۋا،
ھودۇقۇپ سۆگۈلۈكۈچ قىلدى تووا،
نە ئوگدا ياتالمىدى بىر شاقتا،
سەكرەپ كەتتى پۇتاقتىن – پۇتاققا.
سايراۋاتىدۇ بۇلبۇل دىلاۋەر②
ئاۋالقىدەك جاراڭلىق، باراۋەر.
ھاۋادا تولقۇنلىنار سايرىشى،
دىلدەبا③زوق مۇھەببەت قاينىمى.
بۇلبۇلنىڭ تايماس شۇنداق يولى بار،
گۈلشەندە ئېچىلغان قىزىل گۈلى بار.

---

①مەھابەت — سۈر.
②دىلاۋەر — باتۇر.
③دىلدەبا — كوڭۈلگە لايىق، كوڭۈلنى تارتقۇچى.

# شەپقەت ھەمشىرىسى

## (ھېكايە)

### I

ياندۇار كۈنلىرى. پۈتۈن ئەتراپ ئاپپاق قارغا كۆمۈلگەن. سوۋۇق ئادەمنى ھەرىدەك چېقىپ تۇرۇدۇ. تۈگمەننىڭ نۇرى ئۈستىدە ساڭگىلىشىپ تۇرغان مۇزلار ئادەتتىكى ئېقىمىنى ئۆزگەرتىپ، ئەتراپىغا مەرۋايىتتەك يالتىراق تامچىلىرىنى سېپىپ تۇراتتى.

بىز تۈگمەننىڭ جەنۇبىدىكى دوڭگە كەلگەندە لەگشاڭ بۇتخانىسى ئەتراپىغا ئورناشقان گومىنداڭنىڭ پوتەيلىرى ئاشكارە كۆرۈندى.

— ئەمدى توۋەنگە قاراپ ژۇگۇرۇش كېرەك. — دېدى يېنىمدا كېلىۋاتقان يولداشىم.

— توختا ساناپ باقايلى، قانچە پوتەي ئىكەن — دېگەن ئىدىم.

— ھەي بەغەرەز نىمىكەنسەنا، مۇشۇ بۇرۇلۇشتىكى دوڭ خەۋپلىك، دۈشمەنگە مانامەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرۇسەندە، —

دېيىشى ئارىلىغىدا «تاق» ـ «دوك» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ۋىڭىلدىغان بىر ئوق ئۆتۈپ كەتتى. بىز تۆۋەنگە قاراپ ژۈگۈردۈك.

تۈگمەننىڭ ئۈستىگى بويىدا ئىككى قىز قول ياغلىق ژۇيۇ-شۇپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ قىزلار ئىكەنلىگىنى ژىراقـراق جايدىن قاراپ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ناھايىتى يۈز قەدەم يېقىنلاشقان چاغدىلا ئاۋازىنىڭ زىلىلىغىدىن ھە، بۇلار قىزلار ئىكەنغۇ، دېدۇك. ئۇلارنىڭ بېشىدا قوي تېرىسىدىن تىكىلـگەن ئاق تاق قۇلاقچا، ئۈچىسىدا قارىم ياقىلىق ئۇزۇن، كەڭ ئاق جۇگا، پۇتىدا پىيما بار ئىدى. ئەسكىرىي فورمىدا، ئەرەنچە تىكىلگەن جۇگا ئۇلارنىڭ گەۋدىسىگە ئانچە لايىق كەلمەي، چاققانلىغىنى يوشۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، تاسما بەلۋاغ بىلەن بېلىنى مەھكەم باغلاپ، پىيمىنىڭ قونجىنى قارىپ ئېلىپ، ژۈرۈش ـ تۇرۇشقا خېلى قولۇشۇپ ئېلىشقان ئىدى.

بىز ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ، ئويماندىكى سازلىقنىڭ شىمالىغا ئورناشقان شتابقا كىرىپ كەتتۇك. بۇ شتاب پوزىتسىيىمىزنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىدا ئەڭ چەتتە تۇرغان جاي بولۇپ، دۈشمەننىڭ لەگشاڭ ئىگىزلىگىدىكى ناھايىتى نۇرغۇن يوتەي ۋە ئاكوپلىرىغا قارشى ئەڭ مۇھىم ئورۇن ئىدى. ئىككىنچىدىن بۇ شتابقا جايلاشقان قىسىملىرىمىزنىڭ تۇتقان پوزىتسىيە ـ



www.uygurkitap.com

سىنى غەربىيكىراق بىرىپ دۈشمەن پوزىتسىيىسى بىلەن پەقەت «يېڭى ھايات» مەھەللىسىنىڭ كوچىسىلا ئاجرىتىپ تۇراتتى. دۈشمەنلەر كوچىنىڭ ئۇقانتىسىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئوگۇزلىرىگە پوتەي ياساپ، ئىستانوكىلۇق پۇلېميوتىلار ئورنۇتۇپ ئالغان. بۇ قاناتتا بولسا، دۈشمەنلەر تەرەپتىن كويىدۇرۇپ ۋەيران قىلىنغان ئىمارەتلەرنىڭ تاملىرى ۋە ئاندا ـ ساندا ئوقتىن پانا قىلىپ تىزىلغان كىسەكلەر بىزنىڭ پوزىتسىيىمىزنىڭ چېكى ئىدى.

بىز شتاپ باشلىغى بىلەن كورۇشۇپ بىر قانچە سوھبەت قىلغاندىن كىيىن سۇ بويىدا ئۇچراتقان قىزلاردىن بىرى ئىشىكتىن رۇخسەت سوراپ كىرىپ كەلدى.

ــ مانا بۇ بىزنىڭ قىسىمنىڭ شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۇل ھاشىم ئاكام قىزى بولۇدۇ. قىرىق كۈندىن بېرى بىز بىلەن بىر قانچە جەڭلەردە بولدى. ژۇرەكلىك، ئىشچان قىزىمىز، ــ دەپ تونۇشتۇردى شتاپ باشلىغى.

ــ ياخشى، بىز تونۇشقۇ، ــ دېدى مېنىڭ يولدۇشۇم.

رىزۋان كۈلۈمسىرەپ:

ــ سىزغۇ بۇيەرگە بىر قانچە قېتىم چىققان ئىدىڭىز. بۇ كىشىنىڭ بىرىنچى قېتىم كېلىشىغۇ دەيمەن، ــ دېدى.

ــ شۇنداق، ـ دېدىم مەن.

رىزۋانگۇل ــ قوي كوزلۇك، قارا قاش، قاڭشار بۇرۇن،

www.uyghurkitap.com

بۇغداي ئوك، ئوتتۇرا بويلۇق، 19 ياشتىكى قىز ئىدى. ئۇ، ئوزىنىڭ سەپداشلىرى، ئۇيغۇر قىزلىرى ئىچىدە تېتىكلىكى، پىكرىنىڭ چوڭقۇرلىغى بىلەن ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇراتتى. ئۇ، باشقا قىزلارغا قارىغاندا، كىشىلەر بىلەن ئوزىگە ياراشقان بىر سىپايىلىق قىياپەتتە ئەركىن سوزلىشەتتى.

ئۇرۇش باشلانغىلى ئىككى ئايغا يېقىن بولۇپ قالدى. كۇن ساناپ پارتىزان شەكلىدىن ئەسكىرىي قىسىملارغا ئايلىنىۋاتقان جەڭچىلىرىمىز كېچە ـ كۇندۇز تىنىماي مەشىق قىلىدۇ. ھەربىي قائىدە ۋە قۇرال ئىشلىتىش يوللىرىنى ئۇستۇن ھەۋەس بىلەن ئوگۇنۇۋاتىدۇ.

ئەنە بىر بۇلۇڭدا بەش ئاتارمىلتىقنى بۇزۇپ، تۇزەپ ئوگۇنۇۋاتقان بىر ژىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ دۇشمەندىن جەڭلەر بىلەن تارتىۋالغان قۇراللارنىڭ تۇرلىرى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش يوللىرى توغرىسىدا سوھبەت قىلىشتۇق.

ھەممىمىز تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىغىمىز ئۇچۇنمۇ، ژىگىت مىلتىقنىڭ چاقمىغىنى ئورنىغا سېلىشتا تەمتىرەپ قالدى. رىزۋان مىلتىقنى قولىغا ئېلىپلا، ھېچقانداق تەمتىرەپ تۇرماستىن چاقماقنى ئورنىغا سېلىپ قويدى. ژىگىت ئىزا تارتقىنىدىن قىزىرىپ كۇلدى.

رىزۋانگۇل بەش ئاتار مىلتىق، قول پۇلېمىوت ۋە گراناتنى ئېتىشنى ۋە چوگۇپ، تۇزەشنى ئوز ـ ئوزىدىن ئوگۇنۇۋالغان

ئىدى. چۈنكى ئۇ، قايناق جەڭلەردە بولۇشنى، ئەگەر بىرەر ئېغىر ۋەزىيەت ئىچىدە قالسا، دۈشمەن بىلەن ئاخىرقى تامچە قېنى قالغىچە قورال ئىلىق كۆرۈشۈشنى ئويلايتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن رىزۋان ئىنقىلابنىڭ 6 ـ كۈنىلا بىر نەچچە دوستلىرى بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى ھەربىي شتابقا كېلىپ:

ـــ بىز ۋەتىنىمىز ئۈچۈن، ئېزىلگەن خەلقىمىز ئۈچۈن كۆرەشكە بەل باغلاپ كەلدۇق. پۈتۈن خەلقىمىز قوزغۇلۇپ، كوچا ـ كوچىدا دېڭىزدەك دولقۇنلۇنۇپ ئېقىۋاتسا، بىز ئۆيدە شۇك ئولتۇرالامدۇق. خەلق ئەركىنلىك دەپ بارچېنى بىلەن «ھۇرا» قىچقىرىپ جەڭگە كىرىۋاتسا، بىز تاماشا كۆرۈپ تۇرساق بولامدۇ؟ مۇنداق نومۇسنى بىز كوتىرەلمەيمىز. دۈشمەن بىلەن ئەرك ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقانلار ۋەتەننىڭ ئوغۇللىرى بولسا، بىز ۋەتەننىڭ قىزلىرى. قىزلار «قورال تۇتالمايدۇ»ــــ دەپ قايسى تارىختا كورسۇتۇپتۇ. بىزگە قورال بېرىلسۇن! ھېچقانداق توختالغۇسىز ئالدىنقى لىنىيىگە بارىمىز...ــــ دەپ مۇراجەت قىلدى.

باشقىلار رىزۋاننى دوستلىرى بىلەن ساقلىقنى ساقلاش ۋاقىتلىق نازارىتى گوسپىتالىدا خىزمەت قىلىشنى تەكلىپ قىلغان ئىدى.

رىزۋان:

ـــ بىز دۈشمەنگە قارشى ھەقىقەتــتە غەزەپكە كەلدۇق.

يولىمىزنى توسماقلار! فرونتقا قۇراللىق ئېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىمىز! — دېدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى پوكاندەك قىزارغان، غەزەپ بىلەن يانغان كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى ئەگىپ تۇراتتى. ئۇ، شۇ ھالدا دۈشمەنگە قارشى ئېرىلىشقا تەييار تۇرغان بومبا ئىدى.

باشقىلار رىزۋاننىڭ ئاجايىپ جاسارەتلىك قىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا ۋەتەنگە، خەلققە، ئەرككە بولغان مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈكلىكىنى ئاڭلىدى، ئۇنى ئارقا سەپتە قالدۇرالمايدىغانلىقىنى سەزدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جەڭ مەيدانلىرىغا شەپقەت ھەمشىرە قىلىپ ئېۋەتكەن ئىدى.

رىزۋان جەڭ مەيدانلىرىدىكى ھەر قانداق مەشەققەتلەرگە چاپسان كۆنۈكۈپ، ئۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن بىر تۇققاندەك بولۇپ كەتتى.

كۇيۇمچانلىقى ۋە ھېچنەرسىدىن ئېرىنمىگەنلىكى ئۈچۈن جەڭچىلەر ئۇنى ئەڭ شەپقەتلىك، مېھرىۋان ھەمشىرىمىز دەپ ھۆرمەت قىلاتتى.

## II

1945 ــ يىلى 13 ــ يانۋار. تاڭ بىلەن بىزنىڭ قىسىملىرىمىز دۈشمەن پوزىتسىيىلىرىگە ھۇجۇم باشلىدى.

دۈشمەنلەردىن ھەر تەرەپتە ئاجرىتىۋېلىنغان قۇراللارنىڭ

سانى خېلى كوپەيگەن بولسىمۇ، پىدايى بولۇپ، سەپكە كىرـ
ۋاتقانلارغا تېخى قۇرال تولۇق يېتىشمەس ئىدى. شۇنىڭ
ئۈچۈن پىدايىلار تومۇرچىلەرگە نەيزى ياسىتىپ جەنزىلەرنىڭ
ئۇچىغا قادىشىپ ئىشلىشقان، مىڭلاپ ـ مىڭلاپ نەيزىلىرىنى
كۆندە يالتىرىتىپ، كوچىلاردىن ئوتكەندە ئۇلارنى ئەگەشكەن
خەلق توپى كوچىلاردا دېڭىزدەك دولقۇنلۇنۇپ ئاقاتتى. پۈتۈن
خەلق ئادەتتىكى شەخسى تىرىكچىلىكىنى ئۇنۇتقان، ھەممىنىڭ
پىكرى ـ خىيالى دۈشمەنگە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى.
جەڭ كۈنى مەيدانلاردا قىسىم ـ قىسىمغا بولۇنگەن قۇرالـ
لىق جەڭچىلىرىمىز ئەتراپىدا نەيزە كوتەرگەن پىدايىلار ۋە
كالتەك، چوماق كوتۈرۈپ چىققان يۈزمىڭلاپ خەلق دولقۇنى
ئاقاتتى. قۇراللىق قىسىملىرىمىز ھەربىي قائىدە بويىچە ھەرـ
كەتلىنىدۇ. پىدايى نەيزىچىلەرمۇ تەرتىپكە سېلىنغان، لېكىن
كالتەك كوتۈرۈپ ژۇرگەن خەلق بولسا، ئۆز ئىختىيارىچە ھەرـ
كەتلىنىپ ژۇرۇدۇ. ئۇلار گايىدا توپلۇنۇپ ھەر تەرەپتە چوـ
قان ـ سورەن كوتۈرۈدۇ. گايى چاغلاردا دۈشمەنىنىڭ ئەڭ
دەھشەتلىك ئوت توچكىلىرىغا ئومۇلىشىپ بارىدۇ. مانا بۇگۈنكى
جەڭ كۈنىدىمۇ ھەرەمباغ ۋە لەڭشاڭ ئەتراپىدا شۇنداق چوـ
قان سېلىپ ژۇرگەن سان ـ ساناقسىز خەلقنى كورۇسىز.
كۈن نەيزە بويى ئورلىگەن چاغدا، ئەڭ دەھشەتلىك جەڭ
ھەرەمباغنىڭ غەربىي توپۇلىگىدە باشلاندى. دۈشمەن بارلىق

كۈچىنى ھەركەتكە كەلتۈرۈپ قارشىلىق قىلماقتا. بۇتۈن ئاكوپ، بىلىنداۋ، پوتەيلەر تىنىمسىز ئوت ئاچماقتا. بىزنىڭ قۇراللىق قىسىملىرىمىز ھەرەمباغ تەرەپتىكى زەرەتكالىقتا قارغا كومۇلۇپ ئالغا سىلجىماقتا. تېخى شاھاجىنىڭ بېغىدىن تۇپۇلىككە چىققان جەڭچىلەر سېپى ئارىسىدا فرونت ھەمشىرىلىرى بىلەن تۇراتتۇق.

— قىسىملىرىمىزنىڭ ئالدىنقى سېپى دۇشمەنىنىڭ ئەڭ خەخەۋپلىك پوتەيلىرى جايلاشقان تەرەپكە سىلجىپ كەتتى، — دېگەن ئىدى بىرسى.

رىزۋان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— بىزنىڭ ئەمدى بۇيەردە تۇرغىنىمىزنىڭ ھېچ پايدىسى قالمايدۇ. جەڭچىلىرىمىز ئارىسىدىن ئورۇن تېپىشىمىز كېرەك، — دېدى.

بۇ تەكلىپكە بەزىلىرى ئۇنىغان بولىسىمۇ، بەزى سانىتارىكىلار ئۇنىماي قالدى. رىزۋان ئۆزىنىڭ سوزىدە مەھكەم تۇردى. سومكىسىنى پولاڭلىتىپ باغدىن تۇپۇلىكتىكى زەرەتكالىققا چىقىپ كەتتى. 2 ـ سانىتاركا بىلەن زەرەتكالىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئونچە كىشى پاتقىدەك ئويمانلىققا بېرىپ جايلاشتى. ئۇنىڭ ۋەتەن ۋە خەلق ئۇچۇن يانغان ياش ژۈرىگى قەھرىمان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ پەردىسىدە تېپەتتى. ئۇ تەۋرەپ كەتكەن خەلقنىڭ ئۇستۈن روھىنى، ئەركىنلىك ئۇچۇن پاراقلاپ قايناۋاتقان جەڭنى كورۇپ مەغرۇرلىناتتى. مۇھەببەت ئولۇمنى يېڭىدۇ، دېگەندەك ئوز ۋەتىنىگە، خەلقىغە

بولغان مۇھەببىتى ئالدىدا رىزۋانغا ئۇلۇم ناھايىتى ئاددىي نەرسە كورۇنەتتى. ئۇ، جەڭلەردە ئەڭ خەۋپلىك يەرلەرگە ناھايىتى قىزغىن ۋە قەھرىمانلارچە ژۇگورۇپ باراتتى.

جەڭ ناھايىتى دەھشەتلىك تۇس ئالدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقان مىلتىق، پۇلېميوت ئوقلىرىنىڭ ۋەگراناتلارنىڭ ئاۋازلىرى قۇلاق، مېڭىنى يەپ تۇرۇدۇ. ھەر-بىر قەۋرنىڭ دۇگلانغان توپىلىرى جەڭچىلىرىمىزگە ئوقتىن ساقلىنىشقا پانا بولماقتا. پۇلېميوت ئوقلىرى بولسا، قەۋرلەر ئۇستىدىكى قارلارنى ۋىقىلدىتىپ ئۇچۇرۇپ تۇرۇدۇ.

دۇشمەنىنىڭ بىلىنداۋلىرىغا يېقىن بېرىپ قالغان ئىككى-ئۇچ جەڭچىگە ئوق تەگدى، دېگەن خەۋەرنى ئالغان ھامان، رىزۋان ئالغا قاراپ ئۇچقاندەك ژۇگۇردى. ئۇنى كورگەن ھەربىر جەڭچى:

— توختاڭ!!

— توختاڭ رىزۋان!

— ئورە ماڭما ھوي، سىڭلىم! — دەپ ۋاقىرىشىدۇ.

رىزۋانىنىڭ قۇلىغىغا كىشىلەرنىڭ ۋە ئوقلارنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايدۇ، ئۇنىڭ قۇلىغىدا پەقەت «جەڭچىگە ئوق تەگدى» دېگەن بىرلا قايغۇلۇق ئاۋاز شىۋىرلايدۇ. مانا شۇنىڭغا ياردەم قىلىش كېرەك. ئۇ، مولدۇردەك يېغىۋاتقان ئوق ئاستىدا كۇچىنىڭ بېرىچە ئورە ژۇگورۇپ كېتىپ بارىدۇ. چىڭ باغلى-

غان تاسما بەلۋېغىغا يوغان قاچا قىستۇرۇۋالغان. قولىدا بولسا، داكا ۋە پاختا سېلىنغان سومكا پۇلاڭلاپ تۇرۇدۇ.

ئۇ ياردار بولغان ئىككى جەڭچىنىڭ يارىسىنى تېڭىپ، ئارقا سەپكە ئېۋەتكەندىن كېيىنلا ۋزۋود كوماندىرى ئەڭ خەۋپ-لىك يەردە ئېشىدىن يارىلىنىپ ژىقىلدى. رىزۋان ئۇنى كوردى-دە، شۇ تەرەپكە ژۇگۇرۇپ كەتتى.

كوماندىر، دۇشمەنىنىڭ پۇلېميوت ئوقى ئۇچ تەرەپتىن قايچا ئوتۇشۇپ تۇرۇدىغان خەتەرلىك جايدىن ئون قەدەمچە نېرىدا تۇرغان ئەسكى تامغا يېتىۋېلىشقا ژۇگۇرگەنىدە ئوق يېگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ ياردارنى ئېلىپ چىقىشقا ھېچكىم جۇرئەت قىلالماي تۇرغان بىر چاغدا رىزۋان ژۇگۇ-رۇپ يېتىپ كەلدى-دە، ئۇنى ئوزى نىشانلىغان چولاق تامغا سورىدى. ئۇشقىتىپ ئۇچۇۋاتقان ئوقلار رىزۋان بىلەن ياردار-نىڭ ئەتراپىدىكى قارلارنى ئۇچۇرۇپ تۇرۇدۇ. لېكىن مەرت رىزۋان ئوقلارنىڭ تەرسالىنىپ كەلتۇرۇۋاتقان ئولۇم خەۋەرلىرى بىلەن بىر مۇھېسابلاشمايدۇ، ئۇ، كوزلىگەن ئون قەدەمدىكى چولاق تامغا ياردارنى يەتكۇزۇپ بېشىنى تاڭدى ۋە ئاغزى-بۇرنىنى سۇرتۇپ ھۇشىغا كەلتۇردى. كوماندىر ئولۇم ئاغزىدىن قۇتۇلدى.

جەڭچىلەر دۇشمەنىنىڭ دەھشەتلىك قارشىلىغىنى سۇندۇ-رۇپ، ئىلگىرى كېتىپ باردۇ. خەۋپلىك جايدا يەنە بىر جەڭچى ياردار بولدى. رىزۋان ئەمدى ئارقىغا قاراپ يارى-

دار جەڭچىگە زۇگۇرگەن ئىدى، دۈشمەنـنىڭ ئوقى كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا تەگدى.

ــ ئاھ، رىزۋان! ــ دەپ زۇگۇرگەن ئىدى دوستلىرىدىن بىرى، زۇرەكتىن فونتانىدەك ئېتىلىپ چىقـقان بۇ ئاۋاز شەپـقەت ھەمشىرىلەر ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى چوچۇتىۋەتتى. ھەمـمىمىز ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاشتۇق. رىـزۋان كوزىنى مەھكەم ژۇمۇپ، چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ ياتاتـتى. ئۇنىڭ يۈزىدىن ئەگىپ ئېقىپ چۇشۇۋاتقان قىپ ـ قىزىـل قان ۋە تال ـ تال بولۇپ يۈزىگە چېچىلغان قاراچاچـلىرى ئۇنىڭغا ئاجايىـپ بىر سۇر پەيدا قىلغان ئىدى.

ئۇنىڭ بېشى مارلى بىلەن مەھـكەم تېڭىلىپ گوسپىـتالغا ئېۋەتىلدى. ئۇزۇتۇپ قالغۇچىلار بولسا، ئېچىنىشلىق چوڭقۇر ھەسرەت ئىچىدە ئورە تۇرۇپ قېلىشتى.

شۇ كۈنى ئازاتلىق ئۇچۇن بولغان قايناق جەڭلەردە شەپقەت ھەمشىرىلىرىمىزدىن يەنەبىرى ــ رازىيەممۇ ئېغىر ياريدار بولدى.

شەپقەت ھەمشىرىلىرىمىزمۇ خەلقىنىڭ ئەركى ئۇچۇن دۈشـمەنگە قارشى كۇرەش مەيدانىدا شەھىت بولغان ۋەتەنىنىڭ قەھـرىمان، ئېزىز پەرزەندىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

كۇرەشچان تارىخىمىزغا بەتلەرياراتقان ئازاتلىق قۇربانلىـرىنىڭ شەرەپلىك نامى، خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۇگە ياشايدۇ.

1948 ـ ژىل، نويابىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇئەللىمنىڭ خېتى

## (ھېكايە)

مۇئەللىم كونۋېرت ئۈستىگە «بۇخەت غۇلجا شەھرىدە تۇ-رۇشلۇق ئانام چىمەنخانغا تەكسۇن» تونۋىنىڭ «ئۈرۈمچى شەھرىدىكى ئوغلىڭىز روزىدىن» دەپ يازدى. ئەمدى يېزىل-غان بۇ سالام خەتنى ئانىسىغا قانداق قىلىپ ئېۋەتىشنىڭ چارى-سىنى ئويلاپ ئۇ چوڭقۇر خىيالغا چومغان ئىدى.

ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا مايلىشىپ قارىداپ كەتكەن بىر ئۈس-تەل تۇرۇدۇ. بۇ ئىشلەش ھەم تاماق يېيىش ئۈستىلى. كېچىسى بولسا، يېتىش ئۈچۈن كارۋاتنىڭمۇ خىزمىتىنى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈستەلگە يېيىلغان جاپاكەش كورپە، ياستۇق ۋە قالا يـ-مىقان چېچىلىپ ياتقان كىتاپ، دەپتەر، قەغەزلەر كىرلىشىپ ژىرگىنىشلىك تۈس ئالغان ئىدى. ئۇنىڭ تام ـ تورۇسلىرىدا ساڭگىلىشىپ تۇرغان ئۆمۈچۈك تورلىرى ئىسلىشىپ، قارا رەڭگە بويالغان. ئۈستەل يېنىدا سۆگى يەنچىلىپ كەتكەن ئەسكى چېۋەكتىن باشقا كوزگە كورۈنەرلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى

مۇئەللىمنىڭ ياستۇغى ئاستىغا جايلىشىپ كەتكەن. پەنجىر-
نىڭ ئۇيۇغىدا ئىسلىشىپ كەتكەن كۆرۈشكا بىلەن بىردانە
قارا ھېچىر تۇرۇدۇ. ئىشكىنىڭ يېنىدىكى تۈۋىكەك، جۇمگى
ئۈزۈن بىر چوگۇن چاي دەملەش ئۈچۈن ھەم يۈز ژۇيۇش
ئۈچۈن كېرەك بولۇپ تۇراتتى. يەنە ئاغزى ماكچىيىپ كەت-
كەن بىر ئەسكى چامدانىنى ئېيتىۋارغا ئالساق بۇ ئويدىكى
ھەممە جابدۇقنى ساناپ تۈگەتكەن بولۇمىز.

چامغۇرغا ئورنۇتۇپ قويۇلغان شامنىڭ پىلىسى ئوسۇپ،
ئىسلاشقان بۇ زەي ئوينىڭ ئىچى بارغانسىرى قاراڭغۇلاشماقتا.
پەرۋانىلار شامنىڭ پىلىلدىغان كۆچسىز نۇرىنى سىلكىتىپ مۇئەل-
لىمنىڭ خىيالىنى تېخمۇ تۇمانلاشتۇراتتى. كوچا تېخمۇ
قاراڭغۇ. ئۇرۇمچى شەھرىنىڭ ئاسمىنىدا يۇلتۇزلارمۇ كورۇن-
مەيدۇ. گويا شەھەر تا ئاسمانغىچە كومۇرگە ئايلىنىپ قاپقارا
بولۇپ قېتىپ قالغان. ئەل قاتتىق ئۇيقۇغا چومۇپ، پۈتۈن
ئەتراپتا ئولۇم جىمجىتلىقى ھوكۇم سۇرەتتى. ناھايتى بۇ
سۇرلۇك كېچىنىڭ تېچلىقىنى قەيەردىدۇر، ژىراق يەرلەر-
دىن ئاڭلىنىۋاتقان كوكەمە ئىتلارنىڭ ئاچچىق قاۋاشلىرى
ۋە پەنجىردىكى قاتتىق نان پارچىلىرىنى غاجاۋاتقان چاش-
قانلارنىڭ كىتىرلاشلىرى بۇزۇپ تۇراتتى. ئوينىڭ قاراڭغۇ-
لىشىشى بىلەن مۇئەللىمنىڭ ھەركەتسىز- جىم بولۇپ قالغانلى-
غىنى سەزگەن چۇچۇنلار ئومۇلۇشۇپ، بۇرگۇلەر بولسا، سەك-

www.uyghurkitap.com

رىشىپ ئۇنىڭ قېنىنى شوراشقا كىرىشتى. لېكىن مۇئەللىم بۇ ھادىسىلەرنىڭ ھېچقايسىنى سەزمەيدۇ. ئۇ مەيدىسىنى ياستۇققا قويۇپ، بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئالغان ھالدا جەسەنىگىنىڭ ئاغرىشىنىمۇ تۇيماستىن قىمىرلىماي دۇم ياتىدۇ. ئەگەرچە تېنى قارىغان كىشى ئۇنىڭ ئۇيقۇدا ئىكەنلىكىنى ياكى ئۇيغاقلىقىنى پەرق قىلالمايتتى.

— روزى، روزى، ھاي روزەم!

پەنجىرىدىن كىرىۋاتقان تۇيۇقسىز ئاۋاز مۇئەللىمنى سەسكەندۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ چىگىش كىرىپ كەتكەن خىياللىرى دەھشەتلىك بىر قورقۇنۇچقا ئورۇن بېرىپ قەيەرلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ بېشىنى كوتەردى ــ دە، بىر نۇقتىغا قاراپ بەزگەك كىشىدەك تىترەشكە باشلىدى. چۇنكى مۇشۇ ھالەتتە ئۇنىڭ كوز ئالدىدا جاللات شىڭشىسەينىڭ خەلققە كورسۇتۇۋاتقان دەھشەتلىك قانلىق كارتىنىلىرى ئوتۇشكە باشلىغان ئىدى:

مىڭلاپ ــ مىڭلاپ كىشىلەر تۇيۇقسىزلا كوك ماشىنىغا چۇشۇپ غايىپ بولاتتى. ئۇلار نىمە گۇناقىلدى ۋە نەگە ئېلىپ كېتىلدى؟ ئۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. لېكىن تۇرمىلەردە بولۇۋاتقان ھاقارەت، زورلۇق، زۇلۇم، ۋەھشىلەرچە قىيناشلار، ئادەم سويۇدىغان قۇشخانىلاردا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قانلىق پاجىئەلىرىدىنمۇ نەچچە ھەسسە دەھشەتلىكرەك قىيناپ ئولتۇرۇشلەرنى سىزەتتى.

مۇئەللىمنىڭ بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىنىڭ تولىسى بىر كىچىدىلا كوك ماشىنىغا چۈشۈپ يوقاپ كەتكەن ئىدى. ئەنە ئۇلارنىڭ بىرىنى ئادەم ئوغۇرلىرى بېشىنى چۈگكەپ ھايۋانىدەك يىتىلەپ كېتىپ باردۇ. ئۇنى بۇگۈن سويسا كېرەك.

ئۇنىڭ كوز ئالدىغا: قارنى يېرىلغان، باشلىرى مىجىلغان ياكى ژۇرەكلىرى سۇغۇرۇپ ئېلىنىپ، تىللىرى كېسىلگەن گەۋدىلەرنىڭ قانغا مىلىنىپ يېتىشلىرى، ئوزىنىڭ تىرىك كومۇلىدىغان ئورىسىنى كولاۋاتقان بىچارە مەھبۇسلارنىڭ ھالسىز ھەسرەتلىك قىياپەتلىرى، تاغ ئارىسىدا قاغجىراپ ياتقان ئادەم بېشىنىڭ قۇرۇق سۇگەكلىرى قاتار تىزىلىپ كەلدى.

مۇئەللىم ئادەم قاسساپلىرىنىڭ بۇگۇن چولىسى تېگىپ بۇيەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىغا جەزمەن ئىشەندى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ، ئۇلۇق-كىچىك بىر تىنىدى-دە، ئالدىراشلىق بىلەن قالايمىقان كېيىنىشكە باشلىدى.

—ھەي روزى، روزى بارمىسەن ئوزەڭ!

—مەن، مەن... مانا ھازىر، —دېدى مۇئەللىم ھودۇقۇپ، —خاپا بولماڭلار... چاپىنىمنى...—ئۇنىڭ ھاسىرىغان ئاۋازى پەنجىرىدىن ھويلىغا ئاشكارە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

—قورقما ھوي روزەم! مەن سادىق. ئىشىكنى ئاچ.

مۇئەللىم روزى ئوزىنى تامام دەھشەت ئوراپ ئالغانلىقىنى ئەمدى سەزدى. پىشانىسىدىن بۇژسىلداپ چىققان تەرنى چاپى-

www.uyghurkitap.com

نىنىڭ يېڭى بىلەن سۇرتۇپ:

— ۋاي خۇپپەر! كېچىدە كېلىپ ئادەمنى شۇنچىمۇ قورقۇتامسەن، — دېدى-دە، ئىشىكنى ئاچتى.

هازىر ئۆيگە كىرگەن مېهماننى دەررو قاراشتا مۇئەللىمنىڭ دوستى سادىق دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. نىمىشكە دېسىڭىز، ئۇنىڭ بالدۇرقى ئاق دومىلاق يۈزى قارايغان، كۆزلىرى ئىچكىرى كىرىپ، كۆزلىرى چوڭقۇر چاناق ئىچىدە پىلدىرلاپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى كىلىشكەن گەۋدىسىمۇ ۋىجىكلەپ قالغاندەك بولۇپ كورۈنەتتى. ئوكۇپ، ژىرتىلىپ كەتكەن كىيىم-كېچەكلىرى ئۇنىڭ هازىرقى قىياپىتىنى تېخىمۇ سەت كورسۈتەتتى. سادىق هوشىنىسىدىكى توپىغا چومۇلغان بوپسىنى پەنجىر تۈۋىگە قويۇپ ئولتۇردى-دە، روزىنىڭ ياتىغىنى كوزدىن كوچۈرۈپ:

— بەللى ئاداش، سەن مەندىنمۇ ۋەيران ئىكەنسەن. ئوقۇتقۇچىنىڭ تۇتقان ئۆيى شۇنداق پاسكىنا بولامدۇ؟

— خاتىرجەمسىز هاياتتا قۇلۇك قانداق ئىشقا باردۇ ئاداش. كوكۇللۇك ئۆي تۇتۇش ئۇچۇن، كوكۇللۇك تۇرمۇش كېرەك، — دەپ روزى شامنىڭ پوتلىسىدا كويگەن قولىغا تۇكەدى.

— هازىرقى روهى چۇشكۇنلۇك، ئەندىشىلىك ئەهۋالىمىزدا بۇ سوزنى قىلىشقا هەقلىقسەن. ئەمما ئوقۇتقۇچى بولغان كىشىنىڭ ئوزىنى تۇتالماسلىقى، بىپەرۋالىقى ئوسال ئىش.

— پەلسەپە ساتمساگچۇ. ھويلىغا نەدىن كىردىڭ؟ — دېدى روزى، سادىقنىڭ گېپىنى كېسىپ.

— ۋاقىراپ-ۋاقىراپ ئاگلىتالماي، ئاخىرى تامدىن چۈشتۈم.

— ئوغۇرلۇقنىمۇ ئوگۇنۇپسەندە ؟

— ئەھۋال مۇشۇنداقلا بولسا، ھەر نىمە بولۇمىز-دە، — دېدى سادىق بېشىنى لىڭشىتىپ. ئۇ غەزەپلىنىپ مۇشتىنى تىزىغا ئۇرۇپ ئولتۇرۇپ سوزىنى داۋام قىلدى، — بۇ گومىنداگچىلار-نىڭ پەيلى مۇشۇنداقلا بولىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ بىزنى بەخت-سائادەتكە، مەدىنىيەتكە ئېلىپ بارىمىز دېگەنلىگى مەلۇم بولدى. خەلق ئاچ-يالاگغاچ قېلىپ خورلۇق، گاداي-لىق، نادانلىق ئاپەتلىرىگە ئۇچرىدى. خەلقنى مەدىنىيەتكە باشلايدىغان مۇئەللىملەرنىڭ ئەھۋالى مانا مۇشۇنداق.

بەخت-سائادەتنىڭ جايى زىندان بولدى. تەقىپ قىلىش، چېقىمچىلىق، مۇتەھەملىك، خىيانەت، توھمەت، ئوغۇرلۇقلار ئۇچىغا چىقتى. تېخى بۇ گىزەندىلەر ئۇيالماستىن ئۈچ ۋىلايەت-تە زۇلۇمغا، ھوقۇقسىزلىققا قارشى قوزغالغانلارنى ئوغرىلار دەپ تەشۋىقات قىلىۋاتىدۇ. ئوز ھوقۇقى ئۇچۇن كۇرەشكۇ-چىلەر ئوغرى بولسا، خەلقنى بۇلاپ-تالىغۇچىلارغا، ھوقۇقنى ئاياق ئاستى قىلغۇچىلارغا نىمە دەپ نام بېرىشكە بولىدۇ. مانا بۇ تالاش ئۇستىدىن ئادىل ھوكۇم چىقارغۇچىلار گومىنداگ-چىلارنى ئوغرى دەپ، ئازاتلىقنى تەلەپ قىلغۇچىلارنى توغرى

دەيدۇ. ھە، روزى مانا قارا ئەگەر بىزمۇ ئازاتلىقنى خالايدىكەنمىز، مۇنداق بۇلۇڭ ـ پۇشماقتا ئىسلىشىپ كىرگە، ئەخلەتكە چوكۇپ ياتقىچە ئۈچ ۋىلايەتتە باشلانغان كۈرەشنىڭ ماھىيىتىنى خەلققە چۈشەندۇرۇپ، خەلق ئازاتلىقى يولىدا قولىمىزدىن كەلگەن ياردىمىمىزنى كورسۇتۇشىمىز كېرەك.

— توغرى ئېيتتىڭ سادىق، ئەلۋەتتە مۇنداق پەيتتە بىز جەڭگە كىرەلمەي قالغان بولساقمۇ، بۇ يەردىكى خەلققە كىم ئوغرى ـ كىم توغرى، يەنى دوست كىم، دۈشمەن كىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى قەرز.

ئىككى مۇئەللىم خېلى ۋاقىتقىچە سوزسىز جىم ئولتۇرۇشۇپ قالدى.

روزى بېشىنى ئاستا كوتۈرۈپ، سادىققا بىرنىمە دېمەكچى بولۇپ، يەنە توختاپ قالدى. نىمىشكە ئۇ كوڭلىگە كەلگەن سوزنى دوستىغا ئېيتالمىدى. چۈنكى روزى ناھايىتى ئېھتىياتچان ئىدى. ئىككىنچىدىن، بۇ ۋاقىتتا كىشىلەر بىر ـ بىرىگە ئانچە ئىشەنمەس بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن روزى ئۈرۈمچىدىكى ياشلار ئىچىدە گومىنداڭغا قارشى بولۇۋاتقان مەخپىي ھەركەتنى سادىققا تامامەن سوزلەپ بېرىپ، ئۇنىمۇ بۇ ھەركەتكە تارتىشتىن قورقتى. «كىم بىلىدۇ، بىر قانچە ۋاقىتتىن بېرى سادىق قەيەرلەردە، كىملەر بىلەن بولدى. بىر ـ بىرىنى تۇتۇپ بېرىدىغانلار ئازمۇ ھازىر...» دەپ ئويلىغان

ئىدى. لېكىن روزىنىڭ سادىق توغرىسىدىكى مۇنداق گۇمان-لىق ئويلىرى توغرى ئەمەس ئىدى.

سادىق كۈلۈمسىرەپ:

— ھە، بىرنىمە دېمەكچى بولۇپ توختاپ قالدىڭمۇ؟ سوزلە قوقانچاق، — دەپ روزىغا قارىدى.

— قويساڭچۇ سادىق! — دېدى روزى بىرنەرسىدىن زېرىكەن-گەندەك چىرايىنى تۈرۈپ، — ئۆزەڭنىڭ ئەھۋالىڭ قانداق ئاداش؟

— نىمىنى سورايسەن. جويستىڭدا سەندۇبادىكى مەك-تەپكە شوجاڭلىقتا سايلاندىڭ دېگەن بۇيرۇقنى ئاڭلاپ چىق-قىنىمدا سىلەر «مانا سادىق مۇدىر بوپتۇ، بىز بولساق مۇئەللىم. بەختىڭ بار ئىكەن — بەختىڭ» دېيىشىپ مېنى تەبرىكلىشىپ قالدىڭلار. مەن سىلەر بىلەن خوشال خوشلۇشۇپ ھارۋا ئىستەپ دەڭ — دەڭگە ژۈگۈرۈپ كەتتىم. ئاخىرى ئولەمەن بىر كالا-ھارۋىسىنى تېپىپ، شۇنىڭ بىلەن يولغا چىقىپ، ئۈچ كۈن دېگەندە ئەتراپى سازلىق، قومۇچلۇق بىر جاڭگال ئارىسىدىكى يېزىغا چىقتىم.

شەنجىڭفۇدىكى بورىلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان زەي بىر تاشلاندۇق ئويدە بەش كۈن قوندۇق. چىلە يۇراپ تۇرۇدى-غان سېپىسقچىلىقتا پاشىنىڭ دەستىدە قېنىپقىنە بىردەم ئۇخ-لىيالمىدىم. بەش كۈن ئىچىدە ھېچكىم مەن بىلەن تونۇشۇشقىلى كەلمىدى، ياكى قىلىدىغان ئىشىمغا ئېنىق تەمىدى. توغرىسى

مەن بۇيەرگە ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسى بىلەن چىقتىمۇ ياكى مەھبۇس بولۇپ پالاندىمۇ ئۇنى ئاجرىتىپ ئالالمىدىم. ئىسىت بىر نەچچە ژىل ئوقۇغۇنۇم نەگە كەتتى. ژىراق يەرلەردىن كېلىپ ئوقۇغۇنۇمغا مىڭ پۇشايمان قىلدىم. ئاخىرى چىدالمىغىنىمدىن كېيىن، سۇلساڭ بىراق سۇلا ياتامەن دېدىم ـ دە، باتۇرلۇق قىلىپ شەنجاڭنىڭ ئالدىغا توپ ـ توغرى كىرىپ باردىم. شەنجاڭ بىر قولىدا تاماكا، بىر قولىدا چاي قويۇلغان ستاكاننىڭ توپىسىدىن تۇتۇپ ئالدىدىكى قەغەزگە قاراپ ئولتۇرۇپتىكەن. ماڭا بويىنىنى بۇراپ گەپ قىلماستىن قاراپ تۇردى. مەن ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن ھېچنەرسە ئۇقالمىدىم ـ دە،

— شەنجاڭ جاناپلىرى مەن نىمە ئىش قىلىمەن؟ ئالتى كۈن بولدى، زېرىكىپ ياتىمەنغۇ، دېدىم ـ دە، قىزىرىپ تىترەپ كەتتىم. ئۇ بىپەرۋالىق بىلەن ھىجىيىپ، ئازىراق ئويلىۋالغاندىن كېيىن:

— بۇيەردە ھازىر ئۇيغۇر مەكتىۋى يوق. سەن خاتا چىقىپ قاپسەن، — دېدى.

— ئانداق بولسا مەن قايتىپ كېتەيمۇ؟ — دېگەن ئىدىم شەنجاڭ خۇددى مەندىن شۇگەپنى كۈتۈپ تۇرغان بولسا كېرەك ئەتىمالىم.

— مۇمكۈن. سەن ئىشلىيەلمەيدىكەنمەن دەپ بىر پارچە ئەرز يېزىپ بېرىپ ئاندىن كەتسەڭ بولۇدۇ، — دېدى ئۇ بىشىنى

لگشتىپ. كېيىن قولىدىكى تاماكىسىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى چېكىۋېتىپ، ستاكاندىكى چاينى سۇمۇرۇپ جىم بولۇپ قالدى.
شۇكۇنلا ئەرز يېزىپ تاپشۇردۇم. شەنجاڭ مەندىن قۇتۇلغانغا خوش، مەنمۇ ئېگىسىز ئىتتەك كەچكىچە زەي يەردە زېرىكىپ ئاچ يېتىشتىن قۇتۇلغىنىمغا خوش. شۇ كۇنى كەچ كىرگەنگە قارىماي بوپامنى دۇمبەمگە ئارتىپ، پىيادە يولغا چۇشتۇم. مانا بۇگۇن ئۇرۇمچى شەھىرىگە كەلگىلى 3 ئاي بولدى...
— ئۇچ ئايدىن بېرى نىمە ئىش قىلدىڭ؟
— ساي باققا كېلىپ كىسەك قۇيدۇم.
— بەللى، مۇنداقمۇ ھۇنۇرۇم بار دېگىن.
— زەي يەرگە كىرىۋېلىپ، سازاڭدەك بىكار ياتقاندىن كورە، ئەمگەك قىلىش قانداق ياخشى. قورساقمۇ تويۇدۇ، تەنمۇ چىنىقىدۇ.
— ھە، مۇدىر ئىش شۇنداق دېگىن.
— مەنمۇ سىپەننى تۇمشۇغۇمنى تىرەپ ژۇرۇپ تۇگەتكەن ئىدىم. ئاخىرى مۇئەللىم بولالىماي قالدىم. سەن ئوزەڭ نىمە ئىش قىلىۋاتىسەن، — دەپ سورىدى سادىق.
— مېنىڭ مۇئەللىملىگىم سېنىڭ تەنتىرەپ ژۇرۇشۇڭدىن ئانچە پەرق قىلمايدۇ، بۇ ئەھۋاللارنى ئاتا - ئانىمىزدىن يوشۇرۇپ قېلىشقا ئانچە ئورۇنمۇ قالمىدى ئاداش، — دەپ روزى مولايىم بىر قىياپەتتە ياستۇق ئاستىدىكى خەتنى ئېلىپ سادىققا ئۇزاتتى. سادىق ئوقۇشقا كىرىشكەن خەتتە مۇنداق

سوزلەر يېزىلغان ئىدى:

«سېغىنىشلىق سالام خەت.

مېھرىۋانىم ئانا! غەم ـ قايغۇلار ئىچىدە قالغان دەرتلىك ئوغلۇڭ روزىدىن سالام!

جېنىم ئانا! ئېسىمدىن زادى چىقمايدۇ. سەن كەچ كۇزنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى مېنى ژۇيۇندۇرۇپ، چىرايلىق كىيىندۇردۇڭ. گۇل ـ لەپ تىكىلگەن جىلتىنى بويۇمغا ئېسىپ قويدۇڭ. ئانىلىق مېھرىڭنى چېچىپ، يۇمشاق قولۇڭ بىلەن بۇدرە چاچلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ «مېنىڭ ئوغلۇم بۇگۇندىن تارتىپ، بەخىت يولىغا كىردىڭ. جۇر قارا كوزۇم مەن سېنى بەخىت ئويىگە تاپشۇرۇمەن» دەپ مەلىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردىڭ. مەن شۇ كۇندىن تارتىپ ئوقۇشقا كىرىشتىم. مانا بۇ ژىل توغرى 13 ژىل ئوقۇدۇم.

قارىغىنا! مېھرىۋان ئانا چىرايىمغا. مەنمۇ بۇرۇن ئالدىڭدىكى بالاڭغا ئوخشاش بۇدرۇقىنا، قىزىل يۇزلۇك ئوغلۇڭ روزى ئەمەسمىدىم. شۇنداق، مەن شۇ روزى. بىراق ھازىرقى ھوقۇقسىزلىق، ئەندىشىلىك ھاياتىمدا 22 ياشلىق روزىنىڭ سەن سىلىغان قارا بۇدرە چاچلىرى ئاقاردى. چىرايلىرى ساغرىپ، پىشانىسىغا سىزىقلار تارتىلدى.

جېنىم ئانا! باراۋەر ھوقۇققا ئېگە بولغان جايلاردىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشلەرنىڭ بەختلىك ھاياتىنى كورۇپ، «ژۇ-

رەك پارەم ئوغلۇمنى ئوقۇتسام، بەختلىك بولار» دېگەن شىرىن ئارزۇلار بىلەن بار-يوقۇڭغا قارىماي مېنى ئوقۇتقان ئىدىڭ. لېكىن مەن بەختسىز بولۇپ چىقتىم. خاتىرجەم ئەمەسمەن. ھەتتا ئۆزەمنىڭ سايىسىدىن ئۆزەم قورقۇدىغان بولۇپ قالدىم. ھەر كۈنى چۈشۈمدە زىندان، ئۆلۈم، زۇلۇم كورۇمەن.. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرنۇمغا ھېمىشەم قان پۇرىقى كېلىدۇ، ژۈرۈگۈم سىقىلىدۇ...ياق، مەن تۇغۇلغاندا مۇنداق بەختسىز، بىچارام ئەمەس ئىدىم. كېلەچىگىمنىڭمۇ بەختسىز ئەمەسلىكىگە ئىشىنىمەن. ئانا ئوغلۇڭنى ھازىرچە بەختسىز قىلغان ۋە ئۆز خەلقىغە مۇئەللىمنى رودو قىلىپ سەت كورسەتكەن نەرسىنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنىمۇ ياخشى چۈشەندىم. ئۇ-تەڭسىز جەمئىيەت، ئۇ-ئىستىبدات ھاكىمىيەت.

ئاناسلەر ئىلدا تۇرۇپ كۈلۈۋاتىسلەر! بىزنىمۇ سېغىنغانسىلەر؟ خوشاللىغىڭلارغا، بەختىڭلەرگە بىزنىمۇ شىرىك قىلىڭلار كېلىدىغاندۇ؟ سىلەرگىمۇ مۇئەللىم كېرەكتۇر. مەن ياخشى بىلىمەن، ئەلۋەتتە كېرەك. ئۆز بالىسىدىن، ئۆز ئانىسىدىن، خەلقىدىن، ۋەتىنىدىن كېچىدىغان كىشىلەر سېنىڭ بىلەن بىز ئەمەس. مېھرىۋان ئانا! ئوغلۇڭ بۇنىڭدىن ئۆزگەرىدىمىكىن دەپ ھەرگىز گۇمان قىلما. مەنمۇ ئازاتلىق يولىدا، بەخت يولىدا كۈرەشكە تەييار!

1945 - ژىل، ئاۋغۇست.»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

# ماغدىر كەتكەندە

## (ھېكايە)

## I

بىز تېخى كىچىك ئىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن دادىمىزدىن قالغان بىر نەچچە خويەرنى ئۆزىمىز تېرىپ، باشقۇرالمايتتۇق. مەلىمىزدە ئۆزىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن يەرلىرىگە دېخانچىلىق قىلىپ، يەنە يېرىنى تېرىيالمىغان بىر نەچچە دېخانلار بىلەن ئورتاقچىلىق قىلىدىغان بىرخوجايىن بار ئىدى.

بىر ژىلى بىزمۇ شۇ ئادەم بىلەن ئورتاقچىلىق قىلدۇق. ئەرتە يازدا ئۇنىڭ ژىللىقچىلىرى كېلىپ ئالتى قوش بىلەن بىر كۈندىلا بىزنىڭ تورت خو يېرىمىزنى ھايداپ، ئۇرۇقىنى توپىغا كومۇپ بېرىپ كەتتى.

يازىچە بۇغدايىنى سۇغۇرۇپ، ئاسراپ ئوستۇردۇق. مانا ئەمدى كۈزدە بۇغدايىنى بىز ئورۇپ، خامان ئېلىش ئۈچۈن بىر ئادەم بېرىدۇ، تولۇقنى بىز ھايدايمىز.

ئۇ بېشىنى توۋەن ساڭگىلاتقان ھالدا، ئارىنىڭ ئۇچى بىلەن چۆيۈندەك قاتقان يەرنى سىجاپ ئولتۇراتتى. مەن تولۇق ھايداۋاتاتتىم.

كۈن نەيزى بويى ئورلىگەندىن تارتىپ نامازدىگەرگىچە بىر دايىرىنى ئايلىنىۋېرىش ۋە تولۇقنىڭ بىر خىل گۈپۈلدىگەن ئاۋازى مېنى زېرىكتۈرەتتى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۈستىخانلىرىم ئاجراپ كەتكەندەك بولۇپ، پۈتۈن ئەزالىرىم سىقىراپ، ھاردۇق يېتىپ قالغان ئىدى. ئۈژۈم تايىغى بىلەن ئاتنىڭ چىۋىسىغا كۈچۈمنىڭ بېرىچە بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇمەن، دېۋىتىپ تىزگىنىنى سىلكىيمەن. ئات يەنە قېتىراپ كېتىدۇ. بەش-ئالتى قېتىم چوگۇلۇپ قويۇپ ئېغىر ژۈك تارتقاندەك ئاستا مېڭىشقا باشلايدۇ. مەنمۇ ئارام ئالغاندەك بولۇپ، دېمىغىمدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ خىيال سۈرۈپ كېتىمەن: «دۇكاندارلارنى قارا، ئۇلار ئاپتاپتا كويمەيدۇ، تەرلىمەيدۇ، سۇ سېپىپ قويۇپ سايىدا جىم ئولتۇرۇشىدۇ، قانداق راھەت. «خامان ئالماق-شەھەر ئالماق» دېگەنلەر راس ئېيتقان ئىكەن. تېخى مۇشۇ دۇگلاغلىق بوغداي باغلىرىنى يۇمشۇتۇش كېرەك. بوغداينى ساماندىن، توپىدىن، چادىن ئاجرىتىپ قىپ-قىزىل چەش قىلىش كېرەك. چەش

www.uyghurkitap.com

بۇرنى ئايرىمىز . قەلەنىدەرلەر ژۇگۇرۇشۇپ كېلىدۇ. ئۇلارغا بىر ـ ئىككى گۇرجەكتىن كەپسەن بېرىمىز . ئۇكۇنى خامانغا مانتۇقويغانلارغا ئىككى پۇت بېرىمىز . ئومىچىلارغا تورت خوبۇغداي بېرىش كېرەك . ئوندىن بىرىنى ئوشرىگە ئايرىمىز ، ئانىدىن چەشنىڭ ئالىدىدىكى دانلىغراق يەردىن خامانىدىلا ئۇگۇت ئېتىپ دەننى قاچىلاپ قويۇش كېرەك . هەم دەن ، هەم ئوشرە ئالسا ، دىخانلارغا ئېغىر بولمامدۇ . بىرسىنى ئالسىمۇ بولۇدىغۇ . بىزمۇ مۇسۇلمان بولغانلىغىمىز ئۈچۈن هەم هوكۇمەتىنىڭ هەم مۇسۇلمانچىلىقنىڭ دىيىنىنى تولەيدىكەنمىز . تېخى هاشارغا ، مەدىكارغا بېرىپ قويغان پۇلىى ئۈچۈن ئورتاقچى خوجايىن يېرىم باهادا بۇغداي هېساپلاپ ئالىدۇ ، ئۇنىڭغا قانچىلىك بۇغداي كېتەركىن . ئارپا ، بىدە سېلىغى بار ، ئۇنىڭغىمۇ بۇغداي سېتىپ بېرىش كېرەك . هارىۋا سېلىغى ، كومۇر سەيىسى ، يەنە مەن بىلمەيدىغان قانداق دەردى بالالىرى باركىن . بۇغدىيىمىزنىڭ ئۇرۇغى تورت خو ، ئەگەر ياخشى بولغان بولسا ، قىرىق خوبولار . بۇنىڭدىن بىزگە ژىگىرمە خو تېگىپ ، ئون خوسى دەنگىلا بېرىلسە ، شۇنىڭ بىلەنلا ژىللىق ئۇزۇقىقا ، كېلەر ژىلى ئۇرۇقىقا ئاشامدۇ ـ يوق ؟ ئاشمايدۇ ، ئەگەر دەنىگە پۇل ئالسا ، باشقا نەرسىلەرنى سېتىپ تۇگۇتۇپ ، ئون خوچە بۇغداي ساقلاپ قويۇش كېرەك ... تورمۇشنىڭ قاتتىق ۋە قاراڭغۇلۇق جايلىرىغا چۇشۇپ قالماي ، قانداق قىلىپ ياخشىراق ـ بەخت

لىك كۈن كوچۇرۇش خىياللىرى مېنى، ئەتراپىمنى ئوراۋالغان ھادىسىلەردىن ئاجرىتىۋېلىپ، ئالدىقانداق تېگى يوق تولقۇنلۇق دېڭىز ئىچىگە ئاتقان ئىدى، ئاتنىڭ تۇيۇقسىز لاقاتتىق پۇرقىشى بىلەن خاماندا تولۇق ھايداۋاتقانلىقىم ئېسىمگە چۈشتى. ئات بولسا، توختاپ قېلىپ بوغداي يەۋېتىپتۇ. خامان تېپىدىغان كىشى ئارىنى قوچاغلىغان بويىچە ئوخلاپ قاپتۇ. ئۇنىڭ چىرايى خۇددى يېپىدىكى سامانىنىڭ رەڭگىدەك، قاپاقلىرى ئۇششۇق، گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرى ئۈستىدە تۇكۇرۇك كوۋۇكلىرى گىژىلداپ، چۈشۈنۈپ بولمايدىغان غىلىتى ئاۋازلار چىقىراپ تۇراتتى. كوينەكسىز تېنىگە كىيىۋالغان ياماق ۋە چىرىپ كەتكەن پەشمىتى، مايلاشقان شاپاق بوكى، ئۇنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈپ كورسۇتۇدۇ. ئۇنىڭ كوكلۇگە غەشلىك سالىدىغان قىياپىتىنى كورۈپ مېنىڭ ئوچلۇكۇم كەلگەندەك بولدى.

«بۇ — بولۇمسىز ھورۇن ئادەم» دەيمەن ئىچىمدە، يەنە ئويلاپ ئۇنىڭغا ئىچىنىمەن، «بۇ گاڭگىراپ كەتكەن ئادەم» مەنمۇ چوڭ بولغىچە يولۇمنى تاپالمىسام، ئەنە شۇنداق تەنتىرەپ قالىمەن.

نىمىشكە نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇنداق يامان كۈنلەرگە قالىدۇ؟ مەن بۇ سوئالنىڭ تېگىگە ئويلاپ يېتەلمەس ئىدىم. يەنە خىيالىم چىگىش كىرىپ كەتكەن لەگلەكنىڭ تانىسىدەك بولۇپ كەتتى.

كوزۇمنى چەكسىز كەتكەن ئېتىز باغرىغا تاشلىدىم.

بىر - بىرىگە تۇتۇشۇپ سوزۇلغان ئېگىزلار ئاپتاپتا شاپ-سېرىق ئالتۇندەك تاۋلىناتتى. ئېرىقنىڭ قىرلىرىدىكى چويلەر ۋە دەل - دەرەخلەرلا يېشىل بولۇپ كورۈنەتتى. ئۇياق، بۇ ياقتىكى خامانلاردىن ئاسمانغا فونتان بولۇپ ئېتىلىۋاتقان توپانلار ۋە بۇغدايلىقلاردا مۈكچۈيۈپ، بەس - بەس بىلەن ئومۇلەپ كېتىپ بارغان ئادەملەرنىڭ ھەركەتلىرى توپىغا چېچىلىپ كەتكەن دانلارنى ژىغىۋېلىش ئۈچۈن باشلانغان كۆرەشنىڭ جىددىي ئىكەنلىكىنى كورسۈتۈپ تۇراتتى. ژىراق جايلاردىن ئوما ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇرۇدۇ:

ئومنى تولا ئورۇپ،
بىلىگىڭ تالدىمۇ يارىم.
ئازكۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
ژۈرىگىڭ قاندىمۇ يارىم.
«ئالتۇنۇم، ئامرىغىم، ئۇمىغىم...»

ئوھو! نە قاتارلىق چىرايلىق ناخشا ئېيتىدىغان ئادەملەر بۇ؟ ئارزۇ - ئارمانلارغا قانمىغان ژۈرەكلەردىن شۇنداق پارقىراپ تۇرۇدىغان ئۇنچىدەك سوزلەر ئۈزۈلۈپ چىقىدىكەندە.

ئەنە ئاشۇ ژۈرەكلەرنى ئېزىۋەتكەندەك دەرتلىك ناخشا ئېيتىۋاتقان ئومىچى ژىگىت تىنىماي ئىشلەپ قانچىلىك ھوسۇل ئالىدىكىن؟ ھە، تايىنلىق، ھەر قاچان ئومىغا يەتكىچە ئۇمۇ

جازانىخورلارغا بىر قانچە قەرزدار بولغانىدۇ. ياخشى، توق تۇرمۇش كوچۇرىمىز دەپ ئارزۇقىلغان، لېكىن ياز بويى ئىشلەپ، ئايىغىدا ھوسۇل ئورنىغا ئارا، گۇرجەكنى قولتۇقلاپ قالغان دىخانلار ئازمۇ...

خامانغا بىزنىڭ ئورتاقچى خوجايىن كەلدى. ئۇ قورسىقىنى ئالدىغا چىقىرىپ، قولىنى كەينىگە تۇتقان ھالدا ماڭا قارىمايلا ئۇخلاۋاتقان ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئوزىمۇ ھازىرلا ئۇيقىدىن تۇرغان بولسا كېرەك ئەتىمالىم. ئاچ بورىنىڭكىدەك قىزارغان كوزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— ھوي باقى! — دەپ ۋاقىرىدى، ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى تاپىنى بىلەن ئىتتىرىپ. — مۇشۇ ئىش بولدىما؟ ئولۇمتۇك.

باقى تەمتىرەپ قوپۇپ:

— يۇمشاپ كېتىپتىمۇ، مېنى نىمىشكە ئويغاتمايسەن؟ — دەپ ماڭا قارىدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرگىچە ئورتاقچى خوجايىن جۇدۇن بىلەن:

— سېنى خامانغا پېرىپ ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋالغىن دەپ ئېيتقىنىمگەن — دە، پىرىم پۇت بۇغداينى ھالاللاپ ئالساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى.

— مىجەزىم يوق، — دېدى باقى، ئارتۇق سوز قىلالماي يەرگە قاراپ قالدى.

— تاشلا ئارىنى! مىجەزى يوق ئىمىش. مىجەزى يوق ئادەم

ئىشلەلمەيمەن دېيىش كېرەك. تەپسە تاغنى ئۆرۈدىغان ئىنسانلار ئىش تاپالماي زۇرۇيدۇ. ھەر ھالدا ئۇششاق پالانچى بار، راپاۋېتىمىز بولۇپ قالسۇن دەپ كۆڭلىگە يېرىم پۇت بوغداي بەرگەننى بىلمەيدۇ. مىجەزى يوق كىشى ئۆزىنىڭ كۆرۈپ كېرىپ ياتسۇن، بۇ، كېسەل ياتىدىغان جاي ئەمەس، بىلىپ قوي بۇ ــ خامان!!

خوجايىنىنىڭ زەردى بىلەن قىلغان ئاچچىق سۆزلىرىنى ئىچىگە زۇتۇۋەتكەن باقى، گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالاپ ئۇلۇق ــ كىچىك تىندى ــ دە، ماتەمــدار كىشىلەردەك بېشىنى تۇۋەن سالغان ھالدا مەلە تەرەپكە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ زۇرۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئۈچ كۈندىن بېرى كېسەلــدىن قىينىلىپ زۇرۇپ ئىشلىگەن ھەققىمۇ بىكار كەتتى. بولمىسا خوجايىن ئۇنىڭ يېرىم جان ئادەم ئىكەنلىگىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئارزان ھەق بىلەن ئىشلىتىشنى ئويلىغان ئىدى. ئەمــدىچۇ، مۇشۇ بانا بىــلەن ئۇنىڭ بىر يېرىم پۇت بۇغدىيىنىمۇ بەرمەيــدىغان بولدى. باقى كەمبىغەل بولغان بىلەن قاتتىق گەپنى كوتۇرەلمەيدۇ. ئىككىنــچىدىن ئۇ ئاشتىن ئولسىمۇ ئەرز قىلىپ بىردىشنى ئېغىر ئالىدۇ. ئۇــ كەمبىغەللەر ئۇچۇن ياقا زىرتىدىغان سوراقچى تېپىش ھەممىدىن تەس ئىكەنلىگىنى ئۆز بېشىدىن ئوتكۈزگەن ئىدى.

## III

باھارخان كىچىككىنە قىزىنىڭ ۋاي سالغىنىغا قارىماي ئۇنىڭ يىپىلىغان پۇتلىرىنى چىراق يېغى بىلەن داغلاۋاتقان ئىدى.

— ئەزىبىرايى خۇدا، تويدۇم مۇشۇكۈندىن، — دېدى باقى قولىدىكى بەتىنىگنى يەرگە ئېتىپ، بىگىز سانچىلغان قولىنى سىلىكىدى، — بۇنىڭ جايى قىغ، ئالۋاستىنىڭ... ئوچاققا تاشلاپ كۆيدۈرۈمەن!

— ئەۋەي تومۇر بولسىمۇ ئۇپرايدۇ، بۇ ژىل قىش چىقسا شۇ بەتىنىكگە 5 ژىل بولۇدۇ. ھېلىمۇ ياز بويى ئۇنى ئاياپ يالاڭغىداق ژۈرۈمەن.

باقى خوتۇنىنىڭ بەتىنىكىسىنى يەنە ياماشقا كىرىشتى. ياماپقۇ ئۇنىڭغا ياماق سېلىۋاتقىنى يوق، كەندىر چىگە بىلەن ئۇياقتىن- بۇياقتىن تارتىپ پۈرۈشتۈرەتتى. چىرىپ كەتكەن قىرىم چاك تۇتالماس ئىدى. باقى بەتىنىكنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ تىكىشكە كىرىشتى. ژىڭنە ئۆتكەن جايغا تۇكۈرۈگىنى پۈركۈپ، بارماق بىلەن بېسىپ تۇرۇپ چىگىنى ئاۋايلاپ تارتاتتى.

ئادەم بويىدىن بىر غېرىچلا ئېگىزلىكتىكى ئوي، بۇنى ئوي دەپ ئېيتقىلىمۇ بولمايدۇ، مومايلارنىڭ «ئالۋاستى كەپىسى» دېگىنىگە ئوخشاشلا بىرنەرسە. ئۇيۇقتا ئورۇن - كورپە نامى

بىلەن بىر قوچاق ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەر تىزىپ قويۇلغان. يەردە ئىككى غۇلاشچە تىتىلىپ كەتكەن كىگىز، چىلەك، چوگۈن، چومۇش، تومۇردىن ياسالغان نەرسىلەر ئەمەس، دېخانلار ئۆزى تېيىنۋالغان قاۋاقلار. ناھايىتى بۇ ئۆيدە پۇلغا يارىغىدەك بىرلا نەرسە — كىچىككىنە بىر قازان. بىراق بۇ قوم قازانمۇ، ياكى چويۇنمۇ بايقاپ ئالالمىدىم. بەلكى جەزمەن قوم قازاندۇر. مەن دېخانلارنىڭ قوم قازان، قوم چوگۈن ئىشلىتىدىغانلىقىنى جىق كورگەن ئىدىم.

ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىدا توشقاندەك تۈگۈلۈپ ئۈچ ـ تۆرت بالا ئولتۇرۇدۇ. ئانا ـ باللارنىڭ بىر ـ بىرىسىدىن پەرق قىلمايدىغان توپا رەڭ چىرايىدىن ئادەمگە يارىشىدىغان ئىسسىقلىق ـ خوشاللىقلار كورۇنمەيدۇ. ھەممە قاپاقلار تورۇك، ئۆيدە غەمكىن بىر جىمجىتلىق ھوكۇم سۇرۇدۇ. «باللىق ئوي بازار، بالىسىز ئوي مازار» دېگەن سوزلەر بۇ ئۆيدە قېنى؟ «ئېھ ـ ئېھ» لىغان ئۈنلەر، قايسى بىرسىنىڭ قاتتىغراق ئېگىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغان ئىدى، دادىسى قاغاشقا باشلىدى.

— سەپرايىمنى ئورلەتمە! ھازىر ئۇجۇقتۇرىۋېتىمەن! يائولمىدى بۇ ئىنجىمارۇق جىن تەككەنلەر... خۇدايىم تىلىگەنلەرگە بەرسە بولمامدىغاندۇ بۇ ئىتنىڭ كۇچۇكلىرىنى...

— نىمانچە سەپرالىق بۇ!؟ جان ئاغرىغاندىن كېيىن داتلىمامدۇ. ئوزلىرىمۇ تاڭ ئاتقىچە غىڭشىپ، يوتۇلۇپ ياتالماي-

دىلمىغۇ، — دېدى باھارخان باقىنى تىكىلىپ.

يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ كەتتى. قارا چىراقتىن بىر غېرىچ ئۆرلەپ تارىلىۋاتقان ئىس، تام تورۇسلارنى قارا رەڭگە بويۇماقتا. ئۇنىڭ ئىچى بارغانسىرى گوڭگۇملىشىپ ئىچىدىكى ئادەملەرنى خىيالىي بىر گەۋدىلەرگە ئايلاندۇرماقتا. مەن، ئاچچىق زەردە گە پەلەر بولۇپ تۇرۇۋدىغان بۇ ئۆيگە كىرىشتىن كەچتىم. بىچارە ئادەمگە ئوزرە ئېيتىپ كېلەي دېگەن خىيالىم — سۇغا چۈشكەن قاردەك ئېرىپ كەتكەن ئىدى. پەنجىرە تۈۋىدىن ئاستا — ئاستا بېسىپ ئارقىغا يېنىپ كەتتىم.

ئۆيگە بېرىپ ياتقاندا تېچ ئۇخلالمىدىم. ئۇنىڭ بالىلىرى شۇنچە مولايىم. ئۇلار باشقا كىشىلەرنىڭ بالىلىرىدەك كوچى — نىڭ ئۇ بېشىدىن، بۇ بېشىغا قىقاس — چوقان سېلىپ ژۇگۇرۇش — مەيدۇ. تال چىۋىقتىن ئات ئېتىپ، كوچىنى چاڭ كەلتۈرۈشنىمۇ بىلمەيدۇ. بۇ سۇغىدا، ئۇنىڭ بۇلۇڭ — پۇشقاقلىرىدا دەرمانسىز شۇمشۇيۇپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. ھەممىسى ئاغرىق، يەنە ئۇنىڭ ئۇستىگە ژۇرەكلەرگە نەشتەردەك سانچىلىدىغان سوز — لەر، سىلكىنىش، ھەر كۈنى بىر نەچچە قېتىم تەكرىدىن ئۆلۈم تىلەش، ئاتا — ئانىلىرىمۇ ئاغرىق، ئوقەت قىلىدىغان كىشى يوق. پەقەت ئۇلار قارغىش، رەنجىش، كوڭۇل ئاغرىقىنى كەسىپ قىلىۋالغاندەكلا كورۇنىدۇ. بۇ نەقاتارلىق ئوسال كۈن كوچۇ — رۇش، ھە!

باقى هەر كۇنى مېچىت ئالدىدا يانپاشلاپ ياتىدۇ. باھارخان مەھەللە بېشىدىن ياكى ئايىغىدىن كۇلۇمسىرەپ، بولمىسا سۇلتۇيۇپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ پاخپايغان چاچلىرى، چوپاق بېسىپ قىزارغان كوزلىرى، جۇلجۇل بولۇپ كەتكەن كوينىكىنىڭ ژىرتىقلىرىدىن كورۇنۇپ تۇرغان كۇلرەك تېنى، كۇلسىمۇ ژىغلىسىمۇ باقىنىڭ «ئالىۋاستى» دەپ تىللايدىغان قىياپىتىنى ئەسلىتىدىغان، لېكىن دۇنيادا باقىغا بۇنىڭدىن مېھرىۋان باشقا ھېچنەرسە يۇتىمگەن. مۇھەببەت ئۇلۇق نەرسەدېسە، مانا شۇنىڭغا ئىشەنسە بولىدۇ. بەزى ئادەملەر ژىرگىنىپ گەپلەشكىسى كەلمىگەن بىلەن دۇنيادا باقىغا ئۇنىڭدىن چىرايلىق كورۇنىدىغان ئىككىنچى بىر ئادەم بولمايدۇ. ئۇرۇش - تىللىشىش رەنجىش بۇ ئائىلىگە ئەسلى خاس ئەمەس. ئۇلار بىر - بىرىگە نىمە يامانلىق قىلىشقان گۇنايى ئۇچۇن زەردە قىلىشىدۇ. ئۇرۇشقىدەك ئىش بارمۇ؟ يوق. پەقەت تۇرمۇشىنىڭ ئاچچىق زەھرى مەس قىلغان چاغدىلا شۇنداق بولۇپ قالىدۇ.

باھارخان نان ياققان جايدىن بىر - ئىككى نان، گايى چاغدا كوزىدە يا ھېچىردا تاماق كوتۈرۈپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئوي تەرەپكە قارىلىدىمۇ، باقى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھېچ تەرەپكە قارىماي دوكۇلداپ كىرىپ كېتىدۇ. باھارخان نىمكى تاپسا، ئوتتۇرىغا قويۇپ ئوزى چەتتە قاراپ تۇراتتى. چوڭ ئادەم نەپسىنى ژىغىۋېلىش مۇمكۇن. لېكىن چالا تا-

www.uyghurkitap.com

ماق يەپ قالغان كىچىك باللارنىڭ كوزىگە تىكىلىپ قاراش ناھايىتى تەس. كوكۇلنىڭ نازۇك يەرلىرىگە بولغان بۇنىڭ تەسىرىنى قۇرسىغى توق كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بېرىشمۇ تەس. بۇ ئائىلدە كوپ ۋاختتا شۇنداق يېرىم تويۇنۇش ھوكۇم سۈرەتتى. باللار تاماقنى بىر-بىرىدىن قىزغىنىپ چاينىماي ژۇتۇدۇ. قاچىدا ھېچنەرسە قالمىغاندىن كېيىن تاماقنىڭ تاتقى قالغان قولىنى يالاپ، شۇمۇپ ئانىسىغا «يەنىچۇ» دېگەن مەنىدە بويىننى سىڭايان قىلىپ تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

مەن باللارنى مۇنداق قىياپەتتە كورگەندە چىداپ تۇرالماي يەرگە قارىۋالاتتىم.

## IV

—«بىز شەيتاننىڭ ئەۋلادى ئەمەسقۇ! تووۋا قىلدىم...— دېدى باقى ياقىسىنى تۇتۇپ،—ھېچكىم بىزنى ئېلىۋەتكەن تىرىمىغا ئالمايدۇ، خۇددى بىر سۇپۇرۇندى—ئەخلەت. بىزمۇ جاھان تۇتۇپ كورگەنغۇ، ئەلنىڭ گۇلگە گۇل، خېلىغا خال قويغان. مۇنداقلا ئەمەس ئىدۇك».

ئۇ بىر نەرسە تىڭشاۋاتقان ئادەمدەك بويىننى ئېگىپ جىم بولۇپ قالدى، مەن تونۇردىن پۇتۇمنى تارتىۋېلىپ، ئاسمانغا قارىدىم. يېقىن بىرجايدىكى قارا ياغاچ شاخلىرى ئارىسىدىن تولۇن ئاي ماراپ تۇراتتى، يۇمشاق شامالدا تىترىگەن يوپۇرماقلار

تونۇر بېشىدىكى ئالا كولەڭگىنى نازغىشىپ ئويناۋاتتى. كېچە بەك چىرايلىق ئىدى. ژىراق يەرلەردە ئېتىزدىن ئات بېقىپ قايتقان كىشلەرنىڭ ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ تۇرۇدۇ. مەن بۇنى پۈتۈمنى تونۇرغا سەگىلىتىپ:

— جىمىپ كەتتىڭىزغۇ باقىكا. جاھانىنىڭ كارى تۈگەيدۇ. قېنى ناخشا ئېيتىڭا! — دېدىم. ئۇ، خىرىلىدىغان ئاۋاز بىلەن ئۇزۇن بىر ئۇھ تارتىپ، چىشىنىڭ ئېقىنى كورسەتتى.

— «راس بىز ناخشا ئېيتقان، كۈچ - قۇۋۋىتىمىز بار چاغدا، قانداق ژىگىت ئىدۇك بىلەمسەن! بىزنىڭ پىشانىمىزگىمۇ يەر پۈتكەن — ئونخوچە يېرىم بار ئىدى — مېنىڭ. بىر ئات، بىر هاراۋا، سىغىپ ئىچىدىغان بىر كالىمىز، ئوز ئالدىمىزغا قوشقا قاتىدىغان بىر جۈپ ئۈيۈمىز بار ئىدى. توغاي چۇڭ چىلىلغاندا قوپۇپ، تائەل ياتقىچە ئېتىزدا قوش هايدايدىغان، كەتمەن چاپقان، ئوما ئورغان ئەزمەت ئىدۇك. بىز ئېچىق ئېتىش ئۈچۈن قومۇرۇپ كوتەرگەن چىمنى ئىككى - ئۈچ ئادەم ئاران كوتۈرەلەيدىغان ئىدى. ناخشىنى مانا شۇ چاغلاردا ئېيتىپ ئارىلىشىپ كەتكەن دېگىنا بىز، هەي... ئەمدى كۈچ يوق، ژۆرەك يوق!»

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ياش ژىگىتلىك چاغلىرىدىكى شىرىن خاتىرىلىرىنى زوق بىلەن سوزلەشكە چۈشتى.

— «مېنىڭ ناخشا ئېيتالايدىغىنىمنى ئاڭلا پتىكە نىسە ندە.

راستىنى ئېيتقاندا، مۇشۇمەلىدە مېنىڭچىلىك ناخشا ئېيتالايدىغان كىشى يوق ئىدى، مەن بولغان توي ـ توكۇن، مەشرەپلەر ئالايىتەن قىزىپ كېتەتتى. ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ سەرخىلى بىر گۈلى ئىدىم، ھەممە مېنى باقەم ـ باقەم، دېيىشىپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

بولۇپمۇ مەن ناخشىنى قاچان تولا ئېيتاتتىم، مانا بۇنى ساڭا سوزلەپ بېرەمەن، ھەي، ئىست ياشلىق چاغلار! ... قانچىلىك شوخلۇقلارنى قىلغان بىز.»

باقى ناھايىتى 45 ياشلاردىكى كىشى بولسىمۇ، ئوزىنى سەكسەن، توقسەن ياشلاردىكى بوۋاي چاغلايتتى. چۈنكى تۇرمۇشنىڭ قاتتىق قولى، ئۇنىڭ ياقىسىنى دەم ئالدۇرماي سىققان، سولۇكلەر قېنىنى شوراپ، ئۇنى قۇرۇق قاخشال قىلىپ ماغدىرسىز، ئاپپاق ساقال ئادەم قىلىپ قويغان ئىدى.

ئۇ، قۇرۇپ كەتكەن تامىغىنى ھوللەپ، توكۇرگىنى ژۇتۇپ سوزىنى داۋام قىلدى.

— «ئۇرۇكلەر راسا مەي باغلاپ پىشقان چاغ ئىدى. ھاۋاتىنچىق. ماداخان قىلىنغان ئالدى ئوچۇق كوينىكىمنىڭ ھەممە ئىزمىلىرىنى شىشىپ ئەتتىم، بېشىمدا قىرلانغان ئاق مالىخاي، پۇتۇمدا پەس پاشنا مەسكاپ ئوتۇك، تام شورىلىرىدىن ئاتلاپ چۈشۈپ، جاڭگاللىق باغلاردا ئۇرۇك تاللاپ يەپ ژۇرگەن ئىدىم. قويۇق ئۇرۇك ياغاچلىرى ئارىسىدىن ئۇچ ـ

تورت بالىنى ئەگەشتۈرۈپ، بىرقىز كېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنى تونۇدۇم. ئۇ، ئۇششاق ئورۇلگەن قويۇق قارا چاچلىق، پىستە كوزلۇك، لەۋلىرى جىنەستىدەك قىزارغان سۇمباتلىق باھار ئىدى. بىز ئۇچرۇشۇپ قالغان چاغلاردا بىر-بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈمسىرىشىپ ئوتۇپ كېتەتتۇك. باھار كۈلگەن چاغدا ئىككى قوۋزىدىكى زانغى ماڭا ئۇنىڭ چىرايىنى ناھايىتى يېقىملىق قىلىپ كورسۇتەتتى.

ئەنە، ئۇلارتوپ-توغرى مەن تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ. ژۈرۈگۈم دۇپۇلدەپ كەتتى. ئالدىمىدىكى ئېگىز ئوسكەن باراخسان شاخلىق ئۈرۈك ئۈستىگە چىقىۋالدىم.

باھار شۇ ئۈرۈك تۈۋىگە كېلىپ:

— تېپىڭلار ئۈكۈلۈرۈم، مۇشۇ ياخشى ئۈرۈك، — دېدى-دە، قولىدىكى سېۋەتنى يەرگە قويۇپ، ئۈرۈك تېرىشكە باشلىدى. مەن كەپتەرنى ماراپ ياتقان مۇشۇكتەك، يوپۇرماقلار ئارىسىدىن قاراپ، ئۇنىڭ ھەركىتىنى تاماشا قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى گىردە ناندەك قىزارغان، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا گۈل ئۈستىدىكى ئۇششاق شەبنەم دانىلىرىدەك تەر تامچىلىرى تىزىلىپ تۇراتتى. ئىگىشكەندە ئىككى مەڭزىدىن ئالدىغا چۈشكەن چاچلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن سىلىكىتىپ ئارقىسىغا ئېتىپ قويۇدۇ. ئارىلاپ-ئارىلاپ كوزىگە چىرايلىق كورۇنگەن ئۈرۈكلەرنى ئاغزىغا سېلىۋالىدۇ.

ئالا بولغان ئۇرۇكتىن ئۈچ-تۆرت تال ئۈزۈپ ئالدىم ـ دە، غۇلىنى چەللەپ تۇرۇپ بىرنى ئاتقان ئىدىم، ئالدىغا چۈشتى، ئىسۇ ، ئۇياق ـ بۇياقـقا قاراپ قويۇپ، يەنە ئۇرۇك تېرىشـكە تۇتۇندى، ئىككىنچى قېتىم ئاتقان ئىدىم، بېشىغا قاتتىق تەگدى، ئەتىمالىم، قۇشۇمىسىنى تۇرگەن بويى ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ:

ـــ ئو...ھوي قايسىگـوي، نىمە ئانداق قىلىسەن،ـــ دەپ ئارقىسىدا ئۇرۇك تېرىۋاتـقان بالىغا گولەيدى. مەن ئوزەمنى تۇتالماي كۈلىۋەتكەن ئىدىم.

ـــ ۋىيەي...ساراڭ،ـــ دېدى ـ دە، چالۋاقاپ سىپۋەتكىمۇ قارىماي دۇمسايـغان بويى باغدىن چىقىپ كەتتى. ئۇھ، مانا ئەمدى قالدىم بالاغا. ئۇ، شۇنچە نازۇك ئىكەنـدە، نىمىشكە ئوينىشىم ھە... ئەمدى بۇ گۇنانى قانداق ژۇيۇش كېرەك.

باللار بىلەن سېۋەتنى ئورۇككە لىققىدە توشقۇزۇپ، باھارنىڭ ئويىگە ئېلىپ كېتىپ بارىمەن، ئۇ، ئانىسىغا ژىغـلاپ بارغان بولسا، «ھوي جۇۋا ينىمەك كەتكۇر، قىزىمغا نىمىشكە تېگىشتىڭ...» دەپ جاۋىلـداپ كەتسە، نىمە دەيمەن، سېۋەتنى ئىشىكـكە قويۇپ قېچىقىرىش كېرەك.

ئىش مەن ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمىدى. پۈتۈنلەي باشقىچە. ئۇرۇكـنى كوتۇرۇپ بارغىنىمدا باھارنىڭ ئانىسى ھويلىدىن پـايپاسلاپ چىقىۋاتاتتى، گـەپ قىلماستىن سېۋەتنى ئىشىك ئالدىغا قويغان ئىدىم.

— رەخمەت بالام، خۇدا ئۆمرۈڭنى بەرسۇن. باھار ئۆزى قايەردە قالدى؟ — دېدى.

مېنىڭ گۇنايىم تېخى بۇيەرلەرگە يېتىپ كەلمىگىنىنى سېزىپتۇ.

— كېلىۋاتىدۇ، — ھازىرچە مەنىدىن خوش بولغان بىلەن كېيىن تىللايسەنغۇ، — دېدىم ئىچىمدە. ئارتۇق سۆز قىلماستىن ئارقىمغا ياندىم.

— ھىم، تازا ئىشلىتىۋالدىمۇ — تازا، — غورۇنىڭ يېنىدىكى چولاق تام كەينىدىن تۇيۇقسىز چىققان بوكەپ، مېنى چۆچۈتىۋەتتى. ئىتتىك ئارقىمغا قارىسام، باھار كۈلۈمسىرەپ تۇرۇدۇ.

— ۋاي تاۋۇ نازۇك، شۇنىڭغىمۇ يامانلاپ كەتتىڭىزما! — دېدىم.

ئۇ، ئۈنچۇقماي چېچىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ يەرگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ خومالاشقان كۆزىدىن رەنجىگەنلىك سېزىلمەيتتى. «تاۋۇ نازۇك» دەپ قىلغان تەنەمگە جاۋاپ قايتۇرماستىن شۇنداق يېقىملىق، مۇلايىم قاراپ تۇرۇشى، «مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» داۋاتقاندەك، خۇددى شۇۋاختتا ئۇ، «گەھ» دېسەم قولۇمغا كېلىپ قونىدىغان قۇرغۇي بولۇپ كۆرۈنەتتى. تەلپۈنۈپ تۇرغان ياشلىق كۆڭلۈمدە ئۇ بىرىنچى قېتىم ھېچنېمە بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدىغان ئىسسىق بىر تۇيغۇ قوزغاتتى. خىجالەت بولۇشقا باشلىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ

نىمە دېيىشىمنى بىلمەي تەمتىرەپ قېلىپ:

— بۈگۈنكى ئىسسىقتا ئۈرۈك تازا پىشىدۇ، — دېدىم.

— بىراق كۈنىنىڭ شۇنچە تەپتىدە سىز تېخىلا غورا ئىكەنسىز، — دېدى باھار كۈلۈپ.

«ئىم، مانا ئوخشاتتى سېنى، ئەمدى نىمە دەيسەن، دېدىم ئىچىمدە، شۇ پەيتتە ئۇ قىزغا گەپ تېپىپ بېرەلەيدىغاندەك ئەمەس ئىدىم. ياخشى ئۇنى ئانىسى قىچقىرىپ، سوزۇمىز شۇيەردە ئۈزۈلۈپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن كوڭلۇمدە باھار دېگەن چىرايلىق بىر ئىسىم ھېمىشە يادلىنىدىغان بولدى، بىراق باشقىلارغا ئوخشاش «ئىشىق ئوتىغا گىرىپتار بولدۇم، مېنىڭ دەردىم بار» دەپ لاقىلداپ ژۈرگۈنۈم يوق. زوق بىلەن ئىشلەپ ئېتىزنىڭ باغىرىنى گۈل قىلىۋەتتىم. يەلپۈنۈپ تۇرغان كوپ-كوك بۇغدايلار، قوغۇن، قاۋاقلار، باراڭ ئەتراپىدا ئېچىلغان گۈل، زاراڭزىلار ھەركىمنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. مانا شۇ چاغدا قېنى-قېنىمغا پاتماي ناخشا ئېيتاتتىم. كىمكەن ئۇ، مېنى ماختىمايدىغان، ھەممىسى ئوپ-چورەمدىن ئايلىنىپ كېتەلمەيتتى. ئەنە، ئېتىزىم بوستان، مەن بولسام بۇلبۇل بولۇپ سايرىغان. شۇنداق چىرايلىق چاغلاردا باھار بىلەن يار بولۇشقان ئىدۇك!..

ئۇ، ھەر كۈنى بىزنىڭ باراڭغا قوغۇن-تاۋۇزغا كېلەتتى.

— مۇشۇ قوغۇنلۇق ساڭا قارايدۇ، ئوزەڭ تاللاپ ئۈزۈۋال

باھار ،ــ دەيتتىم.

باھارمۇ كوپ چاغلاردا ئېتىزغا قۇرۇق كەلمەيدۇ. ئۇ، ئانىسىدىن يوشۇرۇپ ژۇرۇپ، زىپەكتىن گۇل چېكىپ تىككەن قول ياغلىق ۋە تاماكا خالتىسىنى ماڭا يالداما قىلدۇ. پىياز شاكىلى بىلەن قىزارتىپ پۇشۇرغان تۇخۇملارنى ئەكىلىپ بىرىدۇ. كۇنلەر شۇنداق كوڭۇللۇك ئوتۇپ توراتتى. بۇنىڭدىنمۇ تاتلىق ئارزۇلار تېخى ئالدىمىزدا ئىدى...»

باقى كوكرىگىنى كوتۇرۇپ قانغىچە دەم ئالدى ــ دە، يەنە جىم بولۇپ قالدى.

مەن كوسەي بىلەن تونۇردىكى نۇرسىزلانغان ئوتنى چۇقچىلىدىم. ئېچىلغان قوقاسىنىڭ يورىغىدا باقىنىڭ يۇزىگە سەپسالغان ئىدىم، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاۋاتقان گۇل، بوستان، بۇلبۇل، باھار دېگەن چىرايلىق سوزلەر خىيالىمدىن ئۇچتى. چۇنكى، ئۇنىڭ چىرايى سوغ شامالدا تىترەپ ئالدىمىزغا چۇشۇۋاتقان كەچ كۇزدىكى ئۇششۇك يۇپۇرماقلارغا ئوخشايتتى. بۇكوڭۇلسىز جىمجىتلىقتا تۇزۇمۇدۇم. ئۇنىڭ ھازىرقى چىرايىنى ئەمەس، بۇلبۇل بولۇپ سايراپ ژۇرگەن چاغلىرىنى كورگۇم كەلدى.

ــ باقىكا، شۇ چاغدىكى ناخشىلاردىن بىرەنى ئېيتىپ باقمامسىز، ــ دېدىم.

ــ ناخشا ــ ناخشا...ھە، ناخشا ئېيتقۇچىلىكىمىز قالدىمۇ،

سەن تېخى ئۇخمايسەن...

ئۇ، يەنە ئۆزىنىڭ ھېكايىسىغا چۈشۈپ كەتتى:

— بىزنىڭ مەلىدە باھارلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى بولمىغىنى ئۈچۈن ئاتا – ئانىسى تىرىكچىلىك ئىستەپ سۇلتان ۋەيىسگە كوچۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ باھارىممۇ سۇلتان ۋەيىسدە بولۇپ قالدى.

باھار كەتكەندىن كېيىن مېنىڭ قايغۇم ئانچە ئېچىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئويندىكىلەر بىلەن ئەرزىيمەس ئىشلارغىمۇ ئۇرۇشۇپ قالىمەن، دادام «ھە، بۇساراڭنىڭ بۇرنى كوپتى» دەپ قويانتى.

مەن ئات بېقىشنى بانا قىلىپ، تولا ۋاخلاردا كېچىلەرنى ئېتىزدا ئوتكۈزۈۋېتىمەن، ئېتىزنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرى قانداق چىرايلىق، بىر – بىرىگە تۇتۇشۇپ سوزۇلغان ئاشلىقلار، ياپ – يېشىل يەلپۈنگەن بىدىلىكلەردە مەس بولۇپ سايرىغان بۇدىنىلەرنىڭ ئاۋازى كوڭۈلنى ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ قاچىدۇ. غۇيۇلداپ ئۇچۇۋاتقان شامالدا ژىراقتىن كېلىۋاتقان قوشلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاش قانداق ياخشى. كوز يەتمەس يەردە ئارۋال تاغ چوخچىيىپ تۇرۇدۇ. ئەنە ئاشۇ ئارۋال تاغ باغرىدا باھار ئۇيقۇغا كەتكەندۇر. مەن شۇ تەرەپكە قاراپ تاڭ ئاتقىچە تۇيماي ناخشا ئېتىپ چىقىمەن، ئوھو!...بۇقانداق ناخشىلار... ژۇرەكتىن يېرىپ چىقىدۇ. مەن ئومرۇمدە سېغىنىشنىڭ

مۇنداق لەززەتلىك خۇمارىنى سەزمىگەن ئىدىم.

# V

—«بىز مۇرادىمىزغا يەتكەن ئىدۇق — باھار بىلەن ئۆي تۇتتۇق. كېچە-كۈندۈز بىللە ئىشلەپ، راھەتىمىزنى، جاپايىمىزنى بىللە كورەتتۇق. قولىمىزدا ئارتۇق نەرسە بولمىسىمۇ، بىلەكنىڭ كۈچىغا تايىنىپ، ۋاختىمىزنى چاغ ئوتكەزمەكتە ئىدۇق.

ئەرتىياز ئايلىرى، قىزىق قوش ھايداۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دادام ئۇزاق تارتقان سىل كېسەللى بىلەن يېرىم كېچە مەلىدە جان ئۈزۈپ قالدى. دادام ئاز-تولا كىتاپ ئوقۇشنى بىلىدىغىنى ئۈچۈن ژۇرت ئىچىدە ئابرويى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەلە چوڭلىرى چاپسانلا يىغىلىپ كېلىشتى. ھە، راسلا بىر گەپنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مەن ھازىر شۇنچە خار بولۇپ قالغان بولسامىمۇ خەلق مېنى نىمىشكە«سەن» دىمەي، «سىز» دەيدۇ. چۈنكى مەن دادامنىڭ ئارقىسىدا ژۇرۇپ ئانچە-مۇنچە قاراخەت تونۇپ قالغان ئىدىم. قارىغىنا شۇنىڭمۇ ھورمىتى بولۇدىكەن.

ژۇرت چوڭلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئون خوجە بۇغدايىنى ھارۋىغا بېسىپ، توخو ئىككى قىچقارغان چاغدىلا شەھەرگە كىرىپ كەتتىم.

بازاردىن كىپەنلىكلەرنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن شەھەر

ئىچىگە (سىپىل ئىچىگە) كىرىپ تۇقـقۇنىمىزنى نامازغا ئېيتىپ قايتقان ئىدىم، دەڭ دەرۋازىسىدىن ئۆتەلمەي تۇرۇپ قالدىم. ھەي ... شەيتانلارنىڭ ئىشى دېگىنا! ھەممە پىشـكەللىكنىڭ ئاۋىلى مانا شۇ يەردىن باشلاندى. شۇ ۋاختتا ئالدىراپ، ئىچىمـنىڭ تىت ـ تىت بولىۋاتقانلىقىنى قايسى تىل بىلەن ئاگلىتاي. ئاش ۋاختى بىلەن كەلگەن ئادەم تاچىڭ چۈشكـچە ساقلاپ تۇردۇم. دەرۋازىنىڭ ئىچ ـ تېشىدا ماگا ئوخشاش يول تالىشىپ تۇرغان ئات ھارۋا، ئۇكۇز ھارۋا، ئاتلىق، ئىشەكلىك، پىيادە كىشىلەرنىڭ سانى يوق. دەڭ دەرۋازا ئىچى خۇددى چوڭ بىر پاتقاق دەرياسى. ئۇنىڭـدا ئاتلار ئۈزۈدۇ. چىلىشىپ كېتىپ بارغان ھارۋىلار ئادەمگە قېيىقنى ئەسلىتىدۇ. پىيادە ئادەملەر بولسا، بۇنداق «قېيىقلار»غا ئىككـكى گوۋازا، تولا ئالدىراپ كەتـكەنلەر بىر تەگـكە كىرا بېرىپ ئوتۇشۇپ تۇرۇدۇ. يول تالىشىپ ئاتلارنىڭ، ئادەملەرنىڭ باش ـ كوزىگە قامچىلار تېـگىدۇ. تېيىلىپ ۋىقىلغان ئادەملەرنىڭ تەلەتىگە قاراپ كۇلگۇڭ كېلىدۇ. بىرتۇرۇپ ئۇنىڭ رەسۋا بولغان ئېچىنىشلىق قىياپىتىگە قاراپ ئىچىڭ ئاغـرىيدۇ ياكى ژىـغلىغىڭ كېلىـدۇ. ئاتـلار مۇدۇرۇپ كەتسە ياكى سەللا پۇتىنى ئىگىز رەك كوتەرسە پۇتۇن ئەتراپقا پاتقاق مولدۇردەك ياغىدۇ. مۇنداق ۋاختتا ئادەمـلەر ئوزىنى قاچۇرۇپ ناھايىتى كۇلكۇلۇك قىياپەتلەرگە كىرىـۋالىدۇ، زارلىنىدۇ، لەنەت ئوقۇيدۇ. تېزىغىچە پاتقاق كېچىپ

ژۇرۇپ مۇشتلىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ رەڭگى ــ رۇخسارىغا قاراپ تېخىمۇ قاتتىق كۆلگۈك كېلىدۇ. لېكىن بۇيەردىكى ئېچىنىش-لىق ئەھۋاللار، ژۇرەكنى تىلىپ تاشلىغىدەك ئاچچىق تىللار كۆلكىلەرنى باسىدۇ. بولۇپمۇ شۇكۈنى ئادەملەرنىڭ ئوتتۇشەل-مەي كوپرەك تۇرۇپ قېلىشىغا بىر دېخان سەۋەپچى بولدى. بىراق، شۇ سەۋەپ بولدى دەپ تىللاي دېسەڭ ئۇنىڭ ھالى ھەممىڭلاردىن يامان بولغان ئىدى. ھېلىقى دېخاننىڭ جىنا-زىغا ئوخشاپ قالغان ئېتى پاتقاقتىن ھارۋىنى تارتىپ چىقال-ماي تازا چۈشكۈر يەردە ژىقىلدى. ئۇنى سەۋەپچى بولدى، دېگەن كىشىلەرمۇ ئىنساپ قىلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. پاتقاق دەرياسىغا چوكۇپ كەتكەن ئېتىنى چىقىرىمەن، دەپ ئۇنىڭ تارتقان كۈنى ئازمۇ؟ ئاخىرى ئېتى ئولۇپ قۇتۇلدىغۇ. بىچارە دېخاننىڭ بوغا، جەۋەننى مورىسىگە سېلىپ، سۆزمە خالتىسى-دەك بولۇپ چىقىۋاتقىنىنى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى پاتقاقنى، ئېپ-قىپ چۈشۈۋاتقان تارام ــ تارام يېشىنى كورگەن ئادەملەر يەنە ئۇنى سەۋەپ بولدۇڭ، دەپ قانداق تىللىماقچى ئىدى. ئەس-لىدە سەۋەپ بولغان كىم، نىمە؟! شۇ قارا دەرۋازىدا ئادەملەر-نىڭ يولىنى توراپ قويغان دەرۋازا ئېگىسى. «ئۇلۇغلار»دە.

مىڭ بالالىقتا ماڭا ئەمدى ئوتتۇش نۆۋىتى كەلگەن ئىدى. قايسى كوزۇم بىلەن كورەي، تەلەتى سورۇن بىر يايى كېلىپ، ئېتىمنىڭ تۇمشۇغىغا بىر قامچا ئۇردى ــ دە:

— هارۋاكىنى ئارقىغا قايتۇر — دېدى.

— ئاكا مېنىڭ ئىشىم ئالدىراش... — تېخى سوزۇم ئاياغلاشـ قىچە باش-كوزۇمگە قامچا ياغدى. يەنە بىر ياپىقى كېلىپ ئاتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتتى-دە، ھارىۋامنى ئارقىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

«ياخشى سوز تاشنى ئېرىتىدۇ» دېيىشەتتى، قېنى ئېرىتـ كىنى! مەن شۇكۈنى دۇنيادىكى بار ياخشى سوزنى قىلدىمغۇ. يالۋاردىم، ئىتقا ئوخشاش ئۇلارغا كۈچۈكـلۈنۈپ ژىـغلىدىم. دادامنىڭ ئولۇگىنى ۋە پۈتۈن ئەۋلىيالارنىڭ ئەرۋاھىنى شېپە كەلتۈردۈم. مېنى زادىلا قويۇپ بەرمىدى. ئۇلارنـىڭ باغرى تاشتىنمۇ قاتتىق، پۈتۈن تېـنى مۇزدىن يارىتىـلغان ئادەملەر ئىدى. ئادەمـلەر دۇنـياغا بىرىنى-بىرى مۇشۇنـداق بوزەك قىلىش ئۈچۈن تۇغۇلغانمۇ؟ دادىـڭىنى ئاڭلايـدىغان ئادەملەر قەيەردە....؟

ماڭا ئوخشاش ئوتتۇز ھارىۋاكەش ساگدىن بۇغداي قاچىـ لاپ سار بۇلاققا ماڭدى... (بۇۋاختتا ساربۇلاقتىكى تۇگمەندە چېرىكلەر ئۈچۈن ئۇن تارتىلاتتى). يالـۋۇرۇش تۇگـۇمگەن ئىكەن تېـخى، توت كۈن ئاۋارە بولۇپ ژۇرۇپ بۇغـداينى تۇگمەنگە ئوتكەزدۇك. ئات-ھارىۋا بىلەن ئوزەڭ نەچچە كۈن بىكارغا ئىشلىسەڭ رەخمەت-تازىم قېنى؟ مانا قارا، رەخمەتـ تازىم ئورنىغا «ئوغرى، بۇغـداي كام» — دەپ يۇزلـىرىمزگە تۇكۇرۇپ، يەتتە كىشىنى كۇرەدە ئۈچ كۈن سولاپ قويدى...

مانا پالەشلەرنىڭ كاشىلىسى، مەن سولاقنى چىقىسام «ئېتىڭ ئولۇپ قالدى» دېدى ـ دە، ئالدىمغا ئاتىنىڭ توت تۇيۇغىنى تاشلاپ قويدى. ئۇ مىنىڭ ئېتىمنىڭ تۇيۇغىمۇ ئەمەس، مانا ئوزلىرى ئوغرى. ئەزىبرايى خۇدا مەكسەپتارلارنىڭ ئوزلىرى ئوغرى. بۇ ئەھۋالدىن بىرىيەرگە داتلاشمۇ تەس. كىمگە ئەرز قىلساڭ بولۇدۇ؟ «دادام ئولۇپ قالدى، جىنىم ئاكا...» دېگىنىڭگە قارىماي قامچىلاپ سىنى غولجىدىن كورەگە ھايداپ كەلگەن ئادەملەرگىمۇ ياكى «ئوغرى» دەپ سولاپ قويغان چىرىكلەرنىڭ ئەڭ چوڭى جىڭشۇسىغىمۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىرىپ باش قويۇشتىن يەنە نىمە پايدا چىقار؟... ئاتتىنىمۇ، ئاتىدىنىمۇ ئايرىلدىم. بوغا ـ جەۋەننى ھوشنەمگە سېلىپ غولجىغا قايتتىم. خەير ئۇمۇ كەتتى.»

ئۇ، ئادەتتىكى سوزىنى ئوزگەرتىپ، تۇيۇقسىزلا قايناپ:

—«شۇمۇ ئادىمگەرچىلىكمۇ، بۇنە قاتالىق ئۇياتسىزلىق ئىش ھە، خۇددى غالجىر ئىت ئۇلارچۇ قارا!» دەپ خىتقىراپ توختاپ قالدى.

مەن ئۇچۇپ تۇگەي دەپ قالغان سامان ئوتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاتلاملىرىنى چوخچىلىغان ئىدىم، ئۇنىڭ قاشلىرى چىمىرىلىپ كوزىدە غەزەپ ئوتى چاقنىغاندەك كورۇندى.

ئاي بىز بىلەن ئاللىقاچان خوشلاشقان، جاھان بارغانسىرى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە پاتماقتا. يىقىن بىرجايدىكى ئىت-

نىڭ ھۇلىغان زۇۋالىلىق ئاۋازى كوكۇلىگە قورقۇنۇچ سېلىپ ئوتەتتى.

باقى سوزىنى داۋام قىلدى.

—«بىزنىڭ ئويدە ئولۇم مەرىكىسى بولدى. ئولگەن كىشى بولسا، مېنىڭ دادام. ئۇنى قانداق ئۇزاتقاندۇ؟ مەن ھازىدار، بېلىمگە ئاق باغلاپ، كوك تاياق تايىنىپ، جىنازائالدىدا ژىغلاپ چىقىشىم كېرەك ئىدىغۇ. مېنى دادام قانچە ئېغىرچىلىقلار بىلەن باقتى - كوردى. مەندىن نىمىلەرنى كۇتكەن ئىدى. قېنى ئۇ، قېنى مېنىڭ ئەسقاتقىنىم، ئىست، ئىست بەختسىزلىك ......ژۇرت ئالدىغا نىمە دەپ، قايسى يۇزۇم بىلەن چىقىمەن... شۇنداق تۇگۇمەس، پۇتمەس خىياللار بىلەن كېچىچە پىيادە ژۇرۇپ، چاي مەلدە دوتەي يامۇلنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەن ئىدىم.

—ھەي جىمبو كوتەرگەن، توختا! — دېدى بىلىدە سىم ئورۇغان قامچىسى بار بىر ئادەم.

—ياق ساتمايمەن، — دەپ يولۇمغا كېتىۋەرگەن ئىدىم، ھېلىقى ژۇگۇرۇپ كېلىپ:

—كىمىڭنى ئاخماق قىلىسەن چوشقا! بۇياققا ماڭ سەيسە قىلىسەن، — دېدى - دە، ئارقامغا ئىتتىرىۋەتتى.

—يەنە نىمە سەيسە بۇ، مەن ھازىر سەيسىدىن كەلدىمغۇ!

—ساختىپەزلىك قىلما، ياخشىلىقچە ماڭ ئىت!

— ئەزبىرايى خۇدا، مەن سەيسىدىن كەلدىم.

— ياخشىلىقچە ماڭامسەن — يوقمۇ؟! ھېلى بكا كورۇسەن چوشقىنىڭ بالىسى.

— ئوزەڭ چوشقا، ئوزەڭ غالجىر ئىت، ماڭمايمەن نىمە قىلىسەن، — دېدىم.

ئۇ قامچىسى بىلەن بىرنەچچىنى ئۇرغان ئىدى. قولىنى ئارقىسىغا قايرىپ چىڭ تۇتۇۋالدىم. بۇنىڭغا بوي بەرمىگەنلىگىمنى كورۇپ، نەدىندۇ، ئىككى چېرىك ژۇگۇرۇپ كەلدى. ئۇچى بىر بولۇپ مېنى دوتەي يامۇلىغا ھايداپ كىردى. ئاۋال ھارغىچە ئۇرۇپ، تېپىپ دۇمبالىدى. كېيىن بىر قاراڭغۇ ئويگە سولاپ قويدى.

ھارغانلىق ۋە قورساقنىڭ ئاچلىغىدا ئەسنەپ — ئەسنەپ كوزۇم ئۇيقىغا كەتكەن ئىكەن، يەنە ھېلىقى قاپىغى يامان، سىم ئۇرىغان قامچىسى بارىيابى:

— تۇرە ئوغرى، — دەپ بېشىمغا تېپىپ ئويغۇتىۋەتتى.

— ئەمدى چىقىپ كېتەيمۇ ئاكا؟

— ئاناڭنىڭ يېنىغا بارامسەن ھارمى...

— يەنە نىمە دەيسىز بېگىم؟!

— ھە، ئەمدى خېلى چوچۇپ قاپسەن. ئالدىمغا چۇشۇپ ماڭ، — دېدى — دە، ماڭا ئوخشاش پايتىمىسىنى تەتۇر ئورىغان سەيسىكەش بىر ئادەم بىلەن ئىككىمىزنى چوشكىچە بىدە توغ-

راتتى. ئۇندىن كېيىن نامازدىگەرگىچە قىخ توشۇتۇپ قويۇپ بەردى. مانا كوردۇڭمۇ بۇنىمە دېگەن خورلۇق.

ئوز ئاتىسىنىڭ ئولۇگىنى تاشلاپ كېتىدىغان ئادەملەرمىدۇق بىز. مۇنداق ئوساللىقنى مەن ئوز ئىختىيارىم بىلەن قىلىدىمۇ؟ ياق. ئىش شۇنداق بولسىمۇ يەنە هەممىسى مەنىدىن كوڭۇل ئاغرىتىدۇ. ژۇرت ئىچىدە مەن ئەڭ باغرى تاش، يامان ئادەم! هەتتا ئادەممۇ ئەمەس. خۇددى كالا ياكى ئىت. توغرى، ئۇلار-نىڭ شۇنداق قاتتىق رەنجىشىگە هەققى بار. بىراق كاساپەتكە ئوزەم يولۇقاي دەپ ئاتايتەن بارمىدىم-دە،... ئۇرۇق-تۇق-قانلار ماڭا ئوچۇق چىراي ئاچمايدۇ.

—داداڭ ئوزى تاپقان بىر جۇپ ئۇكۇزنى سېتىپ، بىر-كۇنلۇك مەرىكىسىنى ئۇزاتتۇق. سەنمۇ ئوغۇل بالا مەن دەپ بېلىڭنى باغلاپ ژۇرۇسەنغۇ. قېنى نەزىرىنى قانداق قىلىسەن، ياكى داداڭنىڭ يەتتىسىنىمۇ بەرمەمسەن، — دېگەندەك سوز-لىرى جان-جىنىمدىن ئوتۇپ ژۇرەككە نەشتەردەك سانجىلىپ تۇراتتى. ئۇرۇق-تۇققانلارنىڭ تەنىسىنى بېسىش ئۇچۇن دادامنىڭ يەتتە نەزىرىنى ناهايىتى چوڭ ئوتكەزدىم.

شۇ ژىلدىن باشلاپلا ئوز ئالدىمغا يەر هايدالمىدىم. قوش، ئات-هارۋا، هەتتا ئۇرۇغلۇققا بىرخو بۇغداي ئۇچۇن باشقىلارغا ساغىرىدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمدى كېچە-كۇندۇز جان كويە-دۇرۇپ ئىشلىسەكمۇ چاپىنىمىز تىزدىن ئاشمايدىغان بولۇپ

قالدى. ئۈچ ـ تۆت ژىلغا بارماي دەن ۋە باشقا ئالـۋانلارنى
بېرەلمەستىن يەرنى سېتىپ بېرىپ ئۇنىڭدىنمۇ ئادا تاپتۇق...
شۇندىن بېرى تالادا قېلىپ، ھەركىمنىڭ ئىشىگىدە تەنتىرىپ
ژۈرۈمىز. ئىككىمىز خامان تەپكەن كۈنى ھېلىقى خوجايىنىنىڭ
زەھەرلىك سوزلىرىنى ئوزەڭمۇ ئاڭلىدىڭ. ھە، مانا بىزنى
شۇنداق ئاچ كوزخوجايىنلار، ئالۋان ـ ياساقلار، خورلۇق ـ ھاـ
قارەتلەر قۇرۇق قاخشال قىلىپ قويدى. مانا ھازىر ئوزەڭ
كورۇپ تۇرۇسەن. بىزدىن ئەمدى ماغدىر كەتكەن. تىرىكچىلىك
بولسا، مۇشۇ... قېنى ياشلىق! قېنى كوڭۇلدە يالقۇنجاپ تۇرۇدىـ
غان زوقلار! ئەمدى كوڭۇلگە ئارام بەرگىدەك چىرايلىق ناخشا
ئېيتىش مۇمكۇنمۇ، يوق. ئۇنىڭغا زوق كېرەك، ماغدىر كېرەك.
باقى كوڭلىدىكى ھەسرىتىنى قاپلىشىپ چىققان تۇتۇندەك
ئۇزۇن ۋە ئېغىر بىرتىنىپ چىقاردى ـ دە، توختاپ قالدى.
يەرنى قۇچاقلاپ ئالغان كىچىنىڭ ئېغىر قاپ ـ قارا بىسىـ
منى بۇزۇپ ھەر تەرەپتىن خورازلار قىچقاردى. بۇ ئاۋازلار
شەرقنى قاپلاپ ياتقان قويۇق قاراڭغۇلۇقنى نىپىزلىتىشكە باشـ
لىدى. بىز تونۇرغا ئىگىشكەن ئىدۇك، كاۋىنىڭ كويۇپ پىشـ
قان پۇرىغى دىماققا كېلىپ تەگدى. ئۇنى تونۇردىن ئاۋايلاپ
ئالدۇقتە، باقىنىڭ ئويىگە كىرىپ كەتتۇك.

## VI

باھارخان ئولگەندىن كېيىن باقىنىڭ سىل كېسىلى ئېغىرـ

لىشىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىغىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بىر كۈنى ئۇنى يوقلاپ قويماقچى بولۇپ يېزىغا چىقتىم. سىلەرگە تونۇش بولغان ھېلىقى «ئالۋاستى كەپىسى» بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە سەتلىشىپ كېتىپتۇ. ھەممىگە نۇر بېرىشكە سېخى بولغان كۈنمۇ بۇ بىر ئېغىز ئۆي ئىچىگە ئۆزىنىڭ ئىسسىق ئاق نۇرىنى چېچىپ ئۆتمەيدۇ. بىر نەچچە ۋاقىتتىن بېرى باھارخانىنىڭ شۋاق سۈپۈرگىسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئەخلەت-چىرىندىلەر ۋە كېسەلنىڭ غەلدى-غەشلىرى ئىنتايىن يامان پۇراق چېچىپ تۇرۇپتۇ. مۇنداق ئۆيلەردە كىشىنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، ئارام ئېلىپ تۇرالايدۇ. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ھايۋانلارمۇ شۇنداق جايلاردا ئۇزاق چىداپ ياتالماس ئىدى. لېكىن باقىنىڭ ئائىلىسىدەك مىللىونلىغان ئائىلە كىشىلىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشاي-دىغان «ئالۋاستا كەپىلىرى»دە كۈن كۆچۈرۈپ ژۈرۈپ ئاچچىق ھەسرەتتە دۇنيا بىلەن ۋاجىتسىز خوشلىشاتتى.

ئۆيدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. يېڭى تىرىلىپ باقىنىڭ ئەتراپىدا ئۇلچۇپ ژۈرگەن چىۋىنلەرنىڭ گىڭىلدىشى ۋە ئۆي-نىڭ بۇلۇڭىدا ئوخلاۋاتقان ئاۋاق پۇشقاق موشۇكنىڭ يۇم-شاق خىرىلدىشى بۇ جىمجىلىقتا سىرلىق مۇڭ بېرىپ تۇراتتى. مۈگلۈۋق بۇ جىملىق ئىچىدە باقىنىڭ توت بالىسى دان توشۇپ تۇرغۇچى ئانىسىدىن ئايرىلغان سېرىق تۈكلۈك كەپتەر باشكى-لىرىدەك يېرىم ئاچ ھالدا شۈمشۈيۈپ يېتىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مەن باقىنىڭ يەتتە ياشلىق بالىسى توختىدىن:

ـــ داداڭكىشى تونۇمدۇ؟ ـــ دەپ سورىدۇم.

ـــ ئۈچ كۈن بولدى گەپ قىلمىغان، كوزىنى ئاچمىغان... ـــ
دېدى ئۇ، پەس ئاۋاز بىلەن.

ـــ يۈزىنى يېپىپ قويۇپسەنغۇ؟ ـــ دېدىم.

ـــ بايا دادام، ئە... ئە قىلىپ كۆلــدى، ئاغزىغا چىۋىن
ئولۇشۇپ كەتتى، يېپىپ قويدۇم، ـــ دېدى ئۇ، كۆلۈمسىرەپ.
ئۇنىڭ ئوڭگەن يوزىدە خىرە يانغان خوشاللىق نۇرى دادىسى-
نىڭ ئەمدى ياخشى بولغانــلىغىنى ئىپادە قىلماقــچى ئىدى.
لېكىن ئەكسى هالدا ماڭا ئۇنىڭ يۈزى بىر نەرسىدىن ژىر-
گىنىۋاتقان ئادەمنىڭ چىرايىدەك بولۇپ كورۈندى.
باقىنىڭ يۈزىنى ئاستا ئېچىپ باققان ئىدىم. مەن ئۇنى چىرايى
تامدەك تاتىرىپ، ئىڭــىكي تۈۋەن چۈشكەن هالــدا كوردۇم.
تېنىم جىغىلداپ كەتتى. قورقۇنۇچ باستى. بالىلىرىغا تۈيدۈر-
ماستىن ئاستا تالاغا چىقىپ كەتتىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە مەلىدىكى بىرنەچچە كەمبىغەل، كۆيۈمچان
ئادەملەر ژىغىلىپ، سۆگەت شاخلىرى بىلەن جىنازا توقىدى.
ئۇنى غېرىپ يۇيۇغى بىلەن يېپىپ ئاش ۋاختــتى بىلەن باقى-
نىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ مەلىدىن ژىراقتىكى تۈپراقلىققا ئېلىپ
مېڭىشتى. ئۇنىڭ كوزگە كورۈنەرلىك هازىدارى يوق ئىدى.
جىنازا مەلىدىن ھەشەمەتسىز، يېنىك ھەركەتلەر بىلەن ئۆزۈتۈلدى.

ناھايىتى جىنازا ئالدىدا باقىنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى ژىغلامـ سىراپ، بۇرنىنى تارتىپ، ئۆزگەۋدىسىنى باشقۇرالماي، مۇدۇـ رۇپ ـ مۇدۇرۇپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بولسا بەش ياشلىق سىڭلىسى پىلدىرلاپ ئەگىشىپ باردۇ. بۇ كىچىككىنە قىزنىڭ يۇمشاق چاچلىرى ئايلاپ تاغاق كورمەي پاخـماق بولۇپ قالغان، پۇتى يالاڭـغداق، ناھايىتى ئۇچىسىدا ھەر رەڭلىك لاتىلار بىلەن يامالـغان كىر، ژىرتىق كوينىگى بار ئىدى. ئۇ، كىچىككىنە قارا كوزلىرىنى كۆچ بىلەن ئېچىپ، بىر ئارقىسىغا، بىر ئالدىغا مۇلدۇرلەپ قارايدۇ، بىر ژۆگۈرەيدۇ، بىر توختاپ ئاكىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدۇ. ئۇنىڭ مۇنچاقتەك پاقىرىغان كوزىدىن: «ئاپام قېنى، ئەمدى دادامنى نەگە ئېلىپ بارسىلەر، بىز قانداق قىلىمىز...» دېگەندەك مەنىلەر چېچىلاتتى. خۇددى شۇۋاختىتا باقىنىڭ تۇمانلىق ۋە قاراڭغۇ ھاياتى ئېغىر كۆلەڭگە بولۇپ، جىنازا ئۇستىدىن ئوتەتتى. مەن ھەسرەت دەرياسىغا چومغان ھالدا بېشىمنى توۋەن سېلىپ كېتىپ يارـ مەن. مېنىڭمۇ بەش ياشلىق چاغدىكى تەجرىبىسىز ژۆرۈگۈمدە مۇنداق كۆنلەرنىڭ ئاچچىق دېغى قالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ژۆرەكنى ئەزگـۈچى مۇنداق ئېچىنىشلىق كورۇنۇشلەر ماڭـا چوڭقۇرراق تەسىر بەخىش ئەتتى.

ماناتۇپراقلىققا يېتىپ كەلدۇق. بۇيەردە بەختسىز ھاياتتىن خۇشلاشقان مىڭلاپ ئادەملەرنى ئۆز قوينىغا ئالغان كونا تۇپراقلار

دۆمچەك ـ دۆمچەك بولۇپ كورۇنۇپ تۇرۇدۇ. ھەممە قەۋرە بىرخىل
كورۇنۇشتە ئەمەس ئىدى، ھىمايىسىچىلىرىدىن ئاجرالغانلىرى
ئۆيۈلغان ياكى ئىزنىسى تۈگەپ كىچىككىنە دۆمچەك بولۇپ
قالغان. بەزىلىرىنىڭ بولسا، ئۈستىگە تاش، ياغاچ، قوچقار
مۈڭگۈزلىرى قويۇلغان، ئاندا ـ ساندا سالاسۇن بىلەن ئورالغان
ۋە گۈمبەز قىلىپ قاتۇرۇلغان موتىبەر قەۋرىلەرمۇ كوزگە چېلى-
قاتتى. يەنە يېگىدىن توپا دۆگلانغان قەۋرىلەر ئۈستىگە يوپۇر-
ماقلىق شاخلار قادالغان ياكى ئۈستىگە گۈللەر تېرىلىپ سۇ
قۇيۇپ قويۇلغان ئىدى. مانا شۇلارنىڭ ئارىسىدىن يېڭى
توپا دۆگلانغان باقىنىڭ ئاددىي قەۋرىسى ئورۇن ئالدى. كۈن-
دىن ـ كۈنگە كوپۇيىۋاتقان قەۋرىلەرنىڭ يەنە بىر سانى ئاشتى.
باقىنىڭ قەۋرىسىگە مۈڭگۈز قويۇلمىدى ياكى گۈل تېرىل-
مىدى. ئۇنىڭ قەۋرى تېخى ئەرتىيازنىڭ يۇمشاق كوكاتلىرى
بىلەن قاپلانمىغان يالىڭاچ مۈڭلۈق قەۋرە بولۇپ قالدى.

1948 ـ ژىل. غۇلجا.

www.uyghurkitap.com

# چىنىقىش

## (ھېكايە)

## I

مەتنىيازنىڭ قىچىسى مۇشۇ يېزىدىكى دىخانلارنىڭ قىچىلىرىدىن خېلى كۈن بۇرۇن تېرىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتاپ كىشىنىڭ تېنىنى تونۇردەك قىزىتىدىغان مەزگىلدە پىشىپ قالدى؛ پىشىپ قالدىلا ئەمەس، توغرىسى ئورىدىغان ۋاقتىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئادەتتە دىخانلار قىچىنىڭ موسىنى (غۇلىنى) قاتا ــ قاتماستىنلا ئورۇپ ئېلىشاتتى.

نىمىشكە دېسىڭىز؟ پىشىپ شالدىرلاپ كەتكەن قىچىغا ئوغاق سالغاندا، ئۇنىڭ ئالتۇندەك يالتىراق دانلىرى ھەر تەرەپكە چېچىلىپ زايە بولۇپ كېتىدۇ. مەتنىيازنىڭ قىچىسى ماناشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. خەير، قانداقلا بولمىسۇن، بۈگۈن قىچىغا ئوغاق تېگىپتۇ. قىرىقچە ئورۇنغا بىر تۇتام ــ بىر تۇتام قىلىپ تىزىپ قويۇلغان ئۇنچىنى ئەگەرچىڭ قىلىپ

باغلىسا، ئىككى - ئۈچ باغ قورايچىلىك بولىدۇ. نىمە بولسا بولسۇن ئىش داۋام قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما بۇ ھەسرەت-لىك يىتىم ئىتىزنى خۇشال قىلىپ ئىشقا كىرىشكەن ئۈمىدچى تورت سائەتتىن بىرى يوق، ئۇ، نەگە كەتكەندۇ؟

يېگىدىن ئېگىزغا ئايلىنىۋاتقان ئىتىزلار ئۈستىدىكى گىرو-سەن ژىراقلاردىن كورۈنگەن سۈدەك چىمىرلاپ تۇرۇدۇ. ئىرىقنىڭ ياقىسىغا ئارقانلاپ قويغان ئات ئوت چىشلىمەستىن تىنماي بىشىنى سىلكىمەكتە. ئاشلىقلار ئىچىدىكى چېكەتكىلەر-نىڭ ئاۋازلىرىنى ئاران قوزغىلىۋاتقان ئىسسىق شامال-لاردا، ھورۇنلۇق بىلەن خىلى يەرلەرگىچە ئىلىپ كېتىدۇ. «چىژ-چىژ - چىژ» قىلىپ تىنماي كېلىۋاتقان بۇ ئاۋازلار مەتنىياز-نىڭ غەشلىكىنى كەلتۈرۈدۇ. ئاپتاپتىن قېچىپ يوغان قېرى چىقىر ئۈژمىنىڭ سايىسىغا كېلىۋالغان بولسىمۇ، ھېچ چىداپ بول-مايدىغان ئىسسىقتىن خەۋەر بىرىپ تۇرۇدىغان بۇ ئاۋازمۇ ئۇنى قىينايتتى.

— ھە، ھى، ھەممە نەرسە كويۈپ كېتىدىغۇمۇ نداق ئىسسىقتا، — دەپ غۇدۇڭشىدى مەتنىياز، ئۈژمىنىڭ شېخىدا قونۇپ تۇرغان توك قاغىغا قاراپ. ئونلاپ ژىللاپ ئومۇر سۈزگەن بۇقېرى قاغا شورلۇشۇپ كىپەك ئورلەپ كەتكەن تومشۇغىنى كېرىپ ھەلقىمىنى لىپىلدىتىپ تۇراتتى. مەتنىياز بولسا، تەر پۇراپ كەتكەن كوينىگىنى كوكاتقا ئوراپ بېشىغا قويغان، يالاڭغاچ



www.uyghurkitap.com

دۇمبىسىنى نەم يەرگە چاپلىغان ھالدا ئوگدا يانتاتتى. ئۇنىڭ
يۇمشاق تېنىگە چوڭا ـ چاتقاللار پېتىپ بىزەڭ چېۋىنلەر
بولسا، ئۇ يېرىدىن قوغلىسا، بۇيېرىگە قونۇپ بارام قىلاتتى.
مەتنىيازنى بۇ ژىل ئەتىيازدىن بىرى جان ـ جانىۋارلارمۇ،
مېھنەتمۇ، مانا ھازىرقىدەك ئىسسىقمۇ قىيناۋاتىدۇ. بۇ ھېچ يال
غان ئەمەسقۇ. ئەنە شۇ ھاسىراۋاتقان قېرى قاغا مەتنىيازنى
بوزەك ئەتمەكچى ئىدى.
يېرىم پۇتلۇق يەرگە قۇناق تېرىسا پەقەت 23 توپ ئۈنۈپ
چىقىپتۇ. ئەسلىدە ئۇيەرگە يېرىم چىلەكچە قۇناق چاشقان
ئىدى. مىڭلاپ ـ مىڭلاپ دانلار قېنى؟ ئۇژمىنىڭ شېخىدا
ئولتۇرغان مۇشۇ كاساپەتلەر يەپ كەتتىدە. قاغىنىڭ پەيسىز
لىپىلداپ تۇرغان ھەلقىمىگە قاراپ يېتىپ مەتنىيازنىڭ ئازراق
ئاچچىغى كەلدى.
ــ قاناتلىرىڭ كۇيۇپ كەتسۇن؛ ھارام تاماق! ــ دىدى ـ دە،
ئەمدى دۇم ئورۇلۇپ يېتىۋالدى. ئۇنىڭ كوزلىرى ئۇيقىسىراپ
پات ـ پات ژۇمۇلۇپ قالسىمۇ، خىيالىنى ئورىۋالغان پۇشايمان
ۋە ئېغىر ھەسرەتلەر، بۇنى ئاز دەپ چېۋىنلەرنىڭ غىڭىلداپ
غىدىغلاشلىرى ئۇيقا بەرمەيتتى. مەتىنىياز ئۇسساپ كەتتى.
ئوپكىسى قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن قىلىن لەۋلىرىنى يالاشقا
باشلىدى. ئۇقىرىق ياشقا كېلىپ بۇگۇنكىدەك قاتتىق تەشنا
بولمىغان ئىدى. تەشنالىق ھېلىقى بىز كورۇپ ئوتكەن قىچىغا

www.uyghurkitap.com

ئوغاق سېلىش بىلەن باشلانغان. مەتنىيازنىڭ تەلىيىگە يېقىن ئەتراپتا ئېقىۋاتقان مۇزدەك سۇمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئۇسسىغاندا ئوتلار قاپلىۋالغان ئېرىق تۈۋىدىكى تۇختام سۇلارنى ئىچىۋېرىپ ئېغىر لىشىپ كەتتى. تەشنالىققا كىم چىدايدۇ. سۇ ئىچىش كېرەك ئىدى، بىراق مۇشۇ تۇرقىدا ھېلىقى تۇختام سۇلارمۇ ئىسسىپ كەتتى. چوڭ ئۇستەڭگە باراي دېسە، قىزىق ئاپتاپتا ئالتە – يەتتە يۈز مېتىر يول مېڭىش كېرەك. مەتنىياز بولسا، ئۇ يەرگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇ، شەھەردىن يېزىغا چىقىپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىلاتتى. مېھرىۋان مەرھۇم ئانىسىنى يادىغا كەلتۈردى. يالغۇز ئوغۇل بولغىنى ئۈچۈن ئانىسى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراق بولۇپ، ئەركە ئۆستۈرگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەتنىيازغا دېھقانچىلىق ئىشىغا كىرىشكەن بىرىنچى ژىلى زەي، ساي يەردە يۇمشاق قۇرۇتتەك مىدىرلاپ ئۆتكۈزگەن ژىللىرىغا، يەنى قىرىق ژىللىق ئۆمرىگە ھېچ ئوخشىمايتتى. «بۇمەشەققەتلىك دۇنياغا نىمىشكىمۇ تۇغۇلغاندىمەن؟ كاشكى كىچىك چاغدىلا ئۆلۈپ كەتسەمچۇ، بۇدەرتلەرنى تارتماس ئىدىم» دەپ ئويلىدى ئۇ.

بۇ يىگى دېھقان مۇشۇ ياشقا كەلگىچە ھېمىشە خىيال قىلىسىمۇ، لېكىن ئويلىنىشكە جۈرئەت قىلالمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقىدەك ئۇسسىغان چاغدا سوغ چاي ئەكېلىپ بېرىپ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان خوتۇنىمۇ يوق. دېھقانچىلىققا ئىشلە-

تىلدىغان ئات، كالا ھەم قوش ـ جابدۇقلىرى ھەتتا توخۇم بېرىپ تۇرۇدىغان بىرەر توخۇسىمۇ يوق. پەقەت دىخانچىلىققا كېرەك بولۇدىغان ئەپچىل بىر دانە كەتمىنى، بۈگۈن بىرىنچى قېتىم قىسچا ئورۇشقا ئىشلەتكەن ئەنە ئاۋۇ باش تەرىپىدە تۇرغان ئۈژمە ياغىچىغا سانجىقلىق بىردانە ئوتىكۇر ئوغىقى ۋە ئىككى دانە تاغىرى بار. ئەمما دىخانچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ژىرىنىڭ جابدۇقلىرى بولمىغان بىلەن يېزىدىكى دىخانلارنىڭ ھېچقايىسىدا يوق بىرمۇنچە جابدۇقلىرى بار ئىدى.

سىلە مۇشۇ يېزىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېرىقنى ياقىلاپ ماڭساڭلا كوچا تەرەپتىكى تاملىرى ئورۇلۇپ ئوت بېسىپ كەتكەن 5 ـ 6 تۈپ ئالما ۋە ئاچچىق ئۈرۈگى بار، ئوتتۇرىسىدىكى غوللىرى قۇرۇپ قالغان، لېكىن تۈۋىدىن يەنە قۇيۇق شاخلاپ چىقىۋاتقان كىچىك-كىنە شاپتۇللۇق باغنى كۆرىسىلەر. باغنىڭ شىمالدىكى دالىنى ئورۇلۇپ كېتىپ، يالغۇز قالغان بىر ئىغىز ئويگە كىرىپ، قاراپ بېقىڭلار: ئۈچاقتا داتلىشىپ كەتكەن كىچىككىنە بىر قازان ئېسىغلىق تۇرۇدۇ. ئوينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىشى ياتقىدەك ئورۇن بوش بولۇپ، ئاتىنىڭ توقۇمچىسىنىڭ بىر پارچە ژىرتىق كىگىز سېلىغلىق. كىگىز يەرگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ، ئەتمالىم بۇرۇن ئاق بولۇشى كېرەك، لېكىن ھازىر ئۇنداق دېيىشكە ھېچ كىشى ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى، چاڭ ـ توپا ۋە كۈيۈندىلەرنىڭ دەستىدىن قارامتۇل كۆلرەڭ بولۇپ قالغان

ئىدى. ئۇنىڭ توغرى كەلگەن بىر يېرىدە تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، موزدۇزلۇق ۋە سەتىراشلىق ئۈچۈن كېرەكلىك تۈرلۈك جابدۇقلار بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ چېچىلىپ ياتاتتى. قازان بېشى ۋە ئۆيۈقلارغا بۇرۇنقى زامانلاردىن قالغان تۆمۈر قۇتىلار، دات باسقان سۇنۇق ئۇستۇرىلار، ئۇششاق ۋىنتە گايكا، كونا تاقا ۋە مىخلار تاشلاپ قويۇلغان. ئۆيۈقتا قېلىن، چورىسى قىرچىلىپ ياغلىشىپ كەتكەن كوناجەگىنامە كىتىۋىدىنمۇ ئىككىسى تۇرۇۋۇ. تورۇسىنىڭ ھەر تەرىپىدە ۋە ئىسلىشىپ كەتكەن تاملاردا ئىسسىقلىق تۇرغان قول ھەرە، ياغاچ تېشىدىغان ئۇشكە، قېلىپنى تارتىپ چىقىرىدىغان بۇلجۇرغا ئوخشاش نەرسىلەرگە ئومۇچۇكلەر تور باغلاپ كەتكەن.

مەتنىيازنىڭ تۆمۈرچىلىك، ياغاشچىلىق، موزدۇزلۇق ۋە سەتراشلىق ھۈنەرلىرىگە قولى كېلىدۇ. ئۇ، موزدۇزلۇق قىلسا، ئوتۇكنىڭ قېلىپىنى ئۆزى چاپىدۇ. بەلچە، بۇرەندە، بىگىز، ژىگنىلەرنىمۇ ئۆزى ياسىۋالىدۇ . ئەگەر سەتراشچىلىق قىلسا، ئۇستۇردىن تارتىپ تا قۇلاق كولۇغۇچقىچە بولغان جابدۇقلىرىنى ئۆزى ياسىۋالدۇ.

ئۇ، مەلىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاياق كىيىملىرىنى ياماپ، داس-چىلەكلىرىنى تۈۋلەپ، سۇنغان لىگگىلىچاق ۋە بوغا جاۋاگلىرىنىمۇ تۈزەپ بېرىدۇ. لېكىن ھەق بەرسە تالاشماي ئالىدۇ. ھېچنەرسە بەرمەي، رەخمەت دەپ قويسىمۇ خوشال

بولۇپ قالىۋىردۇ. بىرە چىنە قايماق چاي ياكى تاماقنا قىچ-
قىرىپ قويسىغۇ تاغدەك خوش بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن تاما
قىلىپ ھېچكىمنىڭ ئىشىگىگە بارمايدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ پايدا
زىيان بىلەن ئانچە كارى بولمايدىغانلىغى ھەممىگە مەلۇم ئىدى.
شۇنداق بولسىمۇ كوپ كىشىلەر مەتنىيازغا نەرسىلىرىنى ياسى-
تىشقا ئانچە قىزىقمايتتى. بۇنىڭ سەۋەبى نىمىدە؟

مەتنىيازنىڭ ئەسلى كەسپى سەتراش، ئۇ، ھۈنەرنى شەھەردە
دادىسىدىن ئوگەنگەن ۋە دادىسىنىڭ ھايداقچىلىغى بىلەن
ئۇن نەچچە ژىل داۋام قىلغان. بوشۇشۇپ كېتەي دېگەندە
قۇلىغىدىن سوزۇپ، بۇراپ - بۇراپ قويىدىغان دادىسى ئولگەن-
دىن كېيىن، ئۇھۇنىرىنى تاشلاپ سەتراشلىق قىلىدىغان دۇكاننى
سىمىچكە، پۇچاق ساتىدىغان تەنزە قىلىۋالدى. بۇ تەنزە ئاز
كۈندە قۇرۇق بولۇپ قالدى. كېيىن ئەرتىيازدا مەتنىياز ئوزى
ياسىغان تۇرلۇك لەگلەكلەر بىلەن يەنە ئېچىلدى. لېكىن بۇ
نەرسىلەر بىلەن دۇكان ئىجارىسىنى تولىيەلمىگىنى ئۇچۇن
ئېگىسى ئۇنى قايتۇرۇۋالدى. شۇندىن كېيىن ئۇ بۇنىڭدىن
بىر نەچچە ژىل بۇرۇن دادىسىدىن مىراس بولۇپ قالغان
يېزىدىكى ھېلىقى بىر ئېغىز ئويى بار كىچىك بېغىغا كوچۇپ
چىققان ئىدى. مەتنىياز ھەر نەرسىگە زېھىن قويۇپ ژۇرگەنلى-
كىدىن باشقا ھۈنەرلەرنى دىخانلارنىڭ ھاجەت بولۇشىغا قاراپ
تەجرىبىدە ئوز - ئوزىدىن ئوگۇنۇۋالغان. بىراق باشلىغان ئىشنى

ئاخىرىغىچە داۋام قىلدۇرالمايتتى. ئەگەر ئۇ، ئاندا ــ ساندا بىر ئىشنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ ژىگىرمە ــ ئوتتۇز قېتىم ئۈزۈلۈپ، تاشلىنىپ، ئېگىسى زېرىكمەي كېلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن پۈتكەن ئىش بولاتتى. بىر دىخان مەتنىيازغا ئېرگۇ ــ لۇھارىۋىنىڭ بىر چاقىنى تۈزۈتۈش ئۈچۈن بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا 6 ئاي داۋامدا قېتىرىدى. بىرنەچچە قېتىم يالۋۇرۇپ، بىرنەچچە قېتىم تىللىدى، مەتنىيازنى تىللىساڭمۇ، ياخشى گەپ قىلساڭمۇ ھېچبىرىلا تۇرۇۋېرىدۇ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ھېچ كىشى ئۇرۇشالمايدۇ ــ دە، ئەلۋەتتە.

ھەر ھالدا بۇ دىخان مەھكەم تۇرۇۋالغانلىقتىن چاق پۈتۈپ كەتتى. مەتنىياز بەزى ۋاختلاردا دىخانلارنىڭ چاچلىرىنى چۇشۇرۇپ، ساقال بۇرۇتلىرىنى ياساپ قويۇدۇ. ئۇنىڭغا باش چۈشەرتكەن كىشىنىڭ ئالدىراش ئىشى بولماسلىغى ۋە ئوزىمۇ زېرىكمەسلىگى كېرەك. ئۇ ئىشكىنىڭ ئالدىدىكى تاشتا ئولتۇرغان كىشىنىڭ بېشىنى ئاۋال ئون ــ ئونبەش مىنۇتقىچە قۇرۇق ئۇگىلايدۇ. كېيىن ئوچىمىغا سۇ ئېلىپ ئۇششاق قوللىرىنىڭ ئارىسىدىن ئېقىتىپ يەنە ئۇگىلاشقا باشلايدۇ. بۇ ھەركەت خېلى ۋاختقىچە داۋام قىلىپ چاچ ئالدۇرغۇچىنىڭ قۇلاق چورىلىرى ۋە قاشلىرىنى بويلاپ ژۇندا ئېقىپ كوينەكلىرىنى ھول قىلىۋېتىدۇ. سەتراچ بولسا، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەستىن ئەزمىلىك بىلەن جەڭنامە قىسسىلىرىنى سوزلەۋېرىپ، قوللىرىنىڭ

توختاپ قالغانلىقلىرىنى سەزمەي قالاتتى، تاكى تاش ئۈستىدە مۈكچۈيۈپ ئولتۇرغان كىشى:

«ئۇستام چاچ قويۇپ كەتتىغۇ» دېگەندىن كېيىن مەتنىياز يەنە يوللەپ ئۈگىلاشقا باشلايدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭلا تۈگۈمەس قىسسىلىرىنى داۋام قىلىشقا باشلايتتى:

— پادىشاھى جەمشىت لەيلىۋەشكە ھەممە نەرسىلىرىنى ئۇتتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئەڭ چىرايلىق خوتۇنى مەلىكە دىلسوزنى قىماغا تىكتى. لەيلىۋەش بۇ نازنىن پەرى زاتنىمۇ ئۇتىۋالدى ــ دە، ھى. ھى. ھى.... ئۇ، ئوزىنىڭ گېپىگە ئوزى ھوزۇر قىلىپ كۈلەتتى. لېكىن قاراپ تۇرغان كىشىگە ئۇنىڭ كۈلكىسى بىلەن ژىغىسىنى ئاجرىتىۋېلىش تەس ئىدى. ئۇنىڭ پىستا كوزلىرى پۇرۇلۇپ، ئۇچلىرى جاۋغىغا ئېگىلىپ تۇرۇدىغان كىچىككىنە شالاڭ ساغۇچ بۇرۇتى كوتۇرۇلۇپ كېتەتتى. ئۇ، بېشىنى سەل ئالدىغىراق ئىگىشكەن، ئۇيقىغا مايىل مۇلايىم قىياپەتلىك چاقچاقچى ئادەم ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنى ھېچكىم ئارتۇق يامانمۇ كورمەيدۇ ۋە كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇدىغان ئىشلىرىنى كورگەندە زاڭلىق قىلىپ كۈلمەيمۇ تۇرالمايدۇ.

كادرلار يەر ئىسلاھاتىدا مۇشۇ مەلىدىكى زومىگەر يومېشىكىنىڭ 550 موچە يېرىنى كەمبەغەل دىخانلارغا بولۇپ بەردى. مانا شۇ يەردىن مەتنىيازغىمۇ يەتتە ــ سەككىز چارەك ئۇرۇق بارىدىغان بىرىنچى يەر ھېساۋىدىكى بىر ئېتىز تەككەن ئىدى.

53 ـ ژىلى ئۇ قىرىق ياشقا كېلىپ بۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم دىخانچىلىق قىلىدى. «دىخانچىلىقنى مەتنىياز قىلدى» دەپ ئېيتىساقمۇ، لېكىن ئۇيەرنى ھايداشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى.

پۈتۈن جانلىقتا ھايات زوقىنى قوزغاتقۇچى ئەرتىيازنىڭ يېقىملىق شاملى ئۇچۇن تۇرغان بىر ئەتىگەنلىگى، مەتنىياز ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ چىرايلىق تەكشى ئېتىزلارنى تاماشا قىلىپ ئايلىنىپ ژۈرەتتى. كۈن بارغانسىرى ئىسسىتىشنى كۈچەيتىۋاتقان نۇرلىرىنى يەرگە سېخىيلىق بىلەن چاچاتتى. كۆپۈشۈپ تاۋلىنىۋاتقان ئېتىزلاردىن نەم توپىنىڭ پۇرىغى كېلىپ دىماققا ئۇرۇلاتتى. قىشچە ھەركەتسىز ياتقان قۇرۇت قوڭغۇزلار ئۇچەكلىرىدىن چىقىپ يېڭىدىن ھەركەتكە چۈشمەكتە. ئىسسىغراق جايلارغا قىشلاپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەن ئۇچارقا-ناتلارمۇ قايتىپ كېلىپ، يازىچە قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ پىلانىنى تۈزمەكتە. دىخانلار بولسا، قوش ھازىرلىغىنى جىددىي قىلماقتا. مانا بۈگۈن يېڭى دىخىنىمىزمۇ ئېتىز قىرىدا تۇرۇپ، «بۇيەرنى نىمە قىلسام بولۇدىكىن؟» دەپ باش قاتۇرۇۋاتقاندا يېنىغا كېلىپ قالغان ھەمرانى سەزمىدى.

ــ خوش ئۇستام! بۇيەرنى نىمە قىلماقچى بولۇۋاتىدىلا؟ ــ دېدى ھەمرا كۈلۈمسىرەپ.

ــ ئوتتۇرىسىنى باغ، چۆرىسىنى تاغ قىلايمىكىن دەۋاتىمەن، قانداق دەيسىز ھەمراجان ــ دېدى چاقچاق قىلىپ مەتنىياز.



www.uyghurkitap.com

— بىغىڭىزغا پاتماي قالغان ياۋا چوپلەرنى كوچۇرۇپ كېلىدىكەنسىزدە ئۇنداقتا.

— «بوزچى ھالۋىچى بولسا، كوزنى چاپاق بېسىپتۇ» دېگەندە بىزگە قالغان ئىش شۇنداق بولماي نىمە بولۇدۇ — دەيسىز.

مەتنىياز كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئوزىنىڭ بىپەرۋالىغىنى ۋە مىس — مىسلىغىنى قىزىقچىلىق قىلىپ ئېيتىۋېرەتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ: «مەن دىرەش تۇتسام، ئۇنىڭ ئۇچى ئوتۇكنىڭ چەمگە كىرىپ ئۇخلاپ قالدۇ» دەيتتى. ھەمرا مەتنىيازنىڭ ئۇچۇق كوڭۇللىگىنى ياخشى كورەتتى. لېكىن ئۇنىڭ قاملاشمىغان ئىشلىرىنى دايىم تەنقىت قىلىپ، جىددىيراق ئىش قىلىشقا ئۇندەيتتى.

— قولىڭىزدىكى چاشقان ماياقلىرى سوۋۇپ قالدى. ئاغزىڭىزغا سىلىۋەتسىڭىزچۇ، — دېدى ھەمرا، مەتنىيازنىڭ خىلىدىن بېرى چەكمەي ئالقىنىدا تۇتۇپ تۇرغان ناسۋىلىغا شەرەت قىلىپ، — نائۇمىت شەيتاننىڭ ئىشى، بۇنى ئوزىڭىز ياخشى بىلىسىز.

مەتنىياز ناسۋالنى كالپۇكىنىڭ ئاستىغا سېلىپ ئۇنى تىلى بىلەن تۇۋەنگە باستى. ئورۇنلاشماي قالغان ئىككى دانىسىنى پۇركۇۋېتىپ غەلىتى ئاھاڭ بىلەن سوزلىدى.

— بۇ يەرنى نىمە قىلسام بولۇدىكىن؟ ئالدىغان خېۋىردار

بولسا، سىتىپ راسا ياغ چاينىۋالا يمەن ئالڭ.

ھەمرانىڭ ئاپتاپتا پىشىپ، گىردە ناندەك قىزارغان يۈزى جىددىي تۈس ئالدى. ئۇ قويكوزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى قويۇق قاراقاشلىرىنى چىمىرلىتىپ:

— پارتىيە كەمبەغەللەرگە يەرنى سودىگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن بەرمىدى، دېخانچىلىق قىلىش ئۈچۈن بەردى، — دېدى.

— شۇنداق – شۇنداق.

— ھە، شۇنداق بولسا بۇيەرگە بىر نەرسە تىرىڭدە، ھوسۇلنى ئېلىپ ئۇنى يەمسىز ياكى سىتىپ ياغ ئېلىپ چاي- نامسىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارى.

— يەنە ئېلىپ ساتىمەن دەپ زۆرگىچە ياغنىڭ ئۆزىنىلا تەرمەيمەنمۇ، — دەپ خىقىراپ كۈلدى مەتنىياز.

ھەمرا ئۇنىڭ سوزىنى ئاۋال چاقچاق دەپ چۈشەندى. كىيىن قىچا تەرمەكچى بولغىنىنى بىلىپ كۈلۈپ كەتتى:

— مەيلى ئۇستام بۇيەرگە قىچا چىچىڭ، — دېدى ھەمرا قوغۇشۇندەك ئېغىر ئالقىنى بىلەن مەتنىيازنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ.

— مەن ھايداپ ئۇرۇقىنىمۇ چىچىپ بىرىمەن. سىز بىر چىلەك قىچا تاپسىڭىزلا ئىش پۈتۈدۇ.

مانا شۇندىن بىرى ھەمرانىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەتنىياز- نىڭ دېخانچىلىقى باشلانغان ئىدى. ھەمرا ئۇنىڭ يەتتە- سەككىز چارەكلىك ئېتىزىنى ھايداپ قىچا چىچىپ بەردى.

بۇنىڭ بەدىلىگە مەتنىياز بىر پارە توپلى تىكىپ بەرمەك بولۇپ ئۇز ــ ئۇزىدىن ۋەدە بەرگەن ئىدى.

مەتنىياز بىر باي دىخاننىڭ لىڭگىلچاق ياساپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئون قاداق كوممۇقوناق ئالغان. بۇنى يەنە بىر دىخاننىڭ ئوتۇگىنى ياماپ بېرىپ بىر پۇتىلۇق يەرگە چاشقۇزغان ئىدى. قۇناقلار ئۇنمەي قالدى. ئەمما قىچىسى ياخشى ئاينىپ، ساپسېرىق گۈللەپ ئوزىگە خاس بولغان يېقىملىق پۇرىقىنى چاچاتتى. قالغان بىر پۇتىلۇق يەرگە بولسا، ياكيۇ تېرىيمەن، قوغۇن تېرىيمەن دەپ ژۇرۇپ ھېچنەرسە تەرمەي ئاق تاشلىۋەتتى. مەتنىيازنىڭ دىخانچىلىق توغرىسىدا يازىچە قىلغان ئىشى قىچىغا ئۈچ قېتىم سۇ تۇتۇش بولدى. سۇ تۇتۇشمۇ ناھايىتى ئاسان ئوتتى. چۈنكى مەتنىيازنىڭ پۇتۇن ئېتىزى پەقەتلا ئىككى ئېچىقتىن سۇغۇرۇلۇدىغان بولۇپ، قىچا تېرىلغان جاي بىر ئېچىقتىنلا سۇغا قانغانلىقتىن ئۇنىڭغا جاپا تارتىپ توغان سېلىشقىمۇ توغرى كەلمىدى. ئۇ كېچىسى سۇدىن قورقاتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن 3 لا قېتىم كۇندۇزى سۇ تۇتتى. ئەمما بىرىنچى قېتىم سۇ ئۇنىڭغا بوي بەرمەي، يوللارغا، باشقا كىشىلەرنىڭ ئېتىزلىرىغا قېچىپ كېتىپ نۇرغۇن ئاۋارە قىلغان ئىدى. شۇ كۇنى ئۇ، سۇغا، پاتقاقلارغا نەچچە قېتىم ژىقىلىپ چۇشۇپ، كىيىملىرى چوپ ــ چوپ ھول ۋە لاي ھالدا كىشىلەرگە كورۇنمەي ئويىگە ئاستا كىرىۋالغان. مەتنىياز كىچىسى سۇدىن قورق

قان بولسا، مانا ئەمدى قىچىنى ئۇرۇۋېتىلگەن ۋاختىدا كۈندۈ-
زى ئاپتاپتىن قورقۇپ، «ئۇژۇم پىشى، ئاغزىمغا چۈش» دەپ،
ئەنە سايىدا ئوگدا ياتىدۇ.

ئۇ بېشىنى ئاستا كوتۈرۈپ ژىراقتىكى ئېتىزلارغا قارىغان
ئىدى؛ ھەمكارلىق گرۇپپىدىكى دىخانلارنىڭ بۇلۇق بۇغداي-
لىرى باشلىرىنى ئىگىشىپ، ئاپتاپتا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان-
لىغىنى كوردى. ئېتىزنىڭ بىر چېتىدە بىر قانچە كىشىلەرنىڭ
تىنىماي قىمىرلاۋاتقانلىقلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ھەم-
كارلىق گرۇپپا ئەزالىرى بولۇپ، تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن بۇغ-
دايلارنى ژىغىۋېلىش ئۈچۈن مۇزاكىرە ئوتكەزگەن، بۈگۈن
تاڭ يورۇش بىلەن ئوملۇكتە قىزغىن ئومغا چۈشكەن ئىدى.
ئۇغەمكىن كوزلىرىنى ھەمكارلىق گرۇپپا ئەزالىرى ھەركەت
قىلىۋاتقان ئېتىزدىن قاچۇرۇپ، باشقا تەرەپكە تاشلىغان ئىدى:
ئىگىز ئوسكەن قارامتۇل-يېشىل، كەڭ يۇپۇرماقلىق قوناق-
لارنى، قوغۇنلۇق باراڭلىرىنى، ئېرىق ياقىسىغا بىسىپ قويغان
ئوت دۈگىلىرىنى كوردى. ئېرىق بويىدىكى چىغ يول بىلەن
بىر نەچچە خوتۇن كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ قولىدا چى-
لەك، بەزىلىرىنىڭ مورىسىدە خۇرجۇن ياكى يوغان-يوغان
بوغما قاپاقلار بار ئىدى. ئۇلار، ئەلۋەتتە، ھەمكارلىق گرۇپپا
ئائىلىلىرىدىكى خوتۇنلار بولۇپ، ئوما ئورۇۋاتقان گرۇپپا
ئەزالىرىغا قايماقلىق ئەتكەن چاي، نان ۋە كىچە قايىنتىپ

سوۋۇتۇپ قويغان سوۋۇق چايلارنى ئېلىپ كېتىپ باراتتى. مەتنىياز ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىپ بارغان قىزىل كوينەكلىك خوتۇننى تونۇدى. ئۇ، ياغلىقنى چىكىلەۋېلىپ، قولىغا قاندراقتۇ گۈللەرنى قىسىۋاپتۇ. ئەتراپتىكى خوتۇنلارغا چاقچاق قىلىپ، ھارغىنچە كۈلدۈرۈۋاتىدۇ. مەتنىياز ھەمرانىڭ سىڭلىسى بۇ خوش چاقچاق ئىززەتخاننىڭ ئەتكەن مىزىلىك تاماقلىرىنى يەپ، قايماقلىق چايلىرىنى بىر قانچە قېتىم ئىچكەن. قېنى مۇشۇ تۇرقىدا ئەشۇ قاپاقتىكى مۇزدەك سوغ چاينى ئەكىلىپ بەرسە ھەجەپ ياخشى بولاتتى. مەتنىياز تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان بىلەن نومۇسى يار بەرمەستىن ۋاقىراشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ قۇرۇپ كەتكەن تامىقىغا تىقىلىپ قالغان يامان نەپەسنى باستىدە بېشىنى يەنە ئاستا جايىغا قويۇپ ئىززەتخاننى ئويلاشقا باشلىدى. ئىززەتخان ھەجەپ كېلىشكەن قاۋۇل چوكان. ئۇ ئاكىسىغا ئوخشاشلا نامراتلارغا شەپقەتلىك. نىمىشكە خۇدايىم شۇنداق خوتۇنلاردىن بىرەسىنى «ئال قۇلۇم» دەپ بېرىۋاتمايدىغاندۇ؟ . مەتنىياز ئىززەتخاننىڭ ئاكىسىنىڭكىگە ئوخشاش قارا ئەگمە قاشلىرىنى، قۇيۇق كىرپىكلىك قوي كوزلىرىنى، ئاناردەك مەڭىزلىرىنى، كېلىشكەن سۇمباتىنى كوز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ ئەرتىياز ئىززەتخاننىڭ پۇتنى چىگە بىلەن ئولچەۋاتقاندا تومبۇلاق پاچىخى تېگىپ كېتىپ بىلىگىنى ئىسسىتىۋەتكەنلىگى يادىغا چۈشۈپ بىارام بولدى. ئۇ ئىززەت-

خانىنىڭ ژۈيۈپ يېيىپ قويغان كوينىگىنى كۆرگەندىمۇ، ئۇزىدە قاندىقتۇ غەلىتە ئىسسىق بىر تۇيغۇ پەيدا بولۇدىغىنىنى بىلەتتى. ھەتتا ئىززەتخانغا تىكىۋاتقان توپلىيمۇ تېخى ئۇنىڭ بوتىغا سېپىلماي تۇرۇپ، ئۇيدىكى پۈتۈن نەرسىلەردىن باشقىچە-رەك يېقىملىق كۆرۈنەتتى. پات-پات «مۇشۇنى كىيىدۇ ھە» دەپ ئالقىنى بىلەن ئاستا سىلاپ قوياتتى. غۇلجا خۇرۇمىدىن تېكىلگەن بۇ توپلىينىڭ بۇراسكالىغى 4-ئايدا پۈتۈپ، 5-ئايدا قېلىپقا تارتىلغان ئىدى. چەمى چاپلىنىپ، پاشنىلىرى سوزۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئەمدى پەردەز قېلىپ قېلىپتىن چىقىرىشلا قالغاندىلا تاشلىنىپ قالدى. مەتنىياز توپلىينى مۇشۇ چاقچىقە ئاپىرىپ بەرمىگەنلىكىگە خىجالەت بولۇشقا باشلىدى. ئۇ يەنە بېشىنى كوتۇرۇپ خوتۇنلار كەتكەن تەرەپكە ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى.

## II

مەتنىياز قىچا ئورۇشنى توختۇتۇپ ئىززەتخانىنىڭ توپلىينى پەدەز قېلىپ چىقاردى. ئەمدى توپلىينى ئېگىسىگە ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردىدە، ئۇنى ئالقىنىغا قويۇپ بىر-دەم قاراپ تۇردى. ئاجايىپ ياخشى پەدەز قىلىنىپتۇ، قارى-ماسەن بۇنىڭ پاقىرىغىنىنى! ئۇ توپلىنىڭ تۇمشۇغىنى يېڭى بىلەن يەنە بىرقاتار سۈركەپ، قارىگۇل تىكىپ كەتكەن كىرىياغ-

لىغىغا چىگـدى. ياغلىقتىن تەر يۇرىغى، توپلىدىن بولـسا مۇم
يۇرىغى كېلىپ تۇراتتى.

كەچقۇرۇن ھەمرانىڭ پۈتۈن ئائىـلىسى كاۋا بارىگىـنىڭ
ئاستىغا ژىغىلىپ ئاش ئىچىۋاتقاندا مەتنىياز توپلىنى كوتۇرۇپ
كىرىپ باردى. ھويلىغا كىـرىش بىلەنلا ئۇنىڭ دىمىغىغا يۇمـ
غاق سۇت ۋە پىنىە كوكى سىڭلىنىـغان سۇيۇق ئاشنىڭ مېزىلىك
يۇرىغى كېلىپ تەگدى.

ھەمرا خوشال قارشى ئېلىپ:

— ئوھو قېنى - قېنـى ئۇستام بۇياققا! —دەپ مەتـنىيازنى
جوزىغا تەكلىپ قىـلدى. — ئاتـلىرى ھېرىپ قالغىـنى تاس
قاپتۇ - دە.

— خوش - خوش مەن قايتاي، —دېدى مەتنىياز توپلىنى
سۇنۇپ، —مانى ئېلىپ كېلىۋىدىم.

ئىززەتخان كۇلۇمسىرەپ كېلىپ توپلىنى ئالـدى. ھەمرا
بولسا، مەتنىيازنىڭ قولىدىن تارتىپ جوزىغا ئولتۇرغۇزىۋېتىپ:

— بۇگۇن قاياقتىن كۇن چىقتى ئۇستام.

— راسلا مەن تېخى قۇم چىچەكلىگەندە، توگمىنىڭ قۇيـ
رىغى يەرگە تەككەندە پۇتەمدىكىن بۇ توپلى دەپ ژۇرەتتىم، —
دەپ چېقىشتى ئىززەتخان. مەتنىياز مۇنداق سوز ئويۇنلىرىغا
جاۋاپ بېرىشكە خېلى ئۇستا بولسىمۇ ھازىرقىدەك ئەھـۋاللدا،
بولۇپمۇ ئىززەتخانىنىڭ يېنىدا چاقچاق قىلىشقا جۇرئەت قىلالـ

www.uyghurkitap.com

مايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھېچنىمە دېمەستىن قىزىرىپ ئاش ئىچىۋاتاتتى. باشقىلار بولسا توپلىنى بىر قاتاردىن كۆرۈپ ماختىشاتتى. ئاخىرى ئىززەتخاننىڭ تورت ياشلىق ئوغلى ئەركىن بىر پاي توپلىنى ئېلىپ قاچتى. ئانىسى ئۇنى قوغلىغان ئىدى، قېچىپ بېرىپ مەتنىيازنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالدى.

— بۇنى ماڭا ئەكەلدىڭىزمە؟

— ھەئە.

— بۇنى مەن كېيىمەن ھە، ھەميا چوڭدادا؟!

— بۇنى ئاپاڭغا بېرىۋەت ئوغلۇم، مەن ساڭا بۇنىڭدىن چىرايلىق قىزىل توپلى ئېلىپ بېرىمەن.

— ئەكە! جېنىم بالام، ئويگە ئەكىرىپ قوياي.

— ھە تازا ساڭا بېيىمەن.

ئىززەتخان بالىسىدىن توپلىنى تارتىپ ئېلىۋاتقاندا مەتنىيازنىڭ يۈزىگە ئۇنىڭ ئىسسىق ۋە يۇمشاق تىنىقى ئۇرۇلدى. مەتنىياز سىماپتەك تىترەپ كېتىشكە ئاز قالغان تېنىنى ئاران-ئاران تۇتۇۋالدى. ئۇ، بۇ ھالەتنىڭ يەنە بىردەم داۋام قىلىشىنى تىلەيتتى. بىراق ئىززەتخان توپلىنى بالىسىدىن تارتىۋېلىپ ئويگە كىرىپ كەتتى. ئۇستام ئانىسىنىڭ پۇرىغى سىڭىپ قالغان بالىنىڭ قولاقلىرىنى پۇراپ ئەكىلىتەتتى. كىچىك بالا بېشىنى سىلىغان ۋە ئوزى بىلەن سەمىمي خۇشخوي مۇئامىلە قىلغان كىشىلەرگە ئامراق بولۇدۇ. ئىززەتخاننىڭ ئوغلىمۇ ئوزىنى

قۇچىغىدا تۇتۇپ ئولتۇرغان بۇ يۇمشاق مۇئامىلىلىك كىشىنى ئوبدان كورەتتى.

ئىككىنچىدىن ئالتى ئايلىق ۋاختىدا دادىسى ئولۇپ كېتىپ، ئانىسى ئۇنى ھەمرالارنىڭكىدە ياندۇرۇپ ئېلىپكەلگەن. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ئاتا مېھرىگە تەشنا بولۇپ ئوسكەن ئىدى. ئىززەتخان بولسا، ئېرى ئولۇپ كەتكەندىن بېرى تورت ژىل تۇل ژۇرۇدۇ. ئۇ بۇرۇنقى ئېرىنى ياخشى كورگەنلىكىدىن يەنە باشقا تۇرمۇش قۇرۇشقا ئانچە قىزىقمايتتى. چىققان لايىقلارنىڭ بىرسى ئۇرۇشقاقمىش، دىل ئازارى تارتمەنمىكىن، بەزىسى بالىسى باركەن، بالامنى پاتقۇزماسمىكىن، ئوگەيلىك بولارمىكىن دەپ ئۇنىماي قوياتتى. ئەمدى مەتنىيازغا كېلىدىغان بولساق ئۇنىڭدىن بۇ توغرىلاردا ئەندىشە قىلىشقا ئورۇن يوق ئىدى. بىراق ئىززەتخان ئۇستامىنىڭ بوشاڭلىق ۋە بىپەرۋالىقىنى يامان كورۇپ زاڭلىق قىلاتتى. ئەگەر ئۇستام باشقىلارغا ئوخشاش دىدىلىراق بولۇپ، ئەمگەككە قاتنىشىدىغان بولسا ئەلۋەتتە ئىززەتخان ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش كوچۇرۇشكە تەييار ئىدى.

ھەمرا ئاش ئىچىلىپ بولغان چىنىلەرنى دەستىلەپ نېرىراق ئىتتىرىپ قويىدىدە، مەتنىيازنىڭ قىچىسى توغرىسىدا گەپ باشلىدى:

— ئۇستام بۇ نىمە بولغىنى، قىچىنى قاخشىتىپ يەنە تاش-

لىۋېتىپسىزغۇ؟

— ئوما ئورۇشمۇ ھۈنەرگە ئوخشايدۇ. مەن بۇ ھۈنەرنى ئۆگۈنەلمەيۋاتىمەن.

مەتنىياز ئوزىنىڭ چىدامسىزلىغىنى «ھۈنەر» دېگەن سوز بىلەن يېپىۋاتقانلىغىنى سېزىپ، ھەمرا ئۈنىڭغا مىيىغىدا كۈلۈپ قاراش بىلەن:

— بىر تەرەپتىن قارىغاندا، توپ - توغرى، بىر تەرەپتىن قارىغاندا، مۈغەمبىر ئادەمدە سىز، - دېدى. — ئۈنىڭدىن ئاپتاپقا چىدىمىدىم دەپ توغرىسىنى ئېيتىسىڭىز بولمامدۇ.

— ئەمدىغۇ شۈنداق، — دېدى مەتنىياز ھەمرانىڭ دەل ئۈستىدىن چۈشكەنلىگىگە خىجالەت بولۇپ، — ئەمما لېكىن قانداق ئورۇشتىمۇ گەپ بار ئىكەن. مانا قارىماسىز، — دەپ ئوغاق كىسىۋەتكەن قولىنى كورسەتتى.

ھەمرا ئۈنىڭ قولىغا قارىماستىن زەردە قىلىۋىراق سوزلىدى:

— ئەلۋەتتە، ئوما ئورۇشنىمۇ بىلىش كېرەك. ئۈنى ئاپتاپقا ۋە ئىشقا چىدىغان ئادەم بىر - ئىككى كۈندىلا ئۆگۈنۈپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ، خالىسا قىلىپ، خالىمىسا تاشلاپ قويىدىغان سىلىنىڭ پۈپۈش تىكىشلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھازىر بوشاڭلىق بىلەن ئوتكۈزۈۋەتكەن ھەر - بىر كۈن ئايلاپ قىلىنغان ئىشلارنى زايە قىلىۋېتىدۇ.

— شۈنداق - شۈنداق، يۇ توغرى. ئەمدى قانداق قىلسام

بولۇدىكىن؟

— مەن دەۋاتىمەنغۇ! ياپىسام پىشامدىكىن، كومىسەم پىشامدىكىن دەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇدىغان ۋاخت ئەمەس، بۇ. بەلنى چىڭ باغلاپ، ئوروپ ژىغىش كېرەك.

— ژىغىشنىغۇ ژىغامىز، راستىنى ئېيتسام ژىغىش تەس كېلىۋاتىدۇ — دە.

— ھەي ئۇستام! — دېدى ھەمرا ئېچىنغان قىياپەت بىلەن. ئاشلىقنى ژىغىپ، تېپىۋېلىش ئۇنى ژىقىتىپ قويۇشتىن ئۇڭاي ئەمەس. ھەممىسىگە چىدام كېرەك، چىدام.

— غەيرەت لازىم دېسىلە.

— ھە، مانا ئەمدى تاپتىڭىز. غەيرەت كېرەك. ئۇنىڭ ئۈچۈن سەھەر تۇرۇپ، كۈن قىزىغىچە ئوما ئوروسىز، ئاپتاپ كويدۇرەي دېگەندە سېرىق سۆگەت سايىسىغا بېرىپ بىردەم ئۇخلاۋالسىڭىزمەيلى. سالقىن چۈشكەندە يەنە ئوروسىز. ھازىر بولسا كېچىسى ئايدىڭ. غەيرىتىڭىز جايىدا بولسا، ئايدىڭ كېچىسىمۇ ئوروسىز. كېچىسى قىچىنىڭ موسىنى پوشكالدەك يۇمشاپ قالىدۇ. ئوروشقىمۇ ئاسان ھەم دانلىرى ئانچە چېچىلىپ كەتمەيدۇ، ئوزىڭىزمۇ ئاپتاپتا كويۇپ كەتمەيسىز. شۇنداق غەيرەت قىلىۋەسىڭىز ھەممە ئىش ئوز ۋاختىدا تۈگەيدۇ.

مەتنىياز قىچىنى ھەمرا كورسەتكەندەك ئوروشقا غەيرەت قىلىدىغان بولۇپ ئويىگە قايتتى. بۈگۈن سەھەر قوپۇشنى نىيەت

قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەل ياتقىچە مېچىتنىڭ ئالدىدىكى ياغاچتا گەپ سېتىشنى قويدىدە، مەلىدىكى ھەممە كىشىدىن بۇرۇن يېتىپ قالدى. ئەمما مەلىدىكى ھەممە كىشى ئارام ئېلىپ، تاتلىق ئۇيقىغا كەتكەندە مەتنىياز تېخى ئۇخلىمىغان ئىدى. ئۇ بىردەم پىشانىسىغا يېزىلغان قىچىنىڭ جاپا ئەمگىكى، بىردەم ئىززەتخانىنىڭ بايا يۈزىنى سىپاپ ئۆتكەن شىرىن ۋە ئىسسىق نەپىسى ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق جامالىنى خىيال قىلاتتى. بۇ ئاچچىق - چۈچۈك شىرىن خىياللار ئۇنىڭغا ئۇيقا بەرمەيتتى. ئاخىرى ئۇ بىر نەچچە قېتىم ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ يېتىپ باش تۇخو قىچقارغاندىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى.

مەتنىياز قاتتىق ئۇيقىغا چومغانلىقىدىن تاڭ سۈزۈلگەندە ئويغۇنالمىدى. پەنجىرىدە كۈننىڭ ھالرەڭ نۇرى يالتىراپ، ئۆينىڭ ئىچىدە چىۋىنلەر گاژىلداپ ئۇچۇشقا باشلىغاندا، ئورنىدىن ئەسلىكتە تۇرۇپ، يۈزىنى ژۇمايلا چايغا ئوت يېقىشقا ئۇرۇندى. ئۇ، بۇ چاغدا دېخانلارنىڭ ئاللىقاچان ئىشقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، ئوزىنىڭ شۇلارغا ئوخشاشلا بىرىنچى قېتىم قاتتىق ئىشقا كىرىشكە جۈرئەت قىلىدىغان كۈنى ۋاختىدا قالغانلىقىغا ئوكۇندى. بۇ يېڭى دېخان تاڭ سەھەردە تۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەن؛ ئۇ ھەر كۈنى كۈن نەيزى بويى ئورلىگەندە كوزىنى ئېچىپ يەنە ئىككى سائەتچە خىيال سۈرۈپ قوپالماي قالاتتى. ھەر ھالدا بۈگۈن باشقا كۈنلەرگە قارىغاندا



www.uyghurkitap.com

ئەتىگەنــراق تۇرغىنى ئۇچۇن خوشال بولۇشىمىز كېرەك. ئۇمۇ ئەنە ئىشقا ئالدىراۋاتىدۇ. ئوتــنى چاپسانراق تۇتاشــتۇرۇش ئۇچۇن تىنماي پۈدەپ ئاچچىق ئىسنىڭ دەستىدىن كوزىدىن ياش ئاقماقتا.

ــ ئەبدى يانماي كېتەرسەن ئىلاھىم! ــ دەپ غۇدۇڭشىــدى ئۇ كوزىنى ئۇگىلاۋېــتىپ. مانا چاي قايىنتىشتىنمۇ كەچــتىدە، ھېلىقى توپىنى چىكــكەن ياغلىقتا بىــر پارچە قاتتىق ناننى ئوراپ قولتىغىغا قىستى ۋە قولىغا ئوغاقنى ئېلىپ ئېتىزغا كەتتى. ئۇنىڭ كەشىسى پۈتىنىڭ سوڭىغا يۇمشاق ــ يۇمــشاق ئۇرۇلۇپ كېتىپ باراتتى. كەشى ئوز ئېگىسىنىڭ ئادەتتىكىــدىن باشقىچىرەك تېزلىكتە ھەركەت قىلىشقا جۇرئەت قىلىۋاتــقانلىغىنى سېزىپ، كۇلگەندەك شاقىلداپ قوياتتى.

ئەتىگەن ژۇگــرۇشۇپ تۇرغان سالقىن شامال ئاللــقاچان توختاپ قالــدى. كۇن ئورلىگەندىن كېيىن بوۋايلار سوزلەپ ژۇرۇدىغان بوغا تىنجىقى يەنە باشــلاندى. دەرەخلەرنىڭ ئەڭ ئۇچىدىكى يوپۇرماقلىرىمۇ قىمىرلىماي جىم تۇراتتى. مەتنىياز بىرىنچى قېتىم ئومىغا كىرىــشكىنىگە قارىغاندا ھەقىقەتەن خېلى غەيرەت قىلغانلىغى ئۇنىڭ بېلىنى ئالالمىغانــلىغىــدىن مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

ــــۋاي ــ ۋاي ــ ۋاي، كاساپەت ھەجەپ ئاغرىيدىكىنا! ــــ ئۇ ئىككى بىقىنىنى قارماپ تۇرۇپ، گەۋدىسىنى توغرىلىدى.

بىر نەچچە مىنۇتقىچە بىلىنى ئۈگىلاپ ئوغاقنى يەنە قولىغا ئالدى. بۇ ئومىچى شۇنچىلىك غەيرەت قىلدىكى، مۈكچىيىۋېرىپ بېلى ئاغرىغاندىن كېيىن، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، كىسايىپ تىزلىنىپ ژۇرۇپ ئوما ئوردى، مەيدە ۋە غولدىكى چوڭقۇرلۇقنى بويلاپ تەر شورقىراپ ئاقاتتى. ھول بولۇپ چاپلىشىپ قالغان كويىنىگىنى تېنىدىن سويۇپ ياقىسىدىن تۇمشۇغىنى تىقىپ پۇدەيتتى. قېشىنى بويلاپ تىنىماي ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تەرنى سىپىرىپ قولىنى سىلكىتەتتى. ئاخىرى تامغى قورۇپ ئۇنىڭ مىدىرىغىچىلىك دەرمانى قالمىغاندىن كېيىن، بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئۆزىمنىڭ سايىسى تەرەپكە كەشىسىنى سورەپ ئاستا مېڭىپ كەتتى. ئۇ، ئۈچ ئوينىڭ ئورنىچىلىك يەردىكى قىچىنى ئورغان ئىدى.

تاڭ بىلەن بۇغداي ئومىسىغا چۈشكەن ھەمكارلىق گرۇپپىدىكى دېخانلارنىڭ ھەر - بىرى بولسا، شۇ پەيتتە ئۇنىڭدىن ئون — ئونبەش ھەسسىگىچە ئوشۇق جاينىڭ بۇغدىيىنى ژىغىپ بولدى.

ھەمرا چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاختىدا مەتنىيازنىڭ ئېتىزىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كورۇپ قايتقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەمكارلىق گرۇپپا ئەزالىرىغا بۈگۈن ئايدىڭ كېچىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ قىچىسىنى ئورۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. كوپچىلىك ھەمرانىڭ تەكلىۋىگە قوشۇلۇپ: «بولىدى، ئۇنى بىردەمدىلا ئورىۋېتىمىز» دەپ ۋەدە بېرىشتى، لېكىن بىركىشى

نارازى بولۇپ غوڭشۇپ بارالـماسلىقىنى ئېيتتى. ئۇ بولسا؛ «قوشنى ئەڭ ئاۋال مېنىڭ يېرىمگە سالمىدىڭلار»، «مېنىڭ ئېتىم سېمىز ۋە هارۋامنىڭ جازىسىمۇ، باشقىلارنىكىدىن كەڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلاردىن ئارتۇق نومۇر بېرىسىلەر» دەپ تۇرلۇك ئۇششاق چاتاق چىقىرىپ ژۇرۇدىغان سىيىت ئاخۇن ئىدى. ئۇ، ئۇششاق گەپ ۋە مەنىپەت توقۇنۇشىدىن مەززە ئالاتتى. ئۇ هەمرانىڭ رەهبەرلىك ئىشلىرىدىنمۇ بىرقانچە قېتىم ئورۇنسىز چاتاق چىقىرىپ لەت بولغان.

بۇ هەمكارلىق گرۇپپا سەككىز ئائىلىدىن تەشكىل قاپقان بولۇپ، ئالتى ئائىلە كەمبەغەل، ئىككىسى ئوتتۇرا دېخان، پەقەت ئوتتۇرا دېخان سىيىت ئاخۇندىن باشقا هەممىسى يەر ئىسلاهاتىدىن يەر تەقسىم قىلىنۋالغان. كەمبەغەل دېخان هەمرا گرۇپپا باشلىقى بولۇپ، مۇشۇ يېزىدىكى دېخانلار بۇ هەمكارلىق گرۇپپىنى «هەمرا گرۇپپىسى» دەپ ئاتايتتى. هەمرا ئىشچان، توغرى، سالماقلىق بولغىنى ئۈچۈن گرۇپپا ئەزالىرى ئۇنى ناهايىتى ياخشى كورۇدۇ. گرۇپپا بۇژىل قۇرۇلۇپلا يەرلىرىنى ياخشى ئىشلەپ تېرىمىنى هەممىدىن ئاۋال، ئوز ۋاختىدا ئوتكۈزدى. ياز بويى گرۇپپا ئەزالىرى ئىشتا ۋە بىر ـ بىرلىرىنىڭ ئائىلە هاياتىدىمۇ ئىناقلىق بىلەن هەمكارلاشتى. پەقەت سىيىت ئاخۇننىڭلا تېرىم ۋاختىدا كورسەتكەن كوزى كىچىكلىكىنى هېساپلىمىغاندا يېزىدىكى دېخانلارغا يامان تەسىر بەرگىدەك

چاتاق چىقمىغان ئىدى. ھازىرمۇ مەتنىيازغا كىچىككىنە ياردەم قولىنى سوزۇپ قويۇش تەكلىۋى سىيىت ئاخۇنغا ياقمىغانلىقى گرۇپپا ئەزالىرىنى ھېچقانداق تەۋرىتەلمىدى. گرۇپپىدا ھەرىلەر ئوما ئورۇۋاتقان ئونبەش مېھنەت كۈچى بار ئىدى، ئۇلار (سىيىتتىن باشقىسى) ئون تورت كۈنلۈك ئايىنىڭ سۈتتەك يورىغىدا مەتنىيازنىڭ قىچىسىنى ھەش - پەش دىگىچە ئورۇۋېتىپ كېتىشتى.

★

قىزغىن ئىش ۋاختى كەلدى. دىخانلار ئەتىدىن تاكەچكىچە دانلارنى ئوت ، سامان ۋە توپىدىن ئاجرىتىۋېلىش ئۈچۈن چېلىشماقتا، ئەنە ئاۋۇ خاماندا ھەمرا گرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى بۇغداي سورۇۋاتىدۇ، سامان كەينى - كەينىدىن ھاۋاغا فونتانـ دەك ئۇرغۇپ چىقماقتا، ماجاندەك دانلار بولسا، دىخانلارنىڭ ئالدىغا شارىلداپ چۈشۈپ تۇراتتى. بۈگۈن گرۇپپىدىكى دىخانلارنىڭ خوتۇن ۋە ئىشقا يارايدىغان بالىلىرىمۇ خامان يېنىدىكى قوناقلىقتا ژىغىلغان، ئۇلار ئىززەتخاننىڭ باشچىلىقىدا، ئېتىز ياكۇرىتىپ ناخشا ئېيتىشىپ قوناق ئۈزۈۋاتىدۇ. بۇئومۇلۇكتىكى قىزغىن ھەركەت، ئىشنىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

شۇ پەيتتە مەتنىيازمۇ، تورت باغ قىچىنى ئاغامچىدا باغلاپ يېقىن ئارىدىكى خامانغا كوتۈرۈپ كېتىپ باراتتى. ئاغامچا

ئۇنىڭ مۇرىسىگە پاتقانسىرى مۈكچۈيۈپ، قىچا ۋە ئاغامچىلارنى تىللايتتى. پات - پاتىلا كوتەرگەن ژۇكىنى يەرگە قويۇپ ئۇستىدە ئولتۇراتتىدە قۇناقلىق تەرەپتىن كېلىۋاتقان ناخشا، ئويۇن - كۈلكە ئاۋازلىرىنى تىڭشاپ، شۇيەرگە بارغىسى كېلەتتى. مۇشۇ دەردىسە قىچىنى ژىغىۋېلىشتىن مىڭ مەرتىۋە كەچسەم نېمە بولۇدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ تويغىچە پاراڭ سېلىشىپ چاقچاق قىلىشىپ بىللە ئىشلىسەم قانداق ياخشى دەپ ئويلىدى. ئۇ ھەمكارلىق گرۇپپىغا ئەزا بولۇپ كىرىشنى ئانچە خالىمايتتى، چۈنكى جىددىي سۈرۈپ ئىش قىلىش ئۇنى چوچىتەتتى. ئىشلىگەندە ئىشلەپ ئۇخلىغاندا ئۇخلاپ ئوز ئەركىم بىلەن ژۇرەلمەيمەن دەپ ئويلايتتى. ئەمما ئۇ بارغانسىرى كىشىلەر ئومۇلۇشۇپ ئىشلىگەندە ناخشا، خوش چاقچاق، ئويۇن - كۈلكىلەر بىلەن ئىش كوكۇللۇك بولۇشىغا قىزىقىپ قالدى.

سىلەر مەتنىيازنىڭ ژۇقۇرىدىكى قىلىق ۋە ئويلىرى توغرىسىدا زاكىلىق قىلامسىلەر، مەيلى باشقا خىل ھوكۇم چىقىرامسىلەر، قەدىرلىك ھېكايە ئوقۇغۇچىلار، مەن سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلارنى ئوزەمگە جەلىپ قىلماسىدىم، بىراق بۇنىڭ كېيىنكى قىزىقىپ قىلىشى بىلەن باشقا ئويلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى كوللېكتىۋ مېھنەتنىڭ ياخشى خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى مېھنەتنىڭ سەنئەت دەرىجىسىگە قاراپ ئورلەپ بېرىشى، بۇ، كىشىلەرنىڭ روھى كوتۇرەڭگۇلىگىنى تەمىن قىلىدۇ.

ھازىر مەتنىيازنى يالغۇزلۇق، روھىي چۈشكۈنلۈك كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان ئىنچىق ئەھۋال بەزدۈرۈپ، كوللېكتىپ مېھنەت قوينىدىكى زوق ـ شوخ قىزىقتۇرۇدىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ قىزىقىشىنى زاكىلىق قىلغىلى بولامدۇ؟ يوغىسۇ، ياخشى، يامان ئويلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھايداشتىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

كۆز ياخشى كېلىپ بۇ يېزىنىڭ ھەممە دېخانلىرى ئاشلىقلىرىنى زايە قىلماي ئېلىپ بولدى. پەقەت بەزگەككە گىرىپتار بولۇپ قالغان بىر يەككە دېخان بىلەن مەتنىيازلا ئاشلىغىنى خېلىلا زايە قىلدۇۋېتىپ، ژىغىشتۇرۇۋالغان بولدى. مەتنىيازنىڭ قىچىسى ئورۇش ۋاختىدىن ئۆتۈپ كېتىپ، بىر مۇنچە چېچىلىپ كەتتى. كېيىن ئۇقىچىنىڭ تەگدىن تولىسىنى باغلاپ خامانغا توشىغان بولسا، قالغان قىسمىنى ئاغامچىغا نىقتاپ باغلاپ كوتەرگەندە ئۇنىڭ باسقان يېرىگە قىچا تېرىلىپ كەتتى. باغلانماي قالغان بىر قىسمى قىچىنى بولسا، موزاي ـ توپاق، كېيىنرەك كاللار كېلىپ چەيلەپ، ئۇنىڭ ئىشىنى چاپسانلاشتۇرۇپ تۈگەتتى.

شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ يېڭى دېخان بۇ ژىل ئوزىنىڭ دېخانچىلىغى بىلەن مەلىدە خېلىلا سوز ـ چوچەك ۋە كۈلكىگە قالدى.

## III

ئوتكەن ياز بەزى ھەمكارلىق گرۇپپىيا ئەزالىرى ئىچىدە

ئۇلاغلىرىغا تايىنىۋېلىپ ئۆزى يېنىكرەك ئىش قىلىشقا ئورۇنۇش، يالغاندىن ئاغرىۋېلىپ ئىشقا چىقماسلىق، ياكى ئۆز ئورنىغا كىچىك بالىلىرىنى چىقىرىپ قويۇش، باشقا ئەزالارنىڭ ئىشىنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا چالا ئىشلەش، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغىنى ئاياپ، باشقىلارنىڭ ئۇلۇغىنى ھەددىدىن تاشقىرى ئىشلىتىش، ئاياللارنىڭ ئەمگىكىنى كەمسىتىشكە ئوخشاش ئەھۋاللار بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. ھەمرا گۇرۇپپىسىدا بولسا، ھەر بىر ئىش خەلقچىللىق ئاساسىدا ھەممىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن ھەم پىلانلىق، بىر - بىرىگە ھەق قايتۇرۇشتا ئادىللىق بىلەن باردى. شۇنداق قىلىپ بۇگۇرۇپپا مول ھوسۇل ئېلىش ۋە ئىتتىپاقىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن باشقا ھەمكارلىق گۇرۇپپىلارغا ئۈلگە بولدى. مانا ئەمدى ھەمرا گۇرۇپپىسى قىشچە ئوكۇنۇش ئېلىپ بېرىپ يەنە بىرقەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا دايىمى ژىللىق ھەمكارلىشىپ ئىشلەش گۇرۇپپىسىغا ئايلاندى.

مەتنىيازنىڭ قىزىقىشىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ھەمرا ئۇنى ئوكۇنۇشكە قاتناشتۇردى، ھازىر بولسا، كۆپچىلىك ئەزالارنىڭ ماقۇللىشى بىلەن مەتنىيازنى دايىمى ژىللىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىغا قوبۇل قىلدى؛ لېكىن ئۇنىڭ گۇرۇپپىغا قوشۇلىشى بىلەن ھەمرانىڭ شەخسىيىتىگە تېگىدىغان گەپلەر پەيدا بولۇپ قالدى.

«ھەمرا تۇل سىڭلىسىنى مەتنىيازغا بېرىش ئۇچۇن ئۇنى يولەۋاتىدۇ»، «ھېچقانداق دېخانچىلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىدىغان

جابدۇق ياكى بىرمۇ ئۇلۇغى يوق. ئۆزى بولسا ئەمگەككە يارىمايدىغان ئادەمنى گرۇپپىغا ئىپلىشتا بىرەر باشقا غەرەز بار-دە، ئەلۋەتتە»، «گرۇپپىدىكى باشقىلارنىڭ مەنپىئەتىنى ھورۇننىڭ قۇربان قىلىپ بەرمەكچى». مانا بۇنداق گەپلەر گرۇپپىدىكى بەزى ئەزالارنى ھەمرانىڭ ئادىللىغى توغرىسىدا ئىككىلەنى دۇرۇشكە باشلىدى.

پارتىيىنىڭ رەھبەرلىگىدە دىخانلارنى تەشكىللەشتۈرۈشكە تىنماي ئىشلەۋاتقان كادرلار ھەمرا باشچىلىق قىلغان گرۇپپىنى كوئوپېراتىۋقا ئايلاندۇرۇشنى نىشانلاپ تەربىيىلىمەكتە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گرۇپپا ئەزالىرىنىڭ تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرغان ياش كادىر تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى. ئەسلىدە بۇگەپ-سوز ۋە تەشۋىشلەرگە سىيىت ئاخۇن سەۋەپچى بولىۋاتاتتى. ئۇ، بىرياقتىن، دىخانلار ئارىسىدا ژۇقۇرقىدەك گەپلەرنى تارقىتىپ، يەنە بىر ياقتىن، كادرلارغا بىرنى ئون قىلىپ سوز توشۇپ كېلەتتى.

بۇژىل فېۋرال ئايلىرىنىڭ ئاخىرىسىدا كۈن ئىسسىپ يېزىنىڭ كوچىلىرىدا ئەگىز ئېقىشقا باشلىدى. قىشچە قارنىڭ ئاستىدا ياتقان يۇپۇرماقلار سەمىرىپ ئالمىلىق باغلاردىن خۇش پۇراقلار قوزغالماقتا. نەملەشكەن مۇۋىلىك ياغاچلارنىڭ پۇراقلىرى كوچىدىكى ئاق تېرەكلەرنىڭ سۆس پۇراقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، يېزىنىڭ ھاۋاسىدا ھەجەپ يېقىملىق پۇراق

ئەگىپ ژۇرەتتى.

ھەمرا يەنە ئىككى دىخان بىلەن ئۈچ ھارىۋىدا ئېتىز تەرەپكە قىغ توشۇۋاتاتتى. ئۇلار مەلىنىڭ چېتىگە كەلگەندە سىيتنىڭ ھويلىسىدىن قولىدا تۇرتەكلىۋالغان قەغزى بار دۇمبۇلاق يۈزلۈك بىر ژىگىت چىقىپ، ھەمرانىڭ پىنىغا ئىتتىك مېڭىپ كەلدى. بۇ بايىقى تەشۋىشلىنىپ قالغان ياش كادر ساۋۇتجان ئىدى.

— ھەمراكا قولىڭىز بوشىغانىدا بىز تەرەپكە بارسىڭىز، بىر ئاز سوھبەتلەشسەك.

— بولۇدۇ، سوھبەتلىشەيلى، — دېدى ھەمرا كۈلۈمسىرەپ، — بۇگۈن ئېرىقنىڭ قىرلىرى ئېچىلىپلا قالدى. قارنىڭ چىنىمۇ ئاز قالسا كېرەك. ھارىۋىغا چىقامسىز، ئېتىزلارنى كورۇپ كەلمەيمىزمۇ؟

ساۋۇتجان قارشىلىق قىلمايلا ھارۋىنىڭ شوتىسىغا چىقىپ ئولتاردى. ھارىۋا مەلىدىن چىقىپ ئېتىز تەرەپكە بۇرۇلدى. ئالدىدىكى ئىككى ھارىۋا خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، كەڭ دالىدىكى ئېغىرلىشىپ، كوكۇرۇپ سۇغا ئايلىنىشقا ئاز قالغان قاردىكىزىنى تاماشا قىلىۋاتقان ساۋۇتجان ھەمراغا قارىماستىنلا سوز باشلىدى:

— ئوتكەن ژىل ھوسۇلنى خېلى ئوبدان ئالدىڭلار، ئەمدى بۇ ژىل دايىمى ژىللىق ھەمكارلىق گرۇپپىنى تېخىمۇ مۇستەھ-

كەملەپ، مول ھوسۇل ئېلىشتا ئۇلگە بولساڭلا ناھايىتى ياخشى بولاتتى ـ دە.

ـــ ئەلۋەتتە، ـــ دېدى ھەمرا قارلىق يولدىن ھارۇنىنى كۆچەپ تارتىۋاتقان ئاتىنىڭ بوجىسىنى سىلكىپ، ـــ پارتىيە بىلەن خەلق ھوكۇمىتىمىز سىلەردەك كادىرلارنى چىقىرىپ ياردەم بېرىپ تۇرغاندا، مول ھوسۇل ئېلىش ئۇچۇن بىزمۇ پۇتۇن كۈچىمىز بىلەن ئىشلەيمىز ـــ دە، ساۋۇتجان.

ـــ سىزغۇ ئىشلەيسىز.

ـــ باشقىلارچۇ؟

ـــ باشقىلارمۇ ئىشلەيدۇ. لېكىن مەتنىيازنىڭ سىلەرگە قوشۇلۇشى ياخشى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

ـــ نىمىشكە؟ ـــ دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى ھەمرا.

ـــ ئۇ ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان ساختىپەز بىر ئادەم ئىكەن.

ھەمرانىڭ بىر قېشى سەل كوتۇرۇلۇپ، يۇزى جىددىي تۇس ئالدى. ئۇ ئادەتتىكىدىن ئوزگەرگەن ئاھاڭ بىلەن:

ـــ مەتنىيازغا بەرگەن بۇ باھايىڭىز ئانچە توغرى بولمىدى ـــ دەپ بېشىنى چايقىدى، ـــ ئۇ بارغانسىرى ئەمگەكتە چىنىقىۋاتىدۇغۇ؟ ھازىر ئۇنىڭ نىمە ئىشقا ياراۋاتقانلىقىغا قاراش كېرەك. ھەقىقەتتە ساختىپەز بولسا، قورۇق رەخمەت ئۇچۇنلا ئىشلىمەي كىشلەرنى ئالداپ كەتكەن بولاتتى ـ دە.

ـــ ھە، ئۇ، سىزگىلا شۇنداق كورۇنسە كېرەك ھەمراكا،

— دەپ ساۋۇتجان ياسىما سىپايىلىق بىلەن زاكىلىق ئارىلاش كۈلدى.

— نىمىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق دەيسىز؟

— ئوتكەن يازدىن بېرى ئۇنىڭ نىمە قىلغانلىقى ھەممىگە مەلۇمغۇ. — ساۋۇتجان ئىجتىمائىي ئىشلاردا تېخى تولۇق چىنىقمىغانلىقتىن بەزى ۋاقتلاردا كىشىلەرگە باھا بېرىشتە ۋە مەسىلىنى تەھلىل قىلىشتا، يېتەرلىك خۇلاسە چىقىرالماي قالاتتى. مانا ھازىرمۇ مەتنىياز توغرىسىدىكى مەسىلىدە ئۈچ كىشى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قانداق باھالارغا ئىگە بولۇشتى.

بىرىنچىدىن سىيىت ئاخۇن مەتنىيازنىڭ قىلمىشلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ھەم ئۇنىڭ دائىيمىي، ژىللىق ھەمكارلىق گرۇپپىغا قوشۇلغىنىغا بولغان نارازىلىقلارنى يەتكۈزۈپ. سەممىيەتلىك بىلەن گرۇپپا مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىۋاتىدۇ. ھەمرا بولسا، مەتنىيازنى غەرەزلىك ھىمايە قىلىپ، ئۇنى ياساپ تونۇشتۇرۇپ، كوپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىنى ئۇنىڭغا قۇربان قىلىپ بەرمەكچى. مەتنىياز ئوزى بولسا، ھەقىقەتەن ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان ساختىپەز، تەييارتاپ بىر كىشى. بۇخۇلاسىغا دېلىل بولغان ئىشلار مانا مۇنداق ئوتكەن ئىدى: ئوتكەن ژىل مەتنىياز دېخانچىلىق ئىشلىرى ئۇستىدە ئىككى كامچىلىق ئوتكۈزدى، بىرى تېرىش ئورۇشتىمۇ ياردەم بولۇپ تۇرغان ھالدا، بۇرۇنقى بو شاگىلىغى بىلەن قېچىنى بىر مۇنچە زايە قىلىپ ژىغىۋالدى، بۇنى پۈتۈن كىشى بىلىدۇ. ئىككىنچى

دىخانلار چوڭ ئۇستەڭنى رېمونت قىلىشقا ماڭغاندا مەتنىياز قاملاشمىغان بىر ئىش ئۇتكۇزۇپ قويدى.

ئاشلىقلار ژىغىلىپ بولۇپ ئىبرىق - ئويمانلارنى ساپ - سىرىق ئازاڭ قاپلىۋالغان، كەچكۇزنىڭ بىر ئەتىگىنى پېزىلىق ھەكۇمەت باشلىغى مەلىدىكى پۇتۇن دىخانلارنى ئۇستەڭ چېپىشقا چاقىردى شۇكۇنى مەتنىيازمۇ كەتمەننى دۇلىسىغا سېلىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۇستەڭ تەرەپكە كېتىپ باراتتى. ئۇ قەدەمىنى بارغانسىرى چاپسانلىتىپ كوپچىلىكتىن خېلى ئۇزاپ كەتتى - دە، تام ياقىسىدىكى پاكا - پاكا قويۇق ئوسكەن ئۇرۇك ياغاچلىرى ئارىسىغا مۇكۇۋالدى. ئارقىدا كېلىۋاتقانلار يۇز قەدەمچە نېرىدىنلا ئۇنىڭ شاخ ئارىسىدا كىرپىدەك تۇگلۇنۇپ ئولتارغىنىنى كورۇپ قېلىشتى. ھېچكىم ئۇنى ھېچقانداق ئىزدەپ ئاۋارە بولماستىنلا كورۇپ قېلىشىنىڭ سەۋىبى: ئۇ، ئۇرۇكلۇككە سۇڭگۇپ كىرىۋاتقاندا ئاق قوي تېرىسىدىن قىلىنغان كونا جۇگىسىنىڭ پەشلىرىنى تىكەنلىك شاخلارتەتۇر ئورۇپ، «مانا مەتنىياز مەيەردە» دەپ كورسۇتۇپ تۇراتتى. ئوزىنىڭ قاملاشمىغان بۇ ساختىپەزلىكى ئۇستەڭگە ماڭغۇچىلار ئۇچۇن خېلى كۇلكە بولدى.

— ھوي مەيەردە سېمىزلا بىرقوي ئولۇپ قاپتىغۇ، — دېدى كەككە ساقال بىرچاقچاقچى مەتنىيازنىڭ جۇگۇسىنى كورسۇتۇپ.

كوپچىلىك كۇلۇشۇپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— «توپتىن ئايرىلغاننى بورى يەر» بۇ ھەمرالىرىدىن قاچقان

قوي بولسا كېرەك. بىچارىنى بىرنىمە بۇغۇپ قويۇپتۇ ــ دە.

ــ هاي ـ هاي توختاڭلار! سىلەر بۇنى قوي دەيسىلەر مۇ، ئىسىدە كەتمەن تۇرۇدىغۇ بۇنىڭ؟

ــ دېخانچىلىقنى ئوگۇنۇۋالغان قوي بولسا كېرەك.

ــ هەي، تىرىك ئىكەن مىدىرلاۋاتىدۇ.

مەتنىياز تىكەنلىك شاخلاردىن ئاران قۇتۇلۇپ ئارقىسىچە سىلجىپ چىقىپ ئورنىدىن تۇردى.

ــ ئەستەغپىرۇللا غەلىتى ئىش بولدى ـ دە، مۇكۇۋالىسام كورۇپ قالدىڭلار، ــ دېدى خىجالەت بولۇپ، هىجىيىپ يۈزىنى تۇۋۇەن قاراتتى.

ــ ئېيىپ سىزدە ئەمەس ئۇستام! ــ دېدى هېلىقى كەكە ساقاللىق كىشى. ئېيىپ ماۋۇ جۇگىدا. جۇگاسىلىنى قوينىڭ سۇ- يۇتىدە قىلىپ پۇسكايتىپ كورسۇتۇپ قويمىغان بولسا، بىز هەرگىز تاپالمايتتۇق. خوش بۇ نىمە قىلغانلىرى مەتنىياز ئاخۇن؟

ــ ئەمدى ـ ئەمدى، راستىنى ئېيتقاندا، بىز ئېيىپلىك، ــ دېدى مەتنىياز قول قوشتۇرۇپ.

باياتىن بېرى يول بويىدىكى تامغا يولۇنۇپ ئولتۇرۇپ تاماشا كورۇۋاتقان سىيىت ئاخۇن مۇشۇكنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئوتكۇر كوزلىرىنى ئوينۇتۇپ توپنىڭ ئالدىغا يورغىلاپ ئوتتۇ- ۋالدى ـ دە:

ــ هە، ئۇقۇلدى. مەتنىيازنىڭ بۇ قىلغىنى ئۇيۇن ئەمەس

كەن، ئوستەڭگە بېرىشتىن قېچىش كەندە، بۇ نېمە دېگەن ساختىپەزلىك؟ ھە، مانا قاراڭلار؟! — دېدى.

— شۇنداق ھېچ قاملاشمىغان بىر ئويى مېنىڭمۇ كېلىپ قالدى - دە، ئوستەڭگە بېرىشتىن قېچىپ مۇكۇۋالدىم.

— ئەمدى بۇنى نېمە قىلىش كېرەك؟ — دېدى سېيىت ئاخۇن مەتنىياز تەرەپكە قولىنى سوزۇپ.

— مۇسا پىرنىڭ كۆچۈگىدەك بويىنىمىزنى ئېگىپ تۇردۇق. نېمە قىلساڭلا ئىختىيار سىلەردە، — دېدى مەتنىياز قول قوشتۇرۇپ بويىنىنى ئەككەن ھالدا.

— قېنى كەتمەننى دولىغا ئالسىلا ئۇستام، — دېدى كەكە ساقال تومۇر، — مۇسا پىرنىڭ كۆچۈگىمۇ، بورى تاللىۋەتكەن قويمۇ بولمىسىلا ئوستەڭ چېپىشتا نەمۇنىچى بولۇپ، بۇ كەمچىلىكنى ئىش بىلەن ژۇسىلا بولدى. بىز سىلىنى چىڭ - چىڭ كەتمەن چېپىشتىن باشقا نەرسىگە دالالەت قىلالمايمىز.

شۇچاغدا مەتنىياز كوپىچىلىك بىلەن ئوستەڭگە بېرىپ، ئون كۈن ئىشلەپ كەلگەن ئىدى. ئۇ نەمۇنىچى بولارلىق ئىشلىمىگەن بولسىمۇ، غەيرەت قىلىپ ئوتتۇراھال ئەمگەك قىلالايدىغان بىر كىشىلىك كەتمەن چاپتى ھەم زەمبىل كوتەردى. ئوزىمۇ كوپچىلىك بىلەن بىللە ئەمگەك قىلىشنىڭ كوڭوللۇك ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ قىزىقىپ ئېچىلىپ، گەپتە ۋە قىزىقچىلىقتا ھەممىنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى.

ئەنە مەتنىيازنىڭ قىلمىشلىرى دەپ ئاتالغان بۇ ئىشلار سىيىت ئاخۇننىڭ داۋراڭ قىلىشىغا ماتېرىيال بولدى. بۇ ماتېرىيالنى ساۋۇتچانغا يۇدەپ، كوپتۇرۇپ كورسەتكەن ئىدى. سىيىت ئاخۇننىڭ بۇنى قىلىشتىكى مەخسىدى بولسا، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەمرانىڭ گرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە كۇچۇيۇپ بېرىۋاتقان ئابرويىنىڭ تەسىرىنى سۇسلۇتۇش. چۇنكى ھەمرانىڭ ئادىللىقى سىيىت ئاخۇنغا ئانچە ياقمايتتى. بولمىسا سىيىتمۇ ئادىللىق توغرىسىدا، مول ھوسۇل ئېلىش ئۇچۇن ياخشى ئەمگەك قىلىش توغرىسىدا كوپ سوزلەيتتىغۇ؟

ئەجەبا بۇسوزلەرنى ھەمرا ئەمەلگە ئاشۇرغاندا سىيىت ئاخۇن نىمىشكە ئۇنى يامان كورۇپ قالىدۇ.

ئوتكەن بىر مەجلىستە ھەمرا مۇھىم بىر مەسىلىنى ھەل قىلغان ئىدى.

ھەمرا:

— يولداشلار! بىز بۇرۇن دىخانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان ئۇلاق ۋە باشقا سايمانلارنىڭ نومېرىنى (بەلگىلەنگەن ھەققىنى دېمەكچى) ئۇشۇغراق باھالاپتىكەنمىز. ئەمدى ئۇنى توۋەنرەك چۇشۇرۇشىمىز كېرەك. — دېدى.

سىيىت كالپۇكلىرى تىترەپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى — دە:

— بۇ غەلىتىكەپ! ئۇلاق بولمىسا يەر قانداق ھايدىلىدۇ؟

www.uyghurkitap.com

ئات ـ ھارۋا بولمىسا ھەممە نەرسە يۆتكەلمەي ئۆز ئورنىدا قېلىۋەمەمدۇ؟ مانا، ئەندىزە ھەممە نەرسىنى ھەل قىلىدىغان شۇنداق كۈچنىڭ نومېرى كېمىيىپ كەتسە، كىم بېرىدۇ ئۇنى؟! قېنى شۇلارسىز دېخانچىلىق قىلىپ بېقىڭلارچۇ كۆرەيلى؟ — دەپ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالدى.

— رۇخسەتمۇ، رۇخسەتمۇ — دەپ ئىككى، ئۈچ كىشى ئورنىدىن تۇرغان ئىدى، تومۇر ئالقىنى كېرىلگەن قولىنى سوزۇپ، ئۇلارغا گەپ بەرمەستىنلا سوزلەپ كەتتى:

— توختاپ تۇرۇڭلار — ھاي! توختاپ تۇرۇڭلار، مەن گەپ قىلاي...ھەي، سىيىت سېنىڭ كېپىڭچە ئۇلاق سايمانلىرى بارلارنىڭ ئالدىدا ئادەملەر ھېچنىمىگە ئەرزىيمەيدىكەن — دە، قېنى سېنىڭ ئاتلىرىڭ يەر ھايداپ، ئورۇق چېچىپ باقسۇنچۇ، بىزمۇ كورەيلى؟!

رۇخسەت سورىغانلاردىن بىرسى:

— ھە، بەلكى ھېچقاچان ئات ـ كالىلار دېخانچىلىق قىلغان ئەمەس. ئۇنى ئادەملەر قىلغان.

— ھارۋىلار ئۆز ـ ئۆزىدىن قىغ توشۇپ باغ تارتقانمۇ دېمەمسەن، — دەپ قوشۇمچە قىلدى يەنە بىرسى.

ھەمرا سالماقلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ماياققا قاراڭلار، ئورۇنسىز تالاشنىڭ پايدىسى يوق، — دەپ ھەممىنى ئاغزىغا قاراتتى.

، — ھەممىنى ھەل قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكى راس. ئىشلىتىدىغان جابدۇقسىز ياكى ئۇلاقسىزمۇ دىخانچىلىق قىلىپ مول ھوسۇل ئالغىلى بولمايدىغانلىقىمۇ راس. ئەمما بىزنىڭ گېپىمىز بۇ توغرۇلۇق ئەمەس. بىز يالغۇزچىلىقتا قىلالمايدىغان ئىشلارنى ھەممىمىز بىرلىكتە بارلىق كۈچىمىزنى قوشۇپ ئورۇنداپ، يەردىن ياخشىراق ئۈنۈم ئېلىش، شۇنىڭ بىلەن كوپچىلىكنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھەمكارلىشىۋاتىمىز. دېمەك باشقىلار نېمە بولسا بولسۇن، پەقەت ماڭىلا بولسا بولدى، دەپ ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭلا مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان بولساق، قېنى ئېيتىڭلارچۇ، بىرلىشىشنىڭ نېمە كېرىكى بار ئىدى. ھە مانا، ئۇنداق بولمىغاندىن كېيىن بىر-بىرىمىزنىڭ ئېغىر-يېنىكچىلىكىمىزگە يار-يۆلەك بولۇپ، ئۆز-ئارا پايدا يەتكۈزۈشىمىز كېرەك. ئۇلاق-سايمانلىرى جىقلار، ھېچنېمىگە ئېگە ئەمەسلەرنىڭ ئاز نومېر ئېلىۋاتقانلىقىغا ئىنساپ بىلەن بىر قاراپ قويۇشى كېرەك. بىز ئۇلاق-سايمانلارنىڭ نومېرىنى ھەددىدىن ئوشۇق قىلماستىن، لايىق دەرىجىدە بۇرۇنقىدىن كامراق قىلساق، يوقلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشقان بولىمىز ھەم كوپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىنى كوزدە تۇتقان بولىمىز. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز بىر پىكىرگە كېلىشىمىز كېرەك.

مانا شۇ بولۇپ ئوتكەن مەجلىستە دىخانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇلاق ۋە سايمانلارنىڭ باھاسىنى كېمەيتىشكە ھەممىسى

بىر ئېغىزدىن رازى بولۇپ، بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىدى.

شۇنىڭدىن بىرى صەيىت ئىككى ئات، بىر ئۆكۈز، بىر ھارۋىسىغا يولۇنۇۋېلىپ، ئازىراق ئەمگەك قىلىپ كوپرەك ھوسۇلغا ئېگە بولۇشنى ئوزى خالىغانچە تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقىغا ھەم مەتنىيازنى ھەمكارلىق گرۇپپىغا كىرگۈزگەنلىگى ئۈچۈن (ئۇ گرۇپپىغا ھېچنەرسىسى يوقلار كىرسە، مېنى «غاجايدۇ» دەپ ئويلايتتى) ئىچىدە ھەمراغا خاپا ئىدى. لېكىن ئۇ، مۇناسىۋەتتە چىرايلىق ياغلىما سوزلەر بىلەن سىرىنى سەزدۈرمەي، ھەمراغا كادىرلار ئارقىلىق زەربە بەرمەكچى ئىدى.

ئىش سىيت ئاخۇننىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقمىدى.

ھەمرا سوھبەت ئوتكۇزۇلگەن كۇنىنىڭ ئەتىسى ساۋۇتجاننى مەتنىيازنىڭ ھويلىسىغا باشلاپ باردى. ئۇنىڭ بىر نەچچە ژىلدىن بېرى ئوگزىنى چۇشۇپ كەتكەن دالىنى يېپىلىپ ئالدىغا پەشايۋان ياسالغان ئىدى. ئۇستىگە لاي سېلىنىپ سۇگالمىغان بولسىمۇ، نەچچە ژىلدىن بېرىقى ۋەيرانە كورۇنۇشى ئوزگۇرۇپ، ئەتىيازنىڭ ئىللىق ئاپتىۋى چۇشۇپ تۇرغان پەشايۋان كىشىنى ئوزىگە تارتىپ تۇراتتى. شۇنىڭدەك بۇ ئويىنىڭ ئېگىسىمۇ خېلىلا ئوزگۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى ژىل ئاۋال ئەرتىيازلىغى ھازىرقى پېشەيۋان بولغان يەردە دۇمىسىنى ئاپتاپقا قاخلاپ توپىدا ياتاتتى، ياكى ئوزىنىڭ ئېيى-

تىشىچە «مۇساپىرنىڭ كۆچۈگىدەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ» خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئەمدى باشقىچە، بۇ يەرگە ساۋۇتجان بىلەن ھەمرا كىرىپ كەلگەندە مەتنىياز پېشەيۋاندا بەلدىڭگە مىنىۋېلىپ، لىڭگىلچاق ياساۋاتاتتى. قوزۇقتا يېگىدىن ياساپ ئېسىپ قويغان جاۋاڭلار، تاختىۋېشىغا قاتىلاپ قويۇلغان بىر نەچچە يېگىدىن ياسالغان ۋە رېمونت قىلىنغان لىڭگىلچاقلار تۇراتتى. بىر چەتتە تومۇر بىلەن ئىززەتخان تالنىڭ چىۋىقلىرىدىن زەمبىل توقۇۋاتاتتى. ئۇلار زەمبىل توقۇشنى تېخى تونۇگۇنلا مەتنىيازدىن ئۆگەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن قاملاشتۇرالمىغان يەرلىرىنى «ئۇستام بۇنى قانداق قىلىمىز؟» دەپ سوراپ تۇراتتى. ئۇستام بولسا قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا كورسۇتۇدۇ. بۇنى ھېچ يوشۇرۇپ قويۇشنىڭ كېرىكى يوقكى، زەمبىل توقۇشنى ئوگۇنۇۋاتقان ئىززەتخانغا ھۇنەر ئۆگىنىۋش ئۇستام ئۈچۈن قانداق كوڭۇللۇك ئىكەنلىگىنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر.

— مانا بۇنى كورۇپ قويۇڭ ساۋۇتجان، — دېدى ھەمرا تومۇرنىڭ يېنىدىكى پۈتكەن زەمبىلنى يولەپ، — ئەمدى بىكار بولۇپ قالغانلار كەچكىچە تامغا يولۇنۇپ ئولتۇرمايدۇ. قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئۇستامدىن پايدىلانماقچىمىز.

ساۋۇتجان زەمبىلنىڭ ئىككى سىپىدىن تۇتۇپ قاراپ:

ــــ مايماغراقمۇ نمه بۇ؟ ــــ دەپ كۈلۈمسرىدى.

ــــ بىرىنچى قېتىمقى ئىشىمىزدە ئۇكام ــــ دىدى تومۇر، ــــ تۇنۇگۈن بۇنى توقۇيمىز دەپ كەچگىچە هەپىلىشىپ ئالاپ شۇنچىلىك قىلدۇق. قېنى بۇنى كورۇپ قويۇڭ ــــ ئورنىدىن تۇرۇپ يىرىم توقۇلغان زەمبىلنى ساۋۇتجانغا سۇندى.

ــــ هە، بۇ خېلى قاملىشىپتۇ. بۇنى توقۇشنى كىمدىن ئۈگۈنۈۋالدىڭلار؟

ــــ مانا ئۇستىمىز مۇ يېنىمىزدا ــــ دەپ مەتنىيازنى كورسەتتى تومۇر.

ــــ بۇنداقمۇ هۈنىرىم باردەك ئۇستام.

ــــ بۇ هۈنەر بولامدۇ، توقۇغاننى بىر كورگەن ئادەم قىلىپ كېتىۋېرىدۇ، ــــ دىدى مەتنىياز.

ــــ ئەلۋەتتە بۇنى توقۇشمۇ هۈنەردە، ئۇنى كورۇپ ئۈگەنمىگەن ئادەم قىلالمايدۇ.

ــــ ئۇستامىنىڭ ئىچىدە هۈنەر تولا ساۋۇتجان ــــ دىدى هەمرا، ــــ ئۇستام بىزگە هۈنەرۋەنچىلىكنى ئوگۈتۈدۇ. بىز ئۇستامغا دىخانچىلىقنى ئوگۈتۈمىز. شۇنداق قىلىپ بوغا، جاۋاڭ، لىڭگىلچاق ئۈچۈن بازارغىمۇ قېترىمايمىزدە، ــــ مەتنىيازنىڭ ئالدىدىكى لىڭگىلچاقنى قولىغا ئېلىپ، ــــ مانا بۇ ياسىلمۋاتقان نەرسىلەر كوپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىدا ئىشلىتىدىغان جابدۇقلىرى بولۇپ قالدۇ.

ساۋۇتجان مەتنىيازنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى ئوبدانراق بىلگەندىن كېيىن سېيىت ئاخۇننىڭ سوزى بىلەن ئۇنى «ھېچ ئىشقا يارىماس ئادەم» دېگەن خۇلاسىنىڭ توغرى ئەمەسلىكىگە ئىقرار بولدى. مەتنىيازنىڭ ئەمگەك ۋە روھى جەھەتتىن ئىلگىرلىشىگە ھەمرانىڭ ھەقىقىي ياردەم قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

شۇندىن كېيىن ساۋۇتجان مانا بۇ، جۇرئەت قىلسا قولىدىن ئىش كېلىدىغان، لېكىن ئوزىنى تاشلىۋەتكەن، تۇرمۇشى قالاق بىر ئادەمنى ئەمگەك قاينىمىغا تارتىپ ئۇنى چىداملىق، ئىشچانلارنىڭ قاتارىغا قوشۇشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا دېخانلارغا سوزلەپ بېرىشنى ئويلىدى.

## IV

ھەمرا گرۇپپىسى كوئوپېراتىۋقا ئايلىنىپ، يەنە بىر قانچە دېخانلارنى ئوز قوينىغا ئالدى. ئەمگەك كۈچى ھەمكارلىشىش گرۇپپىسىغا نىسبەتەن ئۈچ ھەسسىدىن كوپرەك ئاشتى. يەر، ئۇلاق ۋە قوش جابدۇقلارمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە كوپەيدى. بىرنەچچە ئىش ھايۋانلىرى، ئىككى دانە سوقا، بىردانە ئوماشىنىسى ۋە بىر نەچچە ئۇششاق جابدۇقلار بىردىنلا كوپچىلىكنىڭ ئورتۇرىدىكى مۇلكى بولۇپ قالدى.

ھەمرانىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش گرۇپپىسى مەتنىيازنىڭ ئۇستىكارلىغى بىلەن، بوش

ۋاختىلاردىن پايدىلىنىپ ، بوغما چاۋاك ، كەندىر ئاغامچا ، زەمبىل ، سېۋەتكە ئوخشاش نەرسىلەردىن خىلى نۇرغۇن ئىشلەپ چىقاردى .

ھازىر بولسا ، 50 ئەمگەك كۈچىنى تەشكىل قىلىدىغان بۇ كوئوپېراتىۋ ئەزالىرى دىخانچىلىقنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىپ ، يازىچە يېتىشتۈرگەن ئاشلىقلىرىنى ژىغىشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ، ھەممىسى بىرلىكتە ھوسىلغا تولۇپ ـ تاشقان كەڭ ۋە گوزەل ئېتىزلىرىنىڭ باغرىغا توپلۇنۇشتى .

بۇ كوئوپېراتىۋنىڭ ئاساسى بولغان ھەمرا گرۇپپىسى مول ھوسۇل ئېلىشتا ھەر ژىلى ئارقىغا چېكىنمەستىن ئۆلگە بولۇپ كەلگىنى ئۈچۈن ، كوئوپېراتىۋنىڭ نامى «ئالغا» بولدى ، كوپـچىلىكنىڭ ماقۇللىشى بىلەن مۇدىر بولۇپ ھەمرا سايلاندى .

راييونلۇق پارتىيە كومىتېتى ھەمرانىڭ ئىجتىمائى ھەركەتـلەردە چىنىققانلىغىنى ، ئۇنىڭ ھەر ـ بىر ئىشتا ئادىل ۋە ئۇـمۇمنىڭ مەنپەئەتىگە جان كويەر ئىكەنلىگىنى ئېتىۋارغا ئالغان ئىدى . ھازىر بولسا ھەمرا پارتىيە ئەزاسى . ئۇ يېزىدىكى پارتىيە ياچېيكىسى ۋە كادىرلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ ، «ئالغا» كوئوپېراتىۋىنى نامىغا لايىق تېخىمۇ ئالغا باستۇرۇش يولىدا ئاكتىۋ ئىشلىمەكتە .

مەتنىيازمۇ «ئالغا» كوئوپېراتىۋىنىڭ كوزگە كورۈنەرلىك ئەزالىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ سىلەر كورۈپ ئوتـ

كەن بۇرۇنقى ۋەيرانە تۇرمۇشى پۈتۈنلەي ئۆزگۈرۈپ كەتتى.
ئۇ، ئۆتكەن ژىل ھەمكارلىق گرۇپپىدا ئالدىرىماي ئىشلىسىمۇ، ئاخىرىغىچە چىدام بىلەن رەسمى بىر كىشىلىك ئەمگەككە قاتناشتى. كۈزدە دىخانچىلىق ۋە قوشۇمچە ئىشلىگەن نەرسىلىرىدىن خېلى نۇرغۇن مەھسۇلات ئالدى.

مەتنىيازنىڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز يەنە بىر خوشاللىغى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئىززەتخان بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، مۇرادىغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ ئانا، بالىلىق بولغان بەختلىك ئائىلە لەززىتىنى تېتىدى. ھازىر ئۇنىڭ يېنىدا بىللە ئەمگەك قىلىۋاتقان كۆيۈمچان خوتۇنى، ئالدىدا «دادا، دادا» دەپ ژۈگرەپ ژۈرگەن تىلى تاتلىق بۇدرۇقفىنا ئوغلى بار.

ھېلىقى بىزگە تونۇش بولغان ئۆينىڭ تاملىرى سۇتتەك ئاپپاق ئاقارتىلغان. قازان بېشى بولسا، ساغۇچ سېغىزلاي بىلەن سىلىق قىلىپ سۇۋالغان. ئىززەتخانىنىڭ بۇيرۇتمىسى بىلەن مەتنىياز ئۆزى تېرەك ياغىچىدىن سىپتا قىلىپ ياسىغان كارۋاتقا تۇۋىنىگە تور تۇتقان ئاق چايشاپ يېپىلغان بولۇپ، كارۋاتنىڭ ژۇقۇرقى چېتىدە ئىككى دانە ئاق ياستۇق كىيلىشتۇرۇپ تىزىپ قويۇلۇپتۇ. ئۇستامنىڭ قالايمىقان جابدۇقلىرى ياغاچ ساندۇقلارغا قاچىلىنىپ، دالاندا ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇن ئاپتۇ. ئۆيۈقتىكى كوزىلار، قوزۇقتىكى چومۇچلەر ۋە ئۆينىڭ باشقا كوزگە كورۇنەرلىك جاھازلىرىنىڭ پاكىز، چىرايـ

لىق تەرتىپتە بولۇپ تۇرۇشى بۇ ئۆينى باشقۇرۇپ، بىشقتۇرۇپ تۇرغۇچى ئايالنىڭ ئىشچان ۋە سەرەمجانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

مەتىنىيازقىچا تەرگەن ژىلى ئۇسسۇزلىقتا چىدىماي سايىدا ياتقان يوغان ئۈژمە دەرىخىنىڭ يىنىدا ھازىرسولەتلىك قەدىنى كوتۇرۇپ تۇرغان ئىككى باراڭ، ئىككى باراڭنىڭ ئەتراپىدا مەنپۇخنە، جوخار ۋە مزى گۈللەر ئەۋجىگە ئىلىپ، تەكشى چىرايلىق بولۇپ ئىچىلىپ كىتىپتۇ.

«ئالغا» كوئوپىراتىۋىنىڭ ئەزالىرى ياسىغان بۇ بارەڭلار ئالدىغا كىلىپ ئەتراپقا قاراپ باقسىڭىز: كوز يىتىم يەرلەرگىچە سوزۇلغان پىلەكلەر ئارىسىدا خۇددى ئوتلاۋاتقان قوينىڭ قوزىلىرىدەك بولۇپ كورۇنگەن قوغۇن، تاۋۇز، كاۋىلارنى، ئوتياشلىقتىكى، ئاپقۇر چىنىدەك بولۇپ يوغارغان قىپ-قىزىل پومىدۇرلارنى، تەكشى ئوسكەن پىيازلارنى، باراڭدا زىچچىدە ساڭگىلىشىپ تۇرغان قاۋاق ۋە ئەتراپتىكى تاۋلىنىپ تۇرغان چىرايلىق گۈللەرنى كورۇپ، كىشىنىڭ زوقى تولۇپ تاشىدۇ.

ئەنە، ئاۋۇ ئىتىزلاردا بولسا، كوئوپىراتىۋنىڭ مول ھوسۇللۇق بۇغدايلىرىمۇ، چاناقلىرىنى كىرىشىپ، بۇرۇتلىرىنى داردايتقان ھالدا باشلىرىنى كوتۇرۇشەلمەي ئىگىپ تۇرۇشۇدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ كورۇنۇشىدىن: «ھە، ئەزىمەتلەر، بىزنى بىقىپ ئوستۇرگىچە قانچە تەرتوكۈپ، نۇرغۇن مىھنەت قىلـ

دىگىلار! شۇنىڭغا لايىق بىزمۇ تولۇپ مىرادىمىزغا يەتتۇق. ئەمدى بىزنى چاپسانراق ئويۇقلەرگە ئەكەتمەمسلەر» دەپ پىچىرلىشىۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلاتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن «ئالغا» كوئوپېراتىۋىنىڭ ئەزالىرى، ھەممىدىن بۇرۇن، پۈتۈن كۈچىنى ئۈيۈشتۈرۈپ ئەمگەك قايىنىمىغا چۈشكەن ئىدى. ئۇلار كۈن تازا قىزىغان چاغدا ئارام ئېلىپ قوغۇن-تاۋۇز يېيىش ئۈچۈن ئۈژمە سايىسى ۋە باراڭلارغا كېلىۋاتىدۇ.

بۇ باراڭلارنى ياساشتا ۋە ۋايىغا يەتكەن ئاشلىقلارنى يېتىشتۈرۈشتە مەتنىيازنىڭمۇ ھەسسىسى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇمۇ كوپچىلىك بىلەن بىللە ئىشەنچلىك باراڭلىقنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

باراڭنىڭ ئىچىدە بىر نەچچە ئايال چاقچاق قىلىشىپ، كۈلۈشۈپ قوغۇن يېيىشىۋاتاتتى. ئىززەتخان باراڭدىن يېرىم قوغۇننى كۆتۈرۈپ مەتنىيازنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— مانى يەپ باقسىلا! ، ھەجەپ تاتلىق قوغۇنكەن، — دېدى ئۇ قوغۇننى تىلىپ.

مەتنىياز ناۋاترەك سۈيى تېمىپ تۇرغان گوشلۇك قوغۇننى يەۋېتىپ:

— قەندەك قوغۇنكەندە، قەندەك، — دېدى.

باراڭنىڭ ئىچىدىكى خوتۇنلاردىن بىرسى:

— شىرىنىنىڭ قولى تەككەن ـ دە ئۇستام، — دەپ بولارغا ئاگلاتماستىن چاقـچاق قىلغان ئىدى، ھەممىسى پاراخـلاپ كۈلۈۋەتتى.

— نىم بولدى بولا؟ قىنى ـ قىنىغا پاتماي قاپتىغۇ، — دېدى مەتنىياز باراڭ تەرەپكە قاراپ.

ئىززەتـخان ئۆزىـگە غايىبانە چاقچاق قىلىۋاتـقانلىغىنى سېزىپ:

— ئوي، ئەشەدە بىر تورغاي سايراۋاتىدۇ، — دېدى ـ دە، نېرىراق يېرىپ ئۇژمە تۈۋىدە ئولتاردى. قوغۇنلۇقتىن بىرسويـمنى كوتۇرۇپ 3 ـ 4 بالا بىلەن «ئاپا»، «دادا» دەپ چوقان سېلىپ ئەركىن چىپىپ كەلدى.

بۇ ئاتا ـ ئانا ۋە بالا ئۈچى ئۇژمە سايىسىدا بىر ـ بىرىـگە قاراپ ئولتۇرۇشۇپ، ھېلىقى ناۋاترەڭ سۆيۈنۈپ تۇرۇدىغان ھەجەپ شىرىن «ئابى ناۋات»تىن يەنە بىر يېيىشىپ ئۇسسۇـ لىغىغا قېنىشتى.

www.uyghurkitap.com

# غۇنچەم

3 پەردە 5 كورۈنۈشلۈك دراما

# قاتناشقۇچىلار

غۇنچەم ــ باغۋەننىڭ قىزى 17 ياشلاردا

نۇرۇم ــ ئىشلەمچى ژىگىت (غۇنچەمنىڭ ئاشىقى) 20 " "

زورىخان ــ غۇنچەمنىڭ ئانىسى 50 " "

مەشرەپ ــ شاگىيونىڭ مالىيى 30 " "

پاتەمخان ــ مەشرەپنىڭ ئانىسى 48 " "

تۇرغان ــ ياللانما دىخان 25 " "

ئامانتاي ــ شاگىيونىڭ مالچىسىنىڭ ئوغلى 20 " "

ئانىباقى ــ كەمبەغەل دىخان 50 " "

ياقۇپ ــ " 35 " "

ئومەر شاگىيو ــ پومىشچىك 45 " "

شەرۋان ــ ئۇنىڭ خوتۇنى 38 " "

سىيىت ــ ئۇنىڭ ئوغلى 17 " "

باسىت ــ ئەللىك بېشى 40 " "

هاشىمباي ــ قوشۇمچە سودىگەرلىك قىلىدىغان باي دىخان 45 " "

ياييلار، بىر قانچە ئەر ـ ئايال دىخانلار ۋە ژىگىتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

# بىرىنچى پەردە

غۇنچەمنىڭ دادىسىدىن قالغان ھويلىسى، سەھنىنىڭ ئارقا تەرىپى ئالمىلىق باغ بولۇپ، ھويلا بىلەن باغنى تالدا توقۇلغان قاشا ۋە غورو ئايرىپ تۇرۇدۇ. سول تەرىپىدە ئۆينىڭ ئىشىگى ۋە پەنجىرىلەر كۆرۈنۈدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا چېچەكلىگەن كاۋا بارىكى، باراڭ ۋە قاشا ئەتراپىدا چىرايلىق ئېچىلغان تۈرلۈك گۈللەر.

باھارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى غۇنچەم بۇراندا قېقىلىپ كەتكەن تۈك ئالمىلارنى سېۋەتكە تېرىپ ژۈرۈپ ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ.

ئالمىلار پىشاي دەپتۇ،
شاخ ـ شېخىدا مەي بولۇپ.
يار بىزدىن يامانلاپتۇ،
بۇلۇت توسقان ئاي بولۇپ.

مەن بارايمىكىن ئاندا،
يار كېلەرمىكىن مۇندا.

يارغا ـ يار كېرەك بولسا،
قول سېلىپ كېلەر مۇندا.
(باراگىغا كېلىپ، ئالمىلارنى يېرىپ قاق سالىدۇ.)
ئاخشامقى بوران ئاچچىغىنى ئالمىلاردىن ئەپتۇدە، توك
ئالمىلارنى تازىمۇ قېقىۋېتىپتۇ.
قولىدا ئوتۇغۇچ زورىخان كىرىدۇ.

زورىخان: نىمە قىلىۋاتىدىغانسەن قىزىم. ئوت ـ ياشلارنى
ئوت بېسىپ كېتىپتۇ، ئىككىمىز بىر بولۇپ، ئوتىۋەتسەك بولاتتى.
غۇنچەم: بوراندا قېقىلىپ كەتكەن ئالمىلارنى قاق
سېلىۋېتەي.
زورىخان: ئو...ي، پايدىسى يوق ئىشنى قويۇپ تۇر ـ
ساڭچۇ. ئۇنى بىكار ۋاختىڭدا قىلىۋالاسەن. ئاۋال ماۋۇ ئوت ـ
ياشلارنىڭ ئىشى زورۇر ئەمەسمۇ. ئوتقا چېقىلدۇرۇپ قويساق
شۇنچە قىلغان ئەمگىكىمىز زايا بولۇپ كېتىدۇ.
غۇنچەم: ھەش ـ پەش دېگىچە ماۋۇسىۋەتتىكىنى جايلى ـ
ۋېتىمەن. ئىسسىغىڭ ئېشىپ قالغان چاغلاردا قاقسۇچىلاپ
بېرىمەن ئەمەسمۇ ئاپا. شۇ ۋاختىتا خوي ئىش قىپتىكەنسەن
قىزىم دەپ قالارسەن.
زورىخان: ئۇ سوزۇڭغۇ راس قىزىم. بىزنىڭ باشقا
دىخانچىلىغىمىز بولمىغاندىن كېيىن تەرگەن ئوت ـ يېشىمىزغا
ياخشىراق قارىساق بولۇدۇ. ئاۋال قوساق تويۇدىغان ئىشقا

ژۇگـەمەيلىمۇ . ئالمىلار ئۇسساپ كېتىپتۇ، ئۇنى سۇغۇرۇش كېرەك ئىدى، باغنىڭ شورلىرىنى ئېتىش كېرەك ئىدى. ھېلىقى ئەكە تەيتاڭ ئىككى بايۇەچچى ھېلىتىنلا پىشمىغان كۆك ئالمىلارنى ئوغۇرلاشقا باشلاپتۇ . خويمۇ تويۇپ كەتتىمۇ شۇ ئومەر شاڭيونىڭ شۇملىرىدىن.

غۇنچەم: ئالما بىلەنلا قانائەتلىنىدۇ دەمسەن ئۇلارنى. تۇنۇگۈن كەچقۇرۇن گۈگۈم چۈشكەندە بوران چىقىشقا باشلىدىغۇ؟

زورىخان: ھە.

غۇنچەم: بوران ئالمىلارنى قېقىۋەتتىمىكىن قاراپ باقاي دەپ باققا چىقسام ، سىيىت دېگەن ماڭقىسى شورىدىن چۈشۈپ كاتەكتىن توخو ئوغۇرلاۋاتىدۇ. يوغان چالما بىلەن گەژگىسىگە بىرنى قويدۇم.

زورىخان: ئولتۇرۇپ قويۇپ بالاغا قالما، ئۇ جوگايىنىمەكنى يەنە.

غۇنچەم: بېشىنى يېسۇن ھارام تاماق ، تېخى ئاغزىنى يامان قىلىپ، ئۇرغىلى ھومۇيۇپ كېلىۋاتىدۇ . كوسەي بىلەن دۈمبىسىگە بىرنى قويۇۋېدىم. ئىشەكتەك تۇرۇپ ژىغلاۋاتىمادا... (كۈلۈپ كېتىدۇ.)

زورىخان: ئۇ ئوكتەملەرنىڭ دەستىدىن قانداقمۇ كۈن ئالار كىشى.

غۇنچەم: ھە بويتۇ، بويتۇلا دەپ قويۇپ بەرسەڭ بېشىڭغا

چىقىۋالدۇ. بىكار تەلەت تويمىغۇرلارنىڭ جاجىسىنى بېرىش كېرەك.

زورىخان: بىز قانداق جاجىسىنى بېرەلەيمىز ئېسىگىدىن چىقتىمۇ: بۇلتۇر ئالىملار ئەمدى پىشاي دېگەندە شۇ سىيىت دېگەن مىرەز كېچىسى تورت لۈكچەكنى ئەگەشتۇرۇپ كىرىپ نېمە قىلدى؟ بىزنى قاڭقىر ـ قاخشىتىپ تۇرۇپ، كوز يمىزچە ئالملارنى قېقىپ، تاغا ـ تاغالاپ ئەچىكەتكەن ئىدىغۇ، ئەللىك بېشىغا ئەرىز قىلسام شاكيوغا بېرىڭ دەيدۇ. شاكيوغا بارسام «بولدى مەن ئۇنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ قوياي» دەپ يولغا سال-دى. ئۇنىڭ پىشانىسىگە تاك ئېتىپ بىرنى چەككىنى قېنى؟ ئالمنى ئويىگە توكۇپ قويغاندا شاكيومۇ ماكىلدىتىپ ئوبدان يېگەن بوغىدى. بۇلاڭچى بولسا بالىسى، سوراقچى بولسا دا-دىسىدە. بىزنىڭ دادىمىزغا نەگە يېتىدۇ دەيسەن.

غۇنچەم: ياخشىمۇ دادام رەخمەتلىك مۇشۇ باغنى قىلىپ قويۇپتىكەن، بولمىسا قانداقمۇ قىلاتتۇق.

زورىخان: داداڭ ئوزى كەمبەغەل بولغان بىلەن كىشى-نىڭ ھەققىدىن قورقۇدىغان ئىنساپلىق، ئىشچان ئادەم ئىدى، قولى گۈل ئىدىدە، ئۇ رەخمەتلىكنىڭ، تىككەنلا كوچىتى زايا بولماي تۇتاتتى.

غۇنچەم: باغۋەنكەندە ھە ئاپا، دادام.

زورىخان: ۋاي بىر دەمسەن ئۇنى، ئۇستا باغۋەن

ئىدى. مۇشۇ ئالىملارنىڭ كوچەتلىرىنى خۇددى كىچىك بالىلىرىنى پەپىلەپ چوڭ قىلغاندەك ئۆستۈرگەن ئىدى. (جىم) تۇۋا! دۇنيادا ئەجەپ ئىنساپسىز ئادەملەر باردە، ئۇلار قويغان كۆچەتلەرنى ئوغۇرلۇشۇپ، ياكى زىتلىشىپ ژۇلۇپ تاشلىشىپتۇ، شۇ رەخمەتلىكنىمۇ قاخشىتاتتى.

غۇنچەم: شۇنچە يەرلىرى بىكار تۇرۇپ يا ئۆزلىرى باغ قىلمايدىكەن، خەق باغ قىلسا كورەلمەيدىكەن، ئىچىدە ئوغا قاينايدىغان ئادەملەردە ئۇ.

زورىخان: مانا شۇ باست ئەللىك بېشىمۇ شۇنداق ئىچىدە ئوغا قاينايدىغان ئادەم. ئۇ بۇرۇندىنلا بىزگە ئوچ.

غۇنچەم: ئارپىسىنى خام ئورغانىمىكەنىمىز ئۇنىڭ.

زورىخان: بىر كۈنى تازا جامائەت ژىغىلغان يەردە داداڭ ئۇنى غالچىدىن ـ غالچىغا سېلىپ، بەگلەرنىڭ تاپىنىنى يالايدىغان يالاقچى، خۇشامەتچى دەپ تازا تىللاپتىكەن، شۇندىن بېرى بىزگە قەۋەتلا ئوچلۇك قىلىدۇ.

غۇنچەم: خوي ئىش قىپتىكەن دادام.

زورىخان: ئۇ كۈنى سىلەر ھاشارغا بارمىدىڭلار، ئارپا-بىدە، ھارىۋا سېلىقلىرىدىن قالغان پۇلنى تولىمىدىڭلەر. «ئوستەڭدە سۇ ئاز، ھازىر سىلەرگە سۇ بەرمەيمىز» دەپ ۋالاقلاۋاتىدۇ.

غۇنچەم: ۋىيەي ئوستەڭگە دەپ باغدىن نەچچە ھارىۋا شاخ كېسىپ كەتتىغۇ. بىزنىڭ تېرىلغۇ يېرىمىز بولمىسا، بىر

پارچە باققمۇ شۇنچە سىلىق چۈشەمدىكەن. بۇلمىز يوق دېگە-
نىڭگە ئۈنۈمايى ئىككى يۈز تۇخۇم، بەش توخونى سىلىقتا ھېساپ-
لاپ بەردۇققۇ.

زورىخان: ئۇلار ھېچنىمىگە دال بولمىغىدەك، بىزدە بىر
قانچە سىلىق ژىغىلىپ قاپتۇدەك. باغنىڭ كوكىنى سېتىپ، يەنە
سەكسەن قانچە تەڭگە بېرىسلە دەيدۇ. قويۇنۇم ئوغرى، قونچۇم
ئوغرىلار.

غۇنچەم: يۈزلەپ خويىرى بارلارنىڭ ئىپتىزلىرىدا تو-
شۇپ ئاققان سۇ ھەجەپ بىزدەك كەمبىغەلـلەرنىڭ بىر نەچچە
غۇلاچ ئېرىقىنى ئايلىنىپ چىكىتىشكە يەتمەيدىكىنە.

زورىخان: ئويدە ئەركىشى بولمىغاندىن كېيىن ئاجىز-
دەپ بىزنى بوزەك قىلىدۇ-دە، جۇگا يېنىمەك كەتكۈرلە. مۇشۇن-
داق ئىشنىڭ بېسىق ۋاختىدا نۇرۇم نەدە ژۇرۇدىغاندۇ. خېلى
كۈن بولدىغۇ شۇ بالا ئويگە كەلمىگىلى.

غۇنچەم: بۈگۈن ئونبەش كۈن بولدى.

زورىخان: توۋا! نىمە قىلىپ ژۇرۇدىغاندۇ.

غۇنچەم: ئاڭلىسام لاپقۇتلىشىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا
ئىشلەپ ژۇرۇدۇ دەيدۇ.

زورىخان: ئۇلاپقۇت ئوتكۈزگەنلەرنى بىز قەيەرگە ئەكە-
لىپ ئىشلىتىمىز.

غۇنچەم: ئاپا، نۇرۇمنى باشلاپ كېلىپ ئىبوتقىلارنى قىر-

دۇرساڭ بولمامدۇ.

زورىخان: راس شۇنىڭغا دەيدىغان گەپلىرىمىۇ بار ئىدى. كېچىكىپ كېتىپ باردۇ. توختا، مەن بېرىپ تېپىپ كې-لەي (ئورنىدىن تۇرىدۇ.) غۇنچەم سەن گۈللەرنىڭ تۈۋىنى بوشۇتۇپ تۇر، نۇرۇم كېلىپ قالسا، سۇ باشلىتىپ كېلىمىز.

غۇنچەم: ماقۇل چاپسانراق كەلگىن ئاپا. (زورىخان ماڭىدۇ.) توختىغىنا ئۇيدە پەقەت چاي قالماپتۇ. (ژۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ تورت دانە تۇخۇم كوتۈرۈپ چىقىدۇ.) مانىڭغا چاي ئالغاچ كەلگىن. (زورىخان كېتىدۇ.) ئوزىچە مەنىدىن يوشۇرۇپ ژۇرىدۇ. ئاپامنىڭ دەيدىغىنىمۇ، نۇرۇم بىلەن ئىككىمىزنىڭ دەيدىغىنىمۇ بىرلا گەپ. نۇرۇمنىڭ بىزدىن كوڭلى ئاغرىپ قالدىمىكىن، سەل ئوزىنى چەتكە تارتىشقا باشلىدىغۇ. ياق، مەندىن كوڭلى ئاغرىغىدەك ھېچ ئىش ئوتكەن يوق. ئاپامنىڭ ئاغزىغا قاراۋېرىپ، ئۇنىڭ دەيدىغىنى ھېچ ئېغىزدىن چىقمىغاندىن كېيىن، قىيىدامدىكىن، ئەتىمالىم، دىلى يامان نازۇكچۇ نۇرۇمنىڭ، (يېنىك شامال ئېسىدۇ. بۇلبۇل سايرايدۇ.) ئوھ... بۇلبۇل! ئەجەپ سالقىن شامال چىقتا! شۇنداق چىرايلىق چاغلاردا نۇرۇم بىلەن بىللە ئېتىزلاردا كەچكىچە ئىشلىسەك، ئوتكەن كۈنلەر بىلىنمەس ئىدى.

قاشانىڭ ئىچى تەرەپكە ئوتۇپ ئېچىلغان گۈللەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشۇتۇپ ناخشا ئېيتىدۇ.



www.uyghurkitap.com

باغلار ئارا شامال ئۇچۇپ، سىنى ئەسلەتتى،
گۈللەر ئارا بۇلبۇل سايراپ، سىنى كورسەتتى.

كوزۇم تىكىپ نۇرۇم ساڭا، زۇرۇگۈم تەشنا،
يار – يار دەپ كېچە – كۈندۇز، كۈتتۇم يولۇڭغا.

يارىم بىلەن بىللە ئوسكەن، بىز بۇ مەلىدە،
باشتا كويۇپ ۋەدە قىلغان، چىمەنلىكلەردە.

ئويناپ كۈلۈپ بىللە ئىشلەپ زۇرگەن چاغلىرىم،
سەھەرلەردە ئېتىز ئارىلاپ سىنى سىغىندىم.

زورىخان بىلەن نۇر كىرىدۇ. غۇنچەم گۈل قىسقان، قولىدا ئوتتۇغۇچ، قارشى ئېلىش ئۇچۇن قاشانىڭ غوروسى ئالدىغا ئوتىدۇ.

**نۇرۇم:** تېچمۇسىز غۇنچەم؟

**غۇنچەم:** ئوزىڭىز تېچلىقمۇ؟

**زورىخان:** (نۇرغا قاراپ.) ئولتا بالام. ئوھ... ھېرىپ كەتتىما. (نۇر بىلەن زورىخان ئولتۇرۇشىدۇ.) ئازراقلا ماڭسام زۇرۇگۈم سىيلىپ، ئوپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپلا قالىدىغان بولدۇم. غۇنچەم سەن باققا چىقىپ چاي قايناتقىنا.

غۇنچەم يەر ئاستىدىن قاراپ نۇرغا كۈلۈپ قويىدۇ.

**غۇنچەم:** چاي ئالغاچ كەلدىڭمۇ ئاپا؟

زورىخان: (ياغلىقىنىڭ ئۇچىدىن ئازغىنا چاينى يېشىپ ئېلىپ.) سودىگەر دېگەندە ئىنسا پمۇيوق. مانا مۇشۇنىلا بەر-دى. (ئالقىنىغا ئېلىپ كورسۇتۇپ غۇنچەمگە بىردۇ.)

نۇرۇم: كىمدىن ئالدىڭ چوڭ ئاپا!

غۇنچەم چىلەك بىلەن نوگاينى ئېلىپ باققا چىقىدۇ.

زورىخان: بۇ مەلىدە قانچە دۇكان بار دەيسەن. ئاشۇ ھاشىمباينىڭ دۇكىنىدىن.

نۇرۇم: ئوتتۇپ كەتكەن جازانىخور ئۇ، كىم قىلتاقـقا چۈشەركىن دەپ ماراپلا ئولتۇرۇدۇ.

زورىخان: خۇدايىم ئوزى ئىنساپ بەرسۇن.«ئوتتۇرىدا بۇرۇن بولمىسا، ئۇ كوزنى ـ بۇ كوز يەيدۇ» دەپتىكەن. ئادەمـلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنساپ بولمىسا، بىكارد ېگىنەبالام. (جىم،) ئۇنى قويۇپ تۇرايـلىچۇ، مېنىڭ ساڭا دەيدىـغان بىر گېپىم بار ئىدى. قارا نۇرۇم! سەنمۇ ئۇيەردە، بۇيەردە بىكار ئاۋارە بولۇپ ژۇرمە بىز بولساقمۇ يالغۇز، سېنىڭمۇ بىزدىن باشـقا كىمىڭ بار. مەن بولسام قېرىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈنـدىن ـ كۈنگە كىسەل چېقىپ كېتىپ بارىدۇ.

غۇنچەم ئالما ياغىچىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ تىڭشايدۇ .

ئاپاڭ رەمەتلىك جان ئۇزۇش ئالدىدا ماڭا ۋەسىيەت قىلـغان: «دۇنيادا بىرلا ئوغلۇم قالدى. ئاۋال خۇدا، ئىككىنچى ھەدە ساڭا تاپشۇردۇم . ئوزەڭ بالا قولۇن قىلىۋالار سەن»

دېگەن ئىدى. (كوز يېشى قىلىدۇ.) سەن بولساڭمۇ چوڭ بول‍دۇڭ. غۇنچەممۇ چوڭ بولۇپ قالدى. ئەمدى ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى بىر يەردە قىلىپ قوياي دېسەم، مەندە ئارتۇق بىر نىمە يوق. يا سەن ئىشلەپ تۇزۇگرەك بىر نەرسە تاپالمىدىڭ. ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا بىكارغىلا قارىشىپ يۈرۈپ ژۇرۇدۇ، دەپ ئاڭ‍لايمەن. بىر كىچىكىدىلا پەتە ئوقۇتۇپ قوياي دېسەم، غۇنچەممۇ بىر تال قىز. سەنىمۇ بىر تال ئوغۇل. خەلقى ـ ئالەمنىڭ ئىچىدە سوز ـ چوچەككە قالىدۇ كىشى. ھە...خەقنىڭ تويىنى ئويناڭ دېسە، خوي ئويناڭ. ئوزىگە كەلگەندە يەڭ ئىچىدە دېيىشىدۇ. بىرەسىنىكىدە چاڭگوڭ تۇرۇپ، ھېچ بولمىسا، تويىنىڭ ئاش سۈيى ئۈچۈن بىرە توپاق، بىرە خو گۇرۇچ، شۇنىڭغا يەتكىدەك ياقىا پۇل تاپساڭ، بىزمۇ باغنىڭ ھوسۇلىنى ژىغىشتۇرۇپ، قەن گىزەك، ژىتىش ئۈچۈن رەخ ـ پەخ ئال‍ساق، ئاناڭدىن قالغان ئانچە ـ مۇنچە بىر نەرسىلەر بار، بىز‍نىڭمۇ تاپقان تۇككەنلىرىمىزنى قېتىش ـ قۇراش قىلىپ، «ھە‍جەپ ئوبدان بولدى» دېگىدەك بىر توي قىلىپ، ئىككىڭلەرنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويسام دەيمىنا. ۋا...ي، باللىرىم...(باقىقا قاراپ.) غۇنچەم، چېيىڭ قاينىغان بولسا ئەكەگىنە.

غۇنچەم: مانا ھازىر.

زورىخان جوزا قويۇپ دەستىخان سالىدۇ. غۇنچەم ئاپقۇرچىنە، نان، كورىدا چاي، سۇتلەرنى توشۇپ كېلىپ ئەتكەن چاي ئېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

زورىخان: (نۇرغا چاي قۇيۇپ بېرىسپ.) نۇرۇم سەن چاي ئىچىپتۇر، مۇشۇ مەلىدە ئىشلەشكە ساڭا لايىقراق بىر ئورۇن بارمىكىن سۈرۈشتۈرۈپ باقاي. (مېڭىپ توختاپ.) نۇرۇم، چېيىڭنى ئىچىپ بولۇپ، ئالىملارغا سۇ بارىدىغان ئېرىقنى قىرىپ ۋەتكىنە.

نۇرۇم: بولۇدۇ چوڭ ئاپا.

زورىخان چىقىپ كېتىدۇ.

غۇنچەم: قېنى ئىچىڭا نۇرۇمكا، كىچىككىنە قايمىغىدىن. (چاينىڭ يۈزىدىكى قايماقىنى قۇيۇپ بېرىدۇ.) سىز بىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز ھە... (كۇلۇمسىرەيدۇ).

نۇرۇم: سىز ئۇنتۇمىسىڭىزلا بولاتتىغۇ.

غۇنچەم: ھە، شۇنىڭ ئۈچۈن قېچىپ ژۈرۈپتىمەنىدە، قانچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئەسلەيمۇ قويماپتىمەن. زادى باغرىم قاتتىقچۇ مېنىڭ، سېغىنىشنى بىلمەيمەن.

نۇرۇم: ھەجەپ ئەگىتمە گەپكە ئۇستا بولۇپ كېتىپسىزا، غۇنچەم. كېچە ـ كۈندۈز مېنىڭ خىيالىم سىلەردە.

غۇنچەم: ۋاي تېخى، ئۇستۇلۇق دېگەن مانا.

نۇرۇم: نىمە ئۇستۇلۇق باردەيسىز بۈگەپتە. راستىنى ئېيتسام، مۇشۇ كۈنلەردە مېنىڭ بىرلا خوشاللىقىم بار، ئۇ بولسىمۇ پەقەت سىز. مېنىڭ ژۈرۈگۈم سىزنىڭ خىيالىڭىز بىلەن ياشىرىدۇ. سىزگە تىنماي قاراپ ئولتارغىم كېلىدۇ.

غۇنچەم: ۋاي تېخى، ئەمسە، نىمىشكە ئوزىڭىزنى بىزدىن چەتكە تارتىسىز. كوڭلىڭىزنى يامەن ئاغرىتىپ قويدۇممۇ؟

نۇرۇم: سىزدىن نىمىشكە كوڭلۇم ئاغرىسۇن. ھە...شۇ... يەنە بېرىپ تاقىشىدىغان يېرى پۇل ئىكەندە، پۇل تېپىش كېرەككەن غۇنچەم.

غۇنچەم: ۋايىيەي، جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان. پۇل – پۇل دەپ بىز دۇكان ئاچاتتىقمۇ.

نۇرۇم: سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن ئاپىڭىزنىڭ گېپى باشقا.

غۇنچەم: ئاپام سىزنى مېنىڭدىنمۇ ياخشى كورۇدۇ.

نۇرۇم: توغرى ئېيتىسىز، مەنمۇ ئۇنى ياخشى بىلىمەن، ھەممىمىزنىڭ ئويلىغىنى بىر. بىراق چوڭ ئاپامىنىڭ ئىگىز بىر داۋىنى بار، شۇ ئىككىمىزنى بىرلەشتۇرمەي توساپ تۇرۇدۇ. مانا شۇ داۋاندىن چىقىش تەس بولۇۋاتىدۇ.

غۇنچەم: مېنى سىزدىن قاچۇرۇۋاتمايدىغۇ؟

نۇرۇم: سىزنى مېنىڭ بىلەن كورۇشتۇرمەيۋاتىدۇ دېگەن گەپ ئەمەس.

غۇنچەم: ئەمسە نىمدىگەن سوزىڭىز ئۇ؟

نۇرۇم: مۇە پىشقان، گۇللەر ئېچىلغان. ئوزەڭ باغۇەن تۇرۇپ، گۇلنى قىسماي، مۇۋىسىنىڭ شەرۋىتىنى تېتالماي ۋاتىسەن. ئەگەر مۇۋىگە قۇرۇت چۇشسە، ئىشىنىڭ تۇگۇگىنى دېگەن سوز.

غۇنچەم: قىزىق گەپ قىلىسىز نۇرۇم. باغۇەنىنى گۈل ئۈزۈشتىن، مۇەييىشتىن كىم توساپ قويۇدۇ؟

نۇرۇم: ئاپىكىز. (جوزىدىكى گۈلنى ئويۇن قىلىپ ئاتىدۇ.) شەيتان قىز. ھېچنىمىنى بىلمەس بولۇپ ئالغىنىنى قارا. ئاپا، بىزنى ئاۋارە قىلمادىسىكىز بولمامدۇ.

غۇنچەم: ئۇ... ئاپام سىزنى نىمىشكە توساپ قويۇدۇ، قىنى قاندان؟

نۇرۇم: راس شۇنداق، گۈلنى ئۈزسەڭ تووار ياغلىققا ئورا دەيدۇ.

غۇنچەم: (گۈلنى ياندۇرۇپ ئېتىپ.) پاھ گەپلىرىنى، قۇ، يامان قۇ، توختاپ تۇرۇڭ. (ئويگە كىرىپ كېتىدۇ.)

نۇرۇم: نىمە قىلىدىغاندۇ، بۇ قىز. ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ ئادەمنى گەپكە سالىدۇ ـ دە. (جىم.) بۇ بىچارىمۇ قانداق قىلسۇن. ئانىسىغا بىر نىمە دەي دىسە يەنە ئاللا ـ كاللا، مىنى ئۆلتەدىگەي دەپ ۋاي سالىدۇ. ماڭا بىر نىمە دەي دىسە ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇدۇ. ئوتتۇرىدا خىجالەت بولۇدۇ ـ دە، ئېقىللىق قىز. دەردىنى ئۆزىلا تارتىدۇ.

غۇنچەم بىر موخۇركا خالتا، چوربىسىگە گۈل تىككەن بىر قول ياغلىقنى ئېلىپ چىقىدۇ.

غۇنچەم: مانا سىزگە تووار ياغلىق. گۈل ئورۇۋېلىڭ. مانىڭدا ھەر قېتىم تاماكا چەككەندە تىككەن كىشىنى بىر ئەسـ

لەپ قويارسز.

نۇرۇم: رەخمەت. سىز نىمىشكە ئاۋارە بولۇدىغانسىز. (تاماكا خالتىسى بىلەن ياغلىغىنى قويىنىغا سالىدۇ.) ئالمىنىڭ ئېرىغىنى چىپىپ ئېيتەيچۇ. (كەتمەننى ئېلىپ، باققا چىقىدۇ.)

غۇنچەم: (جوزىلارنى ژىغىشتۇرۇۋېتىپ.) بىچارە نۇرۇم تازا خىجالەتچىلىكتە قالدى ـ دە، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاپامىنىڭ ئادىمىگە رچىلىگىنىڭ قاتتىقلىغى، ھە دېسە، «مەن خەقتىن قالاتتىممۇ» دەپ ئابروي تالىشىدۇ. چاي ئىچىرىمەن، بوسۇت ئاپىرىمەن، دەپ ژۇرۇپ ىمىغۇ دادامدىن قالغان 5 ـ 6 خو يەرنى سېتىپ بولدى. كەمبەغەل بولغاندىن كېيىن نۇرۇم دېگەندەك چوڭ توي دېگەن بىزگە چىققىلى بولمايدىغان بىر داۋاندە، تاغدە. غۇنچەم ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. باغدا كاككۇك سايرايدۇ. نۇر ناخشا ئېيتىدۇ.

كاككوكلار كېلىپ قوندى،
ياشارغان تېرەكلەرگە.
يارىمنى كورۇۋېلدىم،
ئوت كەتتى ژۇرەكلەرگە.

ئېچىلدى سۇنۇق كوڭلۇم،
قىپ ـ قىزىل قىزىلگۇلدەك.
قاچانغىچە ژۇرەرمىز، (غۇنچەم تىڭشاپ تۇرۇدۇ.)
كاككوك بىلەن زەينەپتەك.

غۇنچەم: (ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلۈپ.) ناخشىنىڭ قىزىقلىقىنى، نۇرۇم ئەجەپ ناخشا ئېيتىدۇ-دە. دۇتارنىمۇ قەۋەتلا چىرايلىق چالىدۇ. توختا ئاپام كەلگىچە بىردەم دۇتار چالدۇرايچۇ. (باققا ژۇگۇرۇپ كىرىپ.) نۇرۇم مەيەرگە كېلىڭگا بىر گېپىم بار.

نۇرۇم: ھە، دەۋرىنىڭ قۇلۇغۇم سىزدە.

غۇنچەم: ياق، مەيەرگە كەلسىڭىز ئاندىن كېيىن دەيمەن.

نۇرۇم يېقىن كېلىدۇ.

نۇرۇم: ھە، مانا كەلدىم. نىمە دەيسىز؟

غۇنچەم: ناھايىتى قىزىق گەپ دەگا! جۇرۇڭ باراگدا ئولتۇرۇپ سوزلەپ بېرىمەن.

نۇرۇم: قانداق گەپتۇ ئۇ. (نۇر كېلىپ ئولتۇرۇدۇ. غۇنچەم تۇما مونچاقلار ئېسىلغان دۇتارنى ئەكېلىپ نۇرۇمغا تۇتقۇزۇدۇ.)

غۇنچەم: مانا مېنىڭ گېپىمنى مۇشۇ دۇتارنىڭ تارلىرى سوزلەپ بېرىدۇ.

نۇرۇم: ھەي شەيتان قىز، مېنى ئالداپسىزدە.

غۇنچەم: ھېچ ئالدىغىنىم يوق. ئۇزۇن بولدى، سىزنىڭ ناخشىلىرىڭىزنى سېغىندۇق. بىردەم دۇتار چېلىپ بېرىسىز-دە ئەمدى.

نۇرۇم: سىز ئۇسۇل ئوينىسىڭىز چېلىپ بېرىمەن.

غۇنچەم: مەيلى چېلىڭ ئوينايمەن. (نۇر دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىدۇ. غۇنچەم ئۇسۇل ئوينايدۇ.)

سەھەردە شامال چىقسا،
گۈل شاخى ئىغاڭلايدۇ.
غۇنچەمنىڭ بويى زىلۋا
بۇلبۇل قوندۇرالمايدۇ.

يارنىڭ بېغى ئالمىلىق،
ئالمىلارنى ئۈزمىدۇق.
ئىشقى يولىغا كىرىپ
ھېچنىمىنى سەزمىدۇق.

يارنىڭ بېغىدا ئالەيلى،
ماڭا بارمىكىن مەيلى.
بولسا ـ بولمىسا مەيلى،
مەن يارنىڭ قەلەندەرى.

غۇنچەم قاپىغىنى تۈرۈپ ئۇسۇلدىن توختاپ قالىدۇ.

نۇرۇم: ھوي، نىمە بولدى غۇنچەم؟

غۇنچەم: دەيدىغاننى دەپ ئېلىپ، يەنە نىمە بولدى دېگىنىنى.

نۇرۇم: مەن نىمە دېدىم سىزگە.

غۇنچەم: سىز مېنى ئېخچىلا سىنالماي ژۇرۇپسىزدە،
مەندە ھېچ گەپ يوق. (يۈز ئۇرۇپ ئالدۇ).

نۇرۇم: (دۇتارنى قويۇپ.) نىمىشكە ئىشەنچ يوق، زادى نىمە بولغانلىغىنى مەن چۈشەنمەي قالدىمغۇ؟

غۇنچەم: يارنىڭ بېغىدا لەيلى، ماگا بارمىكىن مەيلى. مەيلى بارلىغىنى ــ كورۇڭ دەپ ژۇرۇگۇمنى يېرىپ بەرسەم بولاتتىمۇ، نان دەسسەپ بېرەيمۇ.

نۇرۇم: ھە...شۇنىڭغىمۇ خاپا بولامدۇ كىشى، بۇ خەلق ناخشىسىغۇ، ئۇنى مەن سىزگە ئاتاپ چىقارغىنىم يوق.

غۇنچەم: ئەمسە، نىمىشكە ماگا قارىتىپ ئېيتىسىز.

نۇرۇم: ئەمدى چېقىشىپ، مۇھەببەت بولسۇن دەپ ئېيتىپ قويدۇمدە. (يېقىن بېرىپ غۇنچەمنىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ.) ماگا قاراگا غۇنچەم.

غۇنچەم: (قارىماستىن.) تۇتماڭ مۇرەمنى. (نۇركەنتىمەننى مۇرىسىگە سىلىپ، غۇنچەمگە قاراپ ناخشا ئېيتىدۇ.)

گۈلۈم غۇنچە ــ گۈلۈم غۇنچە،
نىمە قايرىلىسەن مۇنچە.
پۇغاندا بۇلبۇلۇڭ دايىم،
ئېچىلساڭچۇ كۈلۈپ غۇنچە.
باغ ئىچىگە كىرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

گۈلۈم ــ غۇنچە، گۈلۈم غۇنچە.
نىمە كويدۇرۇسەن مۇنچە.
قېشىمدا تۇرمۇدۇڭ بىردەم،
مېنىڭ كوڭلۇم ئېچىلغۇنچە.

غۇنچەم نوگايدا سۇ ئېلىپ بېرىپ، نۇرغا چېچىپ قاچىدۇ. نۇرۇمنىڭ چاڭگىلىدا تىنەپ تۇرغان سۇ، قوغلۇشۇپ چىقىدۇ.

نۇرۇم: ئەمدى مەن چاچسام قانداق قىلىسىز؟

غۇنچەم: مەيلى چىدىنغانغا چىقارغان.

نۇرۇم: يەنە ئالا كۈچۈكلەر كېلىپ قالمىسۇن.

غۇنچەم: بولدى ئۇنى تەگمەڭ.

شاڭيو: (سىرتتىن.) زورىخان، ھەي زورىخان، قايسىڭلار بار ھوي.

غۇنچەم: ۋىيەي كىمدۇ ئۇ؟

ژۇگۇرۇپ باققا چىقىدۇ. شاڭيو كىرىدۇ.

شاڭيو: نۇر، سەن بۇ يەردە ئىسكەنسەنغۇ. قانداق ئەھۋالىڭ؟

نۇرۇم: ياخشى، يامان ئەمەس شاڭيوكا، قانداق ئۇزلىرى ئوبدان تۇردىلىمۇ؟

شاڭيو: خۇداغا شۇكرى سالامەت، زورىخان نەگە كەتتى.

نۇرۇم: ئەشەدە بىر يەرگە بېرىپ كېلەي دەپ ھازىر چىققان ئىدى.

زورىخان كىرىدۇ.

زورىخان: ئەسسلام. (تازىم.) شاڭيومىنىڭ قەدىمى بۇ ياقىقا يېتىپ، قاپتىغۇ؟

شاڭيو: سىلىنى يوخلاپ ئوتۇپ كېتەي دېۋىدىم، قانـداق ئەھۋاللىرى ياخشىمۇ، سالامەت تۇرامدىلا؟

زورىخان: يامان ئەمەس شاڭيوم. ئىش قىلىپ، تىرىكـچىلىگىمىز كېتىپ بارىدۇ. (نۇرۇمغا قاراپ.) ئولتىبالام.

شاڭيو: ياخشى ـ ياخشى. نەگە بېرىپ كەلدىلە زوردـخىندە؟

زورىخان: قېرىنغاندا مۇشۇ باللارنىڭ غېمى، نۇرۇمنى بىر يەرگە ئىشقا تۇرغۇزۇپ قوياي دېۋىدىم. ھېچ ئىپى كەلـمەي تۇرۇدۇ.

شاڭيو: سىلەر بىلەن شىرەم بولسىمۇ تۇقانچىلىغىمىز بار. بىز تۇرۇپ نۇركىملەرنىڭ ئالدىدا ساغىرىپ ژۇرۇدۇ. مانا يىتىملارغا ئوزىمىز ئاتا بولۇمىزدە.

زورىخان: رەخمەت شاڭيوم شۇنچىلىك دېگەنلىرىگە.

شاڭيو: بىزنىڭ ژۇقۇرقى مەلىدىكى جاگزىدا ئىشلەيدىغان راسا بىرئوغۇل بالا كېرەك. ئۇ يەردە «تۇرغان» دېگەن بىر نان قېپى ژىللىقچىمىز بار، ئاچىغىمىز كەلسە، ئۇنىمۇ ھايدايـمەن. ئۇ چاغدا دېگەندەك ئىككى ژىگىت كېرەك. ئۇ يەردە بۇزۇلۇپ، چېچىلىپ ياتقان نەرسىنىڭ سانى يوق! نۇر بېرىپ



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بىزنىڭ ئورنىمىزدا ئىپگىدارچىلىق قىلسۇن. ژىللىغىنى ئوبدان قىلىپ كېسىپ قويايلى، قانداق دەيدىلا؟

زورىخان: تاگەي، نۇرۇم ئوزى نىمە دەيدىكىن.

نۇرۇم: شاگىوكام ئوزى ئاتىدارچىلىق قىلمەن دەيدىغۇ، مەيلى ئىشلەپ بېرەي، بىراق ژىللىق تۇرمايمەن، چاگگۇڭ تۇراي.

شاگىيو: چاگگۇڭ تۇرۇشنىڭ ۋاختى ئوتۇپ كەتتىغۇ.

نۇرۇم: ئەمدى قالغىنىنى ئوزىڭىز بىلىسىز. ئىش قىلىپ چاگگۇڭ ھېساۋىدا قار چۇشكىچە دېگەندەك ئىشلەپ بېرىمەندە.

شاگىيو: ھە مەيلى ئەمسە. (قولىنى ساناپ.) ئالتى ئاي دەپ قويايلى.

زورىخان: ئالتى ئاي، قېنى ئۇنىڭغا قانچىرەك بىر نىمە بېرىدىلا شاگىيوم.

شاگىيو: باشقىلار سەككىز ئايلىقنى سەكسەن تەڭگە پۇل، ئىككى خو بۇغداي، بىر قۇر كىيىم ـ كىچەككە تۇردى. ئۇـ رۇق ـ تۇققان بولغاندىن كېيىن نۇرغا ئىككى ئايغا قارىماستىن شۇنداق بېرىمىزدە. ئەلۋەتتە قوينۇگدىن توكۇلسە، قونچۇڭغا دېگەندەك، سىلەرگە كەتسە مەيلى ئەمەسمۇ؟

زورىخان: ئۇغۇ شۇنداق. ئەمدى ئەشۇ سەكسەن تەڭـ گىگە كىچىكرەك بولسىمۇ بىرەر كالا كەلمەسمۇ. (نۇرۇم كۇلۇمـ سىرەيدۇ.)

www.uyghurkitap.com

شاڭيو: كالىنى نىمە قىلىدىلا؟

زورىخان: ياق ئەمدى دەيمىنا.

شاڭيو: ئەگەر سىغىپ ئىچىمەن دېسىلە بىزنىڭ 3 ــ 4 كالا تۇغۇپتۇ، بىرەنى ئەكىلىپ سىغىپ ئىچسىلە.

زورىخان: ۋايىەي، كىشىنىڭ جانلىق مىلىنى تۇتامىدىغان. جان بار يەردە، قازا بار دەپ بىرەر خىيىم ــ خەتەر بولۇپ قالسا، تۇگۇمەسلا چاتاقتە.

شاڭيو: ياخشى بېقىپ، سەمىرىتىپ، مۇزىيىغىمۇ جىقىراق سۈت قالدۇرسا، نىمە چاتىقى بولۇدۇ.

زورىخان: بۇلتۇر مۇنۇ ئارقىدىكى خوشنىمىز ساقى، هاشىمباينىڭ يېرىگە ئورتاق قوغۇن تەرگەن ئىدى. هاشىمباي قوغۇنلۇقتا كىيەك ــ شاپاق يېرىپ، سىغىپ ئىچىڭلەر دەپ بىر كالىنى بېرىپتىكەن. موزىيى ئولۇپ قېلىپ، تېخىلا چاتاق بولۇپ ژۇرمەمدۇ.

نۇرۇم: ئاجىرىلىپتىمۇ چاتىقى.

زورىخان: قانداق پۇتۇشۇپتۇ؟

نۇرۇم: هاشىمباي مېنىڭ كالىلىرىم ئىككى ياشتىلا تۇغۇدۇ. بۇلتۇرقى ئولگەن مۇزاي بولسا، بۇ ژىل ئىككى ياشقا كىرىپ تۇغاتتى. ماڭا مۇزايلىق سىيىر تولەپ بېرىسەن، دەپ بىچارە ساقىكامىنىڭ بىر نەرسىلىرىنى ساتقۇزۇپ بىر بوغاز غۇنۇجىن پۇتكۇزۇۋاپتۇ.

شاڭيو: خەۋىرىم بار. راس ئۇنىڭ كالىلىرى ئۈچ ياشقا ئوتمەيلا تۇغۇدۇ. بۇلتۇر ۋاختىدا تولەپ بەرگەن بولسا، ياخشى-راق بىر مۇزاي بىلەن قوتۇلاتتى، ۋاخ ئوتكەندىن كېيىنلا چاتىقى-چاتاق.

زورىخان: ئۇمۇ ۋاختىدا تولەپ بېرەي دېگەن بوغدى، ئورنىنى قىلالماي قالغاندە، بىچارە ئادەمنى كوچىلاردا سورەپ ژۈرۈپ نەچچە قېتىم ئۇردى-دە. ئۇرغاندىن كېيىن ئالمىسىچۇ كاشكى.

نۇرۇم: ئېلىش ئۈچۈن ئۇرغاندە ئۇنى. ئاۋال شۇنداق قىلىپ، ژۇرۇگىنى راسا مۇجۇۋالغان.

شاڭيو: يوق گەپلەرنى قويۇڭلارچۇ. قېنى ماۋۇ ئوزد-مىز نىڭ ئىشىغا كېلەيلى. ئەگەر كالىنى سېغىپ ئېچىشتىن قورق-سىڭىز، نۇرنىڭ ئىشلىگەن پۇلىغا چېقىپ كۇزدە بىرە كالا بېرد-ۋېتەرمىز.

زورىخان: هە مانا بۇ دۇرۇست. شۇنداق بولسۇن شاڭيوم.

شاڭيو: بىزدىن نىمە كېتەتتى. نەدىكى نىملەرگە خېلى بىر نەرسىلەرنى ئايىمايمەن. نۇر دېگەن ئوز ئەمەسمۇ. ئەگەر ياخشى ئىشلىسە، بىزنىڭ ئورتاقچىنىڭ راسا بىر قىزى بار، چېتىپ قويۇمەن. ئىككىسى بىر بولۇپ، هەممە ئىشنى باشقۇرۇدۇ دېسىلە.

زورىخان: (ئاگلىماسقا سىلىپ.) نۇرۇم چاي قايىندىـ
مىكىن چىقىپ باقىنا. (نۇرۇم باققا چىقىدۇ.)
شاگيو: بولدى ئاۋارە بولمىسىلا، مېنىڭ چايغا ئاۋدىم
يوق. (ئورنىدىن تۇرۇدۇ.)
زورىخان: ئاران بىر كەلگەندە بىردەم ئولتۇرۇپ چايـ
پاي ئىچىپ كەتسىلە شاگيوم.
شاگيو: تۇۋەندىكى مەلىدە توي‌دا بولدۇق، نەزىردە
بولدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە تويغا شەھەردىن لوزۇڭ ـ بەگلەر
چىققان ئىدى. سىلەرنىڭ ئەللىك بېشى چايغا چاقىرىۋاپتىكەن.
ئۇيەردە بولدۇق. چىشىگىنىڭ باردا گوش يەدەپتىكەن هارـ
غىچە يېدۇق. ئەمدى چاينى نەگە ئىچىمىز.
زورىخان: شۇنداق بولسىمۇ، كەمبىغەللىنىڭ چېيى‌چىشقا
دورا دەپتىكەن.
شاگيو: بىراق، بىزنىڭ چىشىمىز تېخى ئوتكۇر، دورا
لازىم قىلمايدۇ، زورىخىندە.
زورىخان: ئۇستۇخاننى چاينىسىلىمۇ ئوتتۇدىكەندە شاگيوم.
شاگيو: (زەھەرلىك كۈلۈپ.) قورۇققە پنى قويۇپ باغنىڭ
ئالمىلىرىنى بىر قاتار كورۇپ باقايلى جۇرسىلە.
زورىخان: جۇرسىلە، جۇرسىلە، كورۇپ باقسىلا.
زورىخان بىلەن شاگيو باققا چىقىدۇ. غۇنچەم جىچىلىپ كىرىدۇ.
غۇنچەم: بېشىگىنى يەيدىغان ئادەمگە نىمانچىلا تىكىلىپ

قارايدىكىنە. خۇددى بىر ئاچ قالغان بورىنىڭ ئۆزى. مەن ئۆز ئىشىم بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتسام، «نىمىشكە ئالدىمغا كېلىپ تازىم قىلمايدۇ. ئادەم بولماپتۇ قىزىڭىز» دەۋاتمامدۇ. شاگىيو بولامدۇ، بەگ بولامدۇ، نىمە بولسا بولمامدۇ، خوشامەت قىلىپ، نەگە باراتتىم. خوشامەت قىلغانلار ياخشى كورۇنۇش ئۇچۇن قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ياخشى كورۇنۇپ، ئاغچا، خېنىم بولۇشنى خالاتتىممۇ.

نۇرۇم كىرىدۇ.

نۇرۇم: غۇنچەم قاپىغىڭىز چۈشۈپ كېتىپتىغۇ؟ خاپا بولدىڭىزمۇ نىمە؟

غۇنچەم: (ئېچىلىپ.) ياق، ھېچنىمە بولمىدى. (ئاز توختاپ.) شۇنداق قىلىپ يەنە كېتىدىغان بولدىڭىزما نۇرۇم. (مەيۈسانە يەرگە قارايدۇ.)

نۇرۇم: مېنىڭچە بولسا، سىزدىن بىردەممۇ ئايرىلغىم يوق؛ ئۆزىڭىز بىلىسىز موماينىڭ تەلىۋى شۇنداق بولۇۋاتىدۇ.

غۇنچەم: شاگىيونىڭكىدىن باشقاراق يەردە ئىشلىسىڭىز بولمامدۇ؟

نۇرۇم: باشقا يەردە ئىشلەيدىغان ئورۇنىنىڭ ھازىرچە تايىنى بولمىسا، ۋاخت بىكار ئوتۇپ كېتىپ بارىدۇ. ئامالىنىڭ يوقى، قانداق قىلىمىز. جىنىمىز ئىسەن بولسا، 5 ـ 6 ئاي دېگەن ھېچگەپ ئەمەس.

غۇنچەم: مەيلى ئەمدى، موماينىڭ دېگىنىچە بولسۇن، قېرىغاندا بىزدىن كۆڭلى قالمىسۇن.

زورىخان كىرىدۇ.

زورىخان: (نۇرۇمغا.) شۇنداق قىلىپ شاگىۋىنىڭىكگە بارىدىغان بولدۇڭ. ھەر ھالدا ئۇلارنىڭ چىشىغا تەگمەي دېگىنىنى قىلساڭ ئوبدان ئىدى، بىرنەرسە ئالغىلى بولۇدۇ. ئۆزەمۇ دەۋاتىدىغىنىمنى ئاڭلىغانسەن؟

نۇرۇم: ئاڭلىدىم.

زورىخان: ھە ئاندا قبولغاندىن كېيىن كېلىشمىسەگەن ئىشلارغا ئارىلاشماستىن بەگۋاشلىق قىلماي سىلىنىڭ راس، خوپ دەپ قويساڭ سەندىن ھېچنەرسە كەتمەيدۇ.

غۇنچەم: خوپ ــ خوپ دەپلا تۇرسا، ھەممىسى بويىنىغا مىنىۋالىدۇ.

زورىخان: (غۇنچەمگە.) سەن تېچىتۇ. ساڭا گەپ قىلىۋاتقىنىم يوق. ئۆزەڭمۇ ھاكاۋۇر بولۇپ كېتىپ بارىسەن قىزىم. مەن سىلەرنى نىمە جاپالار بىلەن چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇۋاتىمەن. سىلەر ئۇنى بىلمەيسىلەر. (نۇرۇمغا.) ئىش قىلىپ پاتراق كۈنىگنى پۈتكۈزۈپ دېگەندەك بىر نەرسە ژۇلۇپ قايتىپ كەل. ھەممىنى ئۆزەڭ ياخشى كۆرۈپ تۇرۇۋسەن. بىزدە يېتەرلىك يەر، سۇ، قوش جابدۇق بولسا، سىنى چاڭگۈگغا بېرەتتىممۇ، خەلقىنىڭ ئىشىگە تەلمۈرەتتىممۇ، جېنىم بالام،

ۋاي...خۇدا... ئاپاڭ رەھمەتلىك ساڭا تولىمۇ ئامراق ئىدى مەنمۇ سىنىڭ ياخشى كۈن كۆرۈشۈڭ ئۈچۈن ھەر نامىزىمدا دۇئا قىلىمەن.

شاڭيو: (كىرىۋېتىپ.) ئالمىلار بۇ ژىل تازا بوپتۇدە. (غۇنچەم ئۆزىنى ئاستا ئويگە ئالىدۇ.) ھاي ـ ھاي، غۇنچە قىز، تازىم قېنى؟ ژۈرت ئاتمىسىغا بولغان ھۆرمەت شۇمۇ، ئۆزىـ نىڭ تۇقانلىرىدىنمۇ قاچامدىكەن، ئاخماق.

زورىخان: ھوي غۇنچەم، شاڭيو داداڭغا تازىم قىل، سەت بولىدۇ. (غۇنـچەم ئىشكـىنىڭ ئالدىـغا چىقىپ، سۈس تازىم قىلىپ كىرىپ كېتىدۇ.)

شاڭيو: ھە، قىز بالا دېگەن ئەدەپىلىك بولىدىـغان. ئەدەپ ئەخـلاق دېگەن ئادەمـنىڭ بىر ھوسنىدە. (نۇرۇمغا.) خوش نۇر قانداق قىلىدىغان بولدۇڭ ھازىر ماڭامسەن؟

نۇرۇم: بولىدۇ، بارىمىز.

زورىخان: مەيەرگە كىرگىنە نۇرۇم. (زورىـخان باققا كىرىدۇ.)

شاڭيو: (ئۆز ـ ئۆزىگە.) بۇ خوتۇننىڭ ياخشى ئىككى نەرسىسى باردە. بىرى مانا مۇشۇ ئالمىلىق بېغى، بىرى قەلەمـ قاش قىزى. ھەر ئىككىسىنى ئەپلەپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. مەن شۇچاققىچە سەپ ـ سالماي ژۈرۈپتىمەندە، تىماقتا توختىغىـ دەك بالا بوپتۇ ئەمەسمۇ بەچچىغەرنىڭ قىزى. ھەركۈنى شۇنـ

داق قىز، تېزا ھەم قىمىز ـ قوزا بولۇپ تۇرسا، ئادەم قېرىـ مايدۇ ـ دە، دۇنيادا. بۇ خوتۇننىڭ قوسىغىدا قىزىنى نۇرغا بەرمەكچى ئوخشايدۇ. نۇرنى قارىغىنىغا ئېلىۋالغىنىم خېلى ئىش بولدى. ئەمدى ماۋۇ سوزمەن خوتۇننى كوزدىن يوقاتـ ساق قىزىمۇ، بىغىمۇ نەگە بارىدۇ. ئوز يېغىدا، ئوزگۇشىنى قورۇيمىزدە. مۇشۇ گۇللۇك باغدىلا بۇ چىرايلىق قىزچاقنى ئوي تۇتۇپ پىرىمىز. يامىنىغا كەلسە، جاجىسى ئازراق پۇل، تۇل خوتۇن. يېتىم ئوغۇل دېگەننىڭ قولى نەگە يېتىدۇ.

زورىخان ئويدىن چىقىدۇ.

**زورىخان:** سىلىنى ساقلىتىپ قويدۇقمۇ، شاكىيوم. نۇرۇمـ نىڭ بىر نەرسىلىرىنى جايلاپ يولغا سالايلى دەۋاتىمىز.

**شاكىيو:** ياخشى ـ ياخشى بوپتۇ، ئەللىك بېشىنىڭ ھويـ لىسىدا مېنىڭ ئېتىم بار. مەن كېتىۋېرەي، نۇر ئارقامدىن بارـ سىمۇ بولىدۇ. خوش ئەمىسە، تۇرۇپ قالسىلا.

**زورىخان:** ئۇزۇتۇپ قوياي. (شاكىيو بىلەن زورىخان تالا تەرەپكە چىقىدۇ.)

نۇرۇم باغ ئارقىسىدىن شازادىخان ئاھاڭىنىڭ ئەۋجىسىگە ناخشا ئېيتىدۇ.

مەن كېتەر بولدۇم يارىم،
ئەرزىم بايان ئەيلەپ كېتەي.
مېھرىبان يار قالدى دەپ
چوللەردە قان يىغلاپ كېتەي.

غۇنچەم بىر تال غۇنچىسى بار قىزىلگۈلنى تۇتقان ھالدا ئويدىن ناخشى-
نىڭ باشلىنىشىنى ئېيتىپ چىقىدۇ.

قۇرغۇيۇم ئۇچتى قولۇمدىن،
قايدا مىھماندۇر بۇگۇن.
دەخلى بەرمەگىلەر يارىمغا،
كوڭلى پىرىشاندۇر بۇگۇن.

(قاشانىڭ يېنىغا كېلىپ ژىراققا كوز تىكىدۇ.)

پەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئىككىنچى پەردە

## 1 ـ كورۈنۈش

شاگىيونىڭ مەھەللە ئىچىدىكى ھويلىسى. سەھنىنىڭ سول تەرىپىدە تۈۋرۈك ۋە ياغاچىلىرى ئويما نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن پېشايۋان ۋە بىر قانچە ئۆينىڭ ئىشىك ـ پەنجىرىلىرى كورۈنۈدۈ. سەھنىنىڭ ئوڭ تەرەپ ژۇقۇرىسىدا شاپتۇللۇق، توۋەنرەكتە ژىراقتىن بىدە بىسىلغان لاپاس كورۈنۈپ تۇرۇدۇ. ئارقا تەرەپتە تېرەكلىك بوستان. ھويلىدا بىر توپ قېرى قارا ياغاچ. ۋاخت كۈز. (ئەگەر سەھنە ئىمكانىيەت بولسا، مەي باغلاپ پىشقان ئۈزۈملۈك بارالىق بولۇدۇ.)

شاگىيو بىلەن شەرۋان ئاغچا سوھبەت قىلىشىۋاتىدۇ.

شەرۋان: ياق ـ ياق بولدى. تولا ئاغزىمنى ئاچماي ئولتارسۇن.

شاگىيو: ھە. نىمە ئانچە چىچاڭشىپ كەتتىڭ.

شەرۋان: ھوي يەنە قايسى ئاغىزلىرى بىلەن شۇ گەپنى قىلدىلا.

شاگىيو: بىر ئەرگە تورت خوتۇن داۋا. ھازىر مەندە بولسا، تېخى ئاران ئىككى خوتۇنغۇ.

شەرۋان: بايتوقايدىكىنى نەگە يوشۇرۇدىلا. مىنى ھېچنىمە بىلمەيدۇ ــ دەيدىكەندە. يەرنىڭ تىگىدە ئىلان كوشۇگىنى بىلمەن مەن.

شاگيو: كىم دېدى ساڭا، يوق گەپ.

شەرۋان: يوق گەپ ئىمىش. ئەمىسە، نىمىشكە ئالتى كۈندە بىر قېتىم ئايدىلا ئۇياققا.

شاگيو: ئەگەر شۇنداق بولغاندىمۇ تېخى تورتكە يەتمىدىغۇ.

شەرۋان: ئون ئىككىگە يېتىپتىغۇ. توققۇز قىز ئېلىپ قويۇپ بېرىپتىلا. ھازىر ئەمىرلىرىدە ئۈچ خوتۇن، ئەمدى ئىنساپ قىلىش كېرەك. ساقالىغا ئاق كىرگەندىمۇ ھەۋەس قىلىۋېرەمدۇ كىشى.

شاگيو: ساقالىنىڭ ئاقارغىنىغا قارىما سەن. (كوكسىگە بارماقلىرى بىلەن نوقۇپ.) كوڭۈلگە قارا، كوڭۈلگە! بىزنىڭ كوڭلىمىز تېخى ژىگىرمە ياش ژىگىتنىڭ كوڭلىدەك چاپچىپ تۇرۇپتۇ. مەسىلەن: ھويلىدا ژۇرگەن خورازغا قاراپباق، شۇ جېنىدا مۇشتەك تۇرۇپ، ئون نەچچە مېكىياننى ئارقىسىدىن ئەگەشتۇرۇۋاپتۇ. مانا شۇنداق ئاق خوراز دېسەڭ بولۇدۇ، بىزنى.

شەرۋان: ئۇ دېگەن توخۇ، سىلى دېگەن ئادەم.

شاگيو: ھە مانا قارا، مەن تاغدەك ئادەم تۇرۇپ توخۇ ــ چىلىك بولالمايمەنمۇ. توققۇز قىز ئېلىپ قويۇۋەتكەن بولسام،

ئون بولۇپ كەتسۇن ، ئەمرىمدە ئۈچ خوتۇن بولغان بولسا، تورت بولۇپ كەتسۇن. ھېساپىمۇ توپ توغرىلا بولۇدىكەن.

شەرۋان: ياق، ئەمدى مەن يول قويالمايمەن. بۇرۇنقى خوتۇنلىرىدەك كەلسە ـ كەلمەس زىندى پەس يەرنىڭ قىزى ئەمەسمەن، يا بولمىسا سەرالىق ئەمەسمەن، مەنچۇ شەھەردە چوڭ بولغان بەگ ئەۋلادىمەن. ھېلىمۇ گەپ قىلماي بەرسەم مېنىڭ ئۈستۈمگە ئىككىنى ئالدىلىغۇ. بۇنىڭدىن ئارتۇق چىدالمايمەن. ياشلىغىم قىزىلگۈلدەك چىرايىم مۇشۇ سادايى قىيامەتتە غازاڭ بولۇپ كېتىپ باردۇ.

شاكىيو: بوپتۇ. بايتوقايدىكىنىڭ خېتىنى بىردۇتەي، ئوزەڭ ئىگە بولۇپ غۇنچەمنى ئېلىپ بەر. ساڭا ئالتۇن قاداق ئېلىپ بىرەي. سېنىڭ بۇرۇنقى ئالتۇن بىلەيزۇكۇڭ يېڭىگرەك بولۇپ قاپتۇ. ئىككى سەر ئالتۇندا بىلەيزۇك سوختۇرۇپ بىرەي.

شەرۋان: ئالتۇن جابدۇق، تۇۋار ـ توقىلار يېتىپ ئاشدۇ. خالىسام يەنە ئوزەم ساڭىدىكى ئاشلىق، تاغدىكى مالنى ساتقۇزۇپ ئېلىۋىرىمەن. ئەمدى مېنىڭ ئۇنداق نەرسەلەرگە ئالدىنىۋىرىدىغان ۋاختىم ئوتۇپ كەتتى. ھازىر نىمە قىلىشىمنى ئوزەم ياخشى بىلىمەن. مۇشۇ مال ـ مۇلۇك نەچچە يۇز خولۇق يەر ـ زېمىنلارغا مەنمۇ ئىگە، مەنمۇ خوجايىن.

شاكىيو: مانا ئوزەڭ ئېيتىۋاتىسەن، مال ـ مۇلۇك دېگەننى بىر ياقتىن خەشلەۋەسە تۈگەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ياقتىن

ئوپلاپ، بىر ياقتىن خەشلەش كېرەك. مېنىڭ دېگىنىم زورر-
خانىنىڭ بېغى مۇشۇ مەلىدە بىرلا باغ. مانا شۇنى ئۆزىمىزگە
قارىتىپ ئېلىش كېرەك. ئۇ خوتۇن ھازىر ئېغىر ئاغرىق.
بەرىبىر ساقىيالمايدۇ. ئەگەر قىزى بىزنىڭ قولىمىزدا بولسا،
قۇلدەك ئىشلىتىسەن. بېغىمۇ بىزنىڭ مۈلكىمىزگە قوشۇلىدۇ.
ئەمەسمۇ، نىمىشكە مېنىڭ پىلانلىرىمنىڭ تېگىگە يەتمەيسەن.
شەرۋان: پىلانلىرىنىڭ تېگىنى ئوبدان بىلىمەن، بىر
چالمىدا ئىككى پاختەكنى ژىقتىش.
شاڭيو: ھەببەلى، مانا شۇ، ئېقىللىق خوتۇندە سەن.
شەرۋان: ئۇ پىلاننى باشقىچىرەك يول بىلەنمۇ ئەمەلگە
ئاشۇرغىلى بولىدۇ.
شاڭيو: مەسىلەن: قانداق قايسى يول بىلەن؟
شەرۋان: غۇنچىنى كۆندەشلىككە ئەمەس. كېلىنلىككە
دەپ قولغا چۈشۈرۈمىز. ئىش تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ.
شاڭيو: (ئازجىم.) مانا قارا، ما گەپنى...
شەرۋان: ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتىغۇ، نىمە گەپنى؟
شاڭيو: مېنىڭ كوڭلۇم چۈشۈپ قالغان بولسا، دۇرۇست
بولامدۇ؟ بۇنى قانداق قىلىسەن؟
شەرۋان: كىمنى كورسە چۈشۈۋېرىدىغان قانداق سارائ
كوڭۇلكەن ئۇ؟!
شاڭيو: بولدى ئاغزىڭغا قاراپ سوزلە. ئۇنى ئويلۇ-

شۇپ كورۇمىز.

شەرۋان: ئويلۇشۇپ كورۇدىغان ھىچنىمىسى يوق. كوڭلۇم ـ پوكلۇم دېگەن گەپلىرى مەشەدىلا قالسۇن. سىلىمۇ ئېغىزلىرىغا ئېگە بولسىلا، قالغان ئىشنى ئوزەم جايلايمەن.

شاڭيو: خوش شۇنداق قىلىپ، مىنىڭ تەلىۋىمگە كونىۋدۇڭ. ھازىرچە يېپىق قازان يېپىق بويىچە قالسۇن. ئەمدى بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلە بار. نۇر بۇ ئىشقا پۇتلىشۇدۇ. نۇر بىلەن غۇنچە بىرـبىرىنى ئولگۇدەك ياخشى كورۇدۇ. زورخانىمۇ قىزىنى نۇرغا بەرمەكچى. بۇنى قانداق قىلىسەن؟

شەرۋان: شۇ قاپىغى يامان گادايغىمۇ قارامدۇ كىشى. غۇنچىدەك قىزنىڭ ئۇنداق يالاڭغىدەك لەرگە زايا كېتىشىنى بېشىدا ئەقلى بار ھەر قانداق كىشى بىلمەمدۇ.

شاڭيو: توغرى بىزلا غۇنچىنى سىيىتكە ئېلىپ بېرىمىز دېسەك، زۇرت موتىبەرلىرى ئەلۋەتتە بىزنىڭ گېپىمىزنى قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ھەرھالدا، غۇنچىنى سىيىتكە نىكا قىلغىچە نۇرغا ئۇختۇرماسلىق كېرەك. نىكا بولغاندىن كېيىن خوتۇن كىشى دېگەن ئەر كىشىنىڭ قولى، بىرۋۆنىڭ ئەمرىگە ئوتۇپ بولغان خوتۇنغا پالان ـ پۇستان دەپ ئېغىز ئاچقان ئادەمنىڭ تىلى كويىدۇ. (مەشرەپ كىرىدۇ.)

مەشرەپ: ئاكا! باستى ئەلىك بېشى شاڭيوكام بىلەن كورۇشەتتىم دەپ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تورۇدۇ.

شاگىيو: قىچا مەيەرگە كىرسۇن.

مەشرەپ چىقىدۇ. شەرۋان ئۆيگە كىرىدۇ. ئەللىك بېشى كىرىپ سالاملىشىدۇ.

باسىت: بىمەنە بىر ۋاقىتتا كېلىپ، سىلىنى بارام قىلىپ قويدۇممۇ نىمە شاگىيوكا.

شاگىيو: موتابەتچى بولۇپ كېتىپسەنا باسىت ئولتار. سىنىڭ پات ـ پات كېلىپ تۇرغىنىڭ ياخشى. قۇرۇق كەلمەيسەندە، ئەلۋەتتە.

باسىت: بىراق، بۇ قېتىم قۇرۇق كېلىپ قالدۇقتە شاگىيوكا. شۇنىڭ ئۈچۈن بىمەنە كېلىپ ئاۋارە قىلغىنىمغا ئەپۇ سورايمەندە.

شاگىيو: مۇغەمبەرلىك قىلما. ھاشىمباينىڭ موزىيىنى يوغانلا بىر كالىغا ئايلاندۇرۇپ بەرگىنىڭ ئۈچۈن خېلى بىر نىمە ئاپسەنغۇ؟

باسىت: پاھ، ئۇ پىششىق سورەپ ژۇرۇپ مىڭ تاغا گەپ قىلىپ ئاران 12 تەڭگە بەردى.

شاگىيو: بىزنىڭ نەسىۋىمىز قېنى چىقار.

باسىت: خەۋەرلىرى بار. لوزۇگلارنى مىھمان قىلىمەن دەپ بىر مۇنچە قەرىزدار بولۇپ قالدۇق. ئەمدى بىرەر قېتىم كەڭچىلىك قىلىدىلىدە. يەنە بىر قېتىمدا تەگشۈپتەمىز.

شاگىيو: سەن ھارامزەدىمۇ بىزگە پايدا بەرمەيدىغان بولدۇڭ. تاپقىنىڭنى لوزۇڭ، بەگلەرگە سوگىتسەن.

باسست: لوزۇڭ، بەگلەرگە يېقىن بولىۋالغىنىم سىلىگىمۇ زىيان بولماس. باشقا ئەللىك بېشىلارغا قارىغاندا مەن سىلىگە ھەر مەنپەت يەتكۈزۈمەن دېسىلە.

شاگىيو: ئارپا، بىدە پۇلىدىن خېلى توغۇرلىغانسەن.

باسست: بىز ناھايىتى ئىككى تەڭگىدىنلا تۇتۇۋالدۇق، دېخانلارغا بىرخو ئارپا، يۈز باغ بىدە ئۈچۈن تۆرت تەڭگىدىن تارقىتىپ بەردۇق.

شاگىيو: باشقا ئەللىك بېشىلار ئۈچ تەڭگىدىن تارقىتىپ ئۈچ تەڭگىدىن ئۆزلىرى ئاپتىغۇ.

باسست: بىزنىڭ قول ئاستىمىزدا بىر كوكەمە بار. شۇنىڭ چاتاق چىقىرىشى بىلەن بۇ قېتىم شۇنداق بولۇپ قالدى. ھوكۇمەت بىرخو ئارپا، يۈز باغ بىدە ئۈچۈن 12 تەڭگە بېرىپ تۇرۇپ، قالغىنى كىمنىڭ يانچۇغىغا چۈشۈپ كەتتى. ھەممىنى بەرسۇن دەپ تۇرۇۋالدى.

شاگىيو: سەن ھوكۇمەت ئىشىغا نىمە ئارىلىشىسەن دەپ تازا قامچىلاش كېرەك. ئۇزەڭمىغۇ لاتىدەك بىر نىمكەنسەن. ئۇن بېشىلىرىڭغا باغلىتىپ مەيەرگە ھايداپ كەلسەڭ بولمامدۇ. قارىغاچقا ئىبسىپ ئەدۋىنى بېرەتتىم مۇناپىقنىڭ. شۇنداق ئوت قۇرۇقلارنىڭ جاجىسىنى بېرىپ، ژۇرۇگىنى مۇجۇپ قويمىسا، باشقا مۇتەھەملەرمۇ ئەدەپكېتىدۇ. قارا تېخى ئۇيالماي كىمنىڭ يانچۇغىغا چۈشۈپ كەتتى دېگىنىنى.

باسست: تەپ تارتماي شۇنداق دەيدۇ، فارىسىلا !

شاگىيو: مەن شاگىيولىقنى ئالغىچە ئازچىقىم تارتتىمۇ؟ ئوردىغا ژۇگۇرۇپ، شەگگەن يامۇلغا ژۇگۇرۇپ، ژۇرتقا چاي قۇيۇپ، قانچە يامبۇ، قانچە مونەك پۇللار چىقىپ كەتتى.

باسست: دارىن، لوزۇڭ، بەگلەرگە تارتۇق قىلىنغان ئات، يامبولارچۇ دېسىلە.

شاگىيو: ھە مانا مېنىڭ شۇنچە كەتكەن چىقىملىرىمنى ژۇرت تولىمەي كىم تولەيتتى.

باسست: شۇنداق بولماي ژۇرتنىڭ گەدىنىدىكى قەرىزدە ئۇ.

شاگىيو: ئەمدىزە ئارپا، بىدىگە چىققان 12 تەڭگىنىڭ 6 تەڭگىسىنى ئېلىپ، ژۇرتقا چېچىلىدىغان يۇز تەڭگە سېلىقنى يۇز ئەللىك تەڭگە قىلىپ، بىرسىنىڭ داۋاسىنى پۇتكۇزۇپ ئۇنىڭدىن ئېلىپ تولىسەم، دېۋە - پىردىن پۇتكۇزۇۋالمەنمۇ ھەققىمنى.

باسست: بەلى - بەلى قالتىس گەپ قىلدىڭىزدە شاگىيوكا، تىڭگە يەتمەيدۇ، بەغەرەزلە.

شاگىيو: توختاپتۇر، ئۇنداق بەغەرەزلەرگە مەن ئوزەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى تونۇتۇپ قويىمسام قانداق شاگىيو بولۇپ تۇرۇمەن.

باسست: ھەببەلى بۇرنىنىڭ بېزىنى ئېلىش كېرەك، خۇمسىلارنىڭ. جاناپلىرىدەك ژۇرت كاتتىسىغا بى ھورمەتلىك

قلىپ ئارقىسىدىن كوتۇلداپ ژۇرگەن نىمىلەر بىزنى ئەلۋەتتە كوزگە ئىلمايدۇدە. يەنە ياقۇپ دىگەن بىر قاغىدالىما بار. ئۇ كۇنى هارىۋا سىلىغىدىن چۇشكەن 20 تەڭگىنى بەرگىچە بىر مۇنچە ئەزۋەلەپ ئۇن بىشىغا يىنىپتۇ. قىشتا كومۇر سەيىسىگە هارىۋىسىنى قوشقىلى ئۇنۇماي بىر مۇنچە كوكەمىلىك قىلدى. ئۇمۇ «ئازنىباقى»دىن ئوگۇنۇۋاتىدۇ. زادى شۇنداق يامان نەرسىلەرنىڭ هەددىدىن ئىشىشىغا سەۋەپچى يەنە ئاشۇ ئازنىباقى، ئۇنىڭ گەپتا نىلىغىچۇ.

شاڭيو: تېخى مىنىڭ سىم ئورىغان قامچامنىڭ ئاچچىغىنى تېتىمىغان مۇتەهەملەردە. ياقۇپ دىگەن نىمىسگە ئىشىنىپ شۇنداق يوغان سوزلەيدىكەن. يا باي بولۇپ قالدىمۇ ئۇ.

باسىت: نەدە ژۇرۇپ باي بولۇپ قالىدۇ. ئوزىنىڭ شۇنداق بەغەرەزلىگىدىن چاپىنى تىزدىن ئاشماي، گادايلىشىپ كىتىپ بارىدۇ. ئىككى پارچە يىرى بارئىدى، بىر پارچىسىنى سىتىپ ئالۋان تولەپتۇ.

شاڭيو: ئەمىسە، نىمىگە يوغان سوزلەيدىكەن ئۇ، رودۇ!

باسىت: بىر ئات ـ هارىۋىسى بار، ئۇنى هوكۇرەتكەن شۇمىكىن.

شاڭيو: هە...توختاپ تۇرسۇن كورۇمىز. بۇنى قويۇپتۇ. بۇگۇن سىنىڭ هىچبىر پايدا چىقىدىغان گىپىڭ يوقمۇ؟

باسىت: (يالغان كۇلۇپ.) بۇگۇن بولمىسا ئەتە بولۇدۇ

دېسلە. پايدا نەگە قېچىپ قۇتۇلۇدۇ سىلىدىن. ئىش قىلىپ خەلق ئاشلىغىنى ئېلىپ بولسۇن. ساتسا پۇل بولۇدىغان نەرسىلەر مەلدە كوپەيسۇن. ئاندىن بىر ۋاراقىي مۇنداق قىلمايمىز مۇ. (قولىنى ئايلاندۇرۇپ، يانچۇغىنى كورسۇتۇدۇ.)

شاڭيو: ھە شۇنداق بولسۇندە، قۇرۇق گەپ قۇلاققا خۇشياقمايدۇ.

باسىت: خاتىرجەم بولسىلا، باسىتنى ئەلىنىڭ بېشى قىلغىنىم ھەجەپ ئوبدان بوپتىكەن دەپ قالىدىلا. (ئورنىدىن تۇرۇپ.)

شاڭيو: نەگە ئالدىرايسە. ئولتار ئويدە پولو پىشۋاتىدۇ.

باسىت: ۋاي ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتا.

شاڭيو: ھە، ھە ئۇنتۇپ قاپسەندە قېنى؟ نىمە؟ نىمگەپ ئۇ؟

باسىت: ياق، پايدىلىق ئەمەس قۇرۇق گەپ. ھاشىم باينىڭگە راسا يايلونىڭ قىمزى كەپتىكەن، ئەمدى ئىككى چىنىدىن ئىچىپ تۇرۇۋىدۇق، مەزىنىنىڭ قۇچىناجىمى بولۇڭ دېسە، بولۇڭ دەپ مىنى زورىخانىنىڭكىدە باشلاپ باردى.

شاڭيو: خوش نىمە بوپتۇ ئۇ يەردە؟

باسىت: ئۇ خوتۇن ساكراتقا چۈشۈپ قاپتۇ. قىزى نۇرۇمنى قىچقىرىپ بېرىڭلەر، ئاپام ۋەسىيەتلىرىم باردى دەپ نەچچە قېتىم سورىدى. شۇنىڭغا تارتىشۋاتىدۇ، دەپ ژىغلايدىكەن. ھەر قايسىلىرى ئەلىنىڭ بېشىمىز بولغانىدىن كېيىن

شاگيومغا بېرىپ ئېيتىڭ، ئورۇمغا 3 ـ 4 كۈنلۈك رۇخسەت بەرسە كېلىپ مومايغا ئېگە بولۇپ، توپىدە تۇرسا ياخشى بولىدۇ. قىزى بولسا يالغۇز دەپ مېنى بۇيەرگە ئەۋەتكەن ئىدى.

شاگيو: بارالمايدۇ، ھازىر خامان ۋاختىدا ئۇنىڭ بېشىنى قاشلىغىلىمۇ چولىسى يوق، بېرىپ ئېيت، بىز ئېگە.

باسىت: ماقۇل ـ ماقۇل شاگيوكام ئۆزى ئېگە بولىدىكەن غەم قىلمىسۇن دەيمەن. (ماڭىدۇ.)

شاگيو: توختىغىنا باسىت. ساڭا بىر مەسلىھەتىم بار. زورىخانىنىڭ قىزىنى بىزنىڭ سىيىتكە ئېلىپ بەرسەك دەپ شەرۋان بىلەن مەسلىھەتلەشكەن ئىدۇق.

باسىت: ۋاھ، ناھايىتى ياخشى ئىكەنغۇ، تەلىيى بار قىزكەن. سىلىنىڭكىلا كېلىن بولسا، بېشى ئاسمانغا تاقىشىدۇ ـ دە.

شاگيو: لېكىن، ئۇ خوتۇن ئورغا بەرمەكچى، ۋەسىيىتىمۇ شۇ توغرۇلۇق بولۇش كېرەك. يەنە ساڭا ئۇختۇرۇپ قويىدىغان بىر نەرسە، ئور بىلەن غۇنچە بىر ـ بىرىگە ئاشىق ـ مەشۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن زورىخانىنىڭ ئۆلۈم مەرىكىسىدە جامائەت ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ قىزنىڭ بېشىنى باغلاپ ئېلىش كېرەك. غۇنچىنى بىزنىڭ ئېگىدارچىلىقىمىزغا تاپشۇرۇش كېرەك. سەنمۇ مۇشۇنىڭغا كۈچ چىقارساڭ بولىدۇ.

باسىت: ئەلۋەتتە ـ ئەلۋەتتە، جان پىدا ـ دە بىز.

شاگيو: ئاڭداق بولسا، بىز بۇنى ئورغا ئۇختۇرمايمىز.

باسىت: بولۇدۇ، ــ بولۇدۇ. بىراق، قۇلاقتىن ــ قۇلاقىغا ئاڭلىنىپ بىردەمدە ژۇقۇرقى جاڭزىغا يىتىپ قالامدىكىن.

شاڭيو: مانا شۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش كىرەك.

شەرۋان ئۆيىدىن چىقىدۇ.

شەرۋان: شۇنىڭغىمۇ باش قاتۇرامدۇ.

باسىت: شەرۋانەم، سىزمۇ ئاڭلاپ تۇرۇپتىكەنسىز ــ دە.

شەرۋان: يايلودىكى ئاتلاردىن 3 ــ 4 نى ئەكىلسەمىز دەۋاتاتتىڭىزمۇ. ئۇرنى شۇنىڭغا چىقارمامدىلا.

شاڭيو: ئەقلىمگە كەلمەپتا، ئۇرنى قىچقارت.

شەرۋان: ئۇ بۈگۈن مۇشۇ باغدىلا قوراي ئورۇۋاتىدۇ

باغ تەرەپكە بىرىپ مەشرەپنى چاقىرىدۇ، سىرتتىن مەشرەپنىڭ «ھە، ھەدە نىمە دەيسىز» دىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. شەرۋان «ئۇرنى قىچقىرىڭەت» دەپ بۇيرۇيدۇ.

باسىت: شەرۋان ئاغچا ناھايىتى تەدبىرلىكتە.

شاڭيو: ئالدىدا شۇنداق قويساڭ. خىدىرى ئىشىپلا كىتىدۇ.

باسىت: ئوزىڭىزمۇ ئاغىچىلىق قالتىس يارىشىدۇ جۇمۇ.

باشقا ئاغىچىلىرى شەرۋانەمنىڭ ئالدىدا بىر ئىغىز سوزمۇ قىلالمايدىغۇ دەيمەن.

شاڭيو: بولىدى ئاغزىڭنى ژۇم. (ئۇرقولىدا ئوغاق، تەلىگەن ھالدا كىرىدۇ.) قوراينى ئورۇپ بولدۇڭمۇ؟

ئۇرۇم: ياق تىخى يىرىمىنى ئورۇپ بولدۇم.

شەرۋان: نىمە ئانچە ئاستا، چاپسان ئورنىساك بولمامدۇ؟

نۇرۇم: تورغاي چوكچىللىغاندا كېلىپ ئورۇشقا باشلىغان ئىدىم، مۇشۇ ۋاقىتچە دەم ئالماي ئورۇۋاتىمەنغۇ. سەككىز خولۇق باغنىڭ ئەتراپىدىكى قورايغۇ، ئۇنى «سۇپ» دەپلا زىغىۋېتىدىغان جادىگەر ئەمەسمەن.

شاگىيو: تەنەگەپنى ئوگەنمەي، ناننى ھالاللاپ يېيىشنى ئوگۈنۈش كېرەك نۇر.

باسىت: ھالال ئىش دېگەن ياخشى. ئىشلەپ بىرووۋنىڭ بىر بۇردا نېنىنى ئېلىپ يېمەك ئاسان ئەمەس.

نۇرۇم: ئەمدى سىلەرگە نىمە قىلىپ بەرسەم بولۇدىكىن تاڭ.

شاگىيو: نىمە ئىش قىلىپ بېرىدىمەن دەپ چاكگوك تۇردۇڭ. ئۇسۇل ئويناپ بەرمەيسەندە، ئىشلەپ بېرىسەن.

نۇرۇم: يازىچە قىلغان ئىشلارغا قاراپ گەپ قىلايلى. (لاپاسنى كورسۇتۇدۇ.) ئاشۇ لاپاستىكى ئونبەش مىڭ باغ بىدىنى كىم ئوروپ ئەكىلىپ باستى. بۇ، كوز يەتمەس ئېتىزلارنىڭ بوغداي تېرىقلىرىنى كىملەر ئورىدى. كىم ئوستۇردى، قوش ھايداش كەتمەن چېپىش، ئوما ئوروش، ھارىۋا ھايداش، مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇسۇل ئويناشمۇ شاگىيوكا. تېخى مۇشۇ تاغ ـ تاغ بولۇپ دوگلانغان ئاشلىق باغلىرىنى بىز تېپىپ ئالدىغاندىمىز. تاڭ سەھەردە تۇرۇپ، ئەل ياتقىچە ئىشلىگەنلىگىمىز يەنە سىلەرنى قانائەتلەندۇرمىگەن بولسا، ھېساۋىمىزنى بېرىڭ چىقىپ كېتەيلى.



www.uyghurkitap.com

باسىت: ياق ـ ياق ئانداق توقۇمىنى قارنىڭغا ئالما.
شاگيوكام سىنى ئىشقا پىشسۇن، ياخشى ئادەم بولسۇن دەيدۇ ـ دە.

شەرۋان: ۋاي ـ ۋۇي چىقىپ كېتىمەن دەپ بىزنى قورقۇتماقچىمۇسەن ساڭا ئوخشاش پايتىمىسىنى تەتۈر ئورىغاندىن كۆرمىگى ئىش تاپالماي ژۈرۈدۇ.

نۇرۇم: بولدى شەرۋانىدە سىز زەھىرىڭىزنى سالمىسىڭىزمۇ شاگيوكامنىڭ گېپى يېتىدۇ.

شەرۋان: ھوي سىبسىق گەپنى نەدىن ئوگەندىڭ!؟

نۇرۇم: سىلەردىن.

شاگيو: بولدى بىمەنە گەپنى قويۇش.

باسىت: گەپنى تەگسىدىك تېرىق بولۇدۇ، قىلىدىغان ئىشنىڭ گېپىنى قىلايلى.

شاگيو: نۇر، سەن ھازىر يايلاقىا ماڭ. جاگزىدىن چىقىرىـ ۋەتكەن ئاتلاردىن تورتنى ئەكىلىپ، مەيەردىكى ئاتلار بىلەن بىللە تۇلۇقا قوشۇڭلار. ۋاخ ئوتۇپ كېتىپ بارىدۇ. خامانىنى جىدە للتىش كېرەك.

نۇرۇم: بىزمۇ ئادەمدە، قىڭغىرگەپ قىلماي، تۇزلا گەپ قىلسا ئاڭلاۋېرىمىز.

شاگيو: بولدى، تاكاللاشماي بارىۋە.

نۇرۇم: قايسى ئات بىلەن چىقىمەن.

شاگيو: جاگزىدىكى تورۇق ئاتنى مىن.

شەرۋان: قوزىدىن 3 ـ 4 نى ھايدىغاش كەلسۇن.
باسست: ھەببەلى قىمىز ئالغاچ چۈشۈدۈ ـ دە.
شاگيو: (نۇرۇمغا.) ھېلىقى ساۋدان دېگەن قازاقتا دەپ قوي. قىمىز، قوزىلارنى ئۆزى يەتكۈزۈپ بەرسۇن. ئاندىن كېيىن بالىسى ئېيتى نىمىدا؟
نۇرۇم: ئامانتاي.
شاگيو: ئامانتاي كېلىپ، خامانـغا قارىشىپ بەرسۇن، ھورت ـ يورت دېسە، چىقىرىۋېتىپ باشقا مالچى ئالمەن دەيدۇ، دەپ ئېيت.
نۇرۇم بېشىنى مەنىلىك لىڭشىتىپ چىقىپ كېتىدۇ.
شەرۋان: مۇشۇ دەيۈزنىڭ قاپىغىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. (باسستقا). ئەيمەنمەي قىلىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟
باسست: ئەزەلدىنلا بۇلارنىڭ ئۇرۇغى گەدەنكەش.
شەرۋان: (شاگـيوغا قاراپ.) بۇنى نىمىشـكە قويۇپ بېرىدىكىن تاڭ. مالايىنىمۇ ئەكىلەتكەن بارمۇ، مېنىڭچە بولسا، ئۇرۇپ ـ ئۇرۇپ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ ھايدىۋېتىمەن.
شاگيو: خوتۇن كىشى دېگەننىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا دېگەن راس گەپتە. ئۇنىڭ ئۆزى ھارام بولغان بىلەن كۈچى ھالال ئەمەسمۇ. ھايدىۋېتىپ، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى سەن قىلامسەن. ھايداش كېرەك بولسا كۈچى تەگمەيدىغان مەشرەپ دېگەن رودۇپاينى ھايداش كېرەك.

شەرۋان: ۋاييەي، مەشرەپ ھەممىسىدىن دىدىلغۇ، باشقىسى بىزنىڭ ئىشىمىزغا شۇنچىلىك كويۇنسە بولاتتىغۇ.

مەشرەپ كىرىدۇ.

مەشرەپ: مەزىن زورىخان تۇگەپ قالدى، شاگيوكامغا ئېيتىپ قوي دەيدۇ.

شاگيو: ئوزى قېنى؟

مەشرەپ: كەتتى.

شاگيو: كەتتى؟

مەشرەپ: تۇرۇم كەلمىسە بولمايدۇ دەپ قىزى، ژىغلاۋا-تىدۇ. ئۇنىڭغىمۇ دەپ قوي دەيدۇ.

شاگيو: بولدى سېنىڭ ئىشىڭ بولمىسۇن، باغدىكى قورايىنى ئورۇپ تۇر. (مەشرەپ قاراپ تۇرۇدۇ.) چىق جۇگۇ، نىمە بىزدىپ تۇرۇسەن! (مەشرەپ باقىقا چىقىدۇ.) زورىخانىنىڭ بىركونلۇك مەركىسىگە مەن پۇل خەشلىشىم كېرەك. (باستقا.) سەن ئاخىرەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىشقا ياردەم قىل.

باسمىت: بولۇدۇ، بىز تەييار.

شەرۋان: خەشلەنگەن پۇلنى كام يازدۇرۇپ قويمىسىلا، جىق - جىق كورسۇتۇپ (بويىننى سوزۇپ.) ژۇرتىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويسىلا.

شاگيو: سەن ئوگەتمىسەڭمۇ بىز ئۇنى ئۇتتۇردۇە تمەيمىزغۇ.

شەرۋان: سىلىنىڭ ئۇستۇلۇقلىرىمۇ چاغلىق.

باسىت: تېخىلا شاكىيوكامنى ئۇخلىۋېتىپتىكەنسىز ـ دە شەرۋان ئاغىچا. يېقىندا بۇرۇت ئالدۇ دېسىلە ئاكىمىز.

شاكىيو: بىز مۇنچىلىك ئىشنى ئەپلىيەلمىسەك شۇنچە تەئەللۇقنى قانداق تاپتۇق. تورت تامنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇۋېلىپ بىزنىڭ چاقچاقلىشىمىزنى تازا كورمىگەندە.

باسىت: توغرى. (شاكىيونىڭ مۇرىسىگە قېقىپ.) شاكىيو ـ كاملار بۇركۇتتە ـ بۇركۇت. قارىمىغان يېرىنى ژۇلۇۋالدۇ.

شەرۋان: ئەرنى ـ ئەر قىلىدىغان خۇتۇن دەيدۇ...

شاكىيو: بولدى تولا ماختانما.

باسىت بىلەن شاكىيو تالا تەرەپكە، شەرۋان ئۇي تەرەپكە كىرىدۇ.
سىيىت كىرىدۇ.

سىيىت: (ئاق تۇخۇمنى چىشىغا چېكىپ.) پاھ...! تاشكەندە بۇ، ھېلىقى ئوتتۇز تۇخۇمكەن يۈز تۇخۇمغا تېگىشىمەن دەپ تۇرۇۋالسىمۇ ئالا تتىمدە ئۇنى. (پىيازنىڭ شوپىگىدە قىزارتىلغان يەنە بىر تۇخۇمنى چىشىغا چېكىپ.) مۇشۇ داگلىق تۇخۇم ئەمەسمىدى، پوك ـ پوك قىلىدۇ بۇ. مۇشۇنىمۇ ئوتتۇز تۇخۇمغا ئالغان ـ دە مەن. مۇشۇنداق تۇخۇمدىن ئىككى يۈزنىڭ ئۇش ـ پايىنىگىنى ئۇرۇۋالسىمەن ـ دېسىمۇ قورقماي چېكىشىۋېرىمەن كىمھى ـ كىمھى. (بۇرنى خارتىلدايدۇ.) ئەمدى پۇتۇن مەلىدە بۇنىڭغا تۇخۇم چىقمايدۇ ـ دە. (باغ تەرەپكە بېرىپ.) مەشرەپ، ھەي مەشرەپ... (مەشرەپ ئوغاق كوتۇرۇپ كېلىدۇ.) ماتۇخۇمنى

چىشىڭغا چېكىپ باقتىنا . (مەشرەپ چىشىغا چېكىدۇ .) ئۇتتۇز تۇخۇمغا تېگىشىۋالدىم .

مەشرەپ: ۋاي . نىمانچە قىممەت؟

سىيىت: ئۆمرۈڭدە مۇشۇنداق قاتتىق تۇخۇمنى كورگەن- مىدىڭ .

مەشرەپ: ئالىدىنىپسەن ئاخىماق ، شۇنىڭغىما خوش بولدۇڭما ، بۇنىڭدىن ئاۋۇ تۇخۇمىڭ قاتتىق .

سىيىت: سەن ساراڭ نىمىنى بىلىسەن ، چىشىڭنى سۇندۇرۇۋې- تىشىڭغا ئاز قالغانىدى . ئاڭلاپ ئۇدۇل چىمچىقىنى دىگەن مۇشۇ . بەشيۈزگە يىتىدۇ دىگىنە بۇ .

مەشرەپ: يوغان گەپ دىگەن بىرتىيىن ، «كە»سوقۇشتۇرۇپ كورۈمىز . قىزىلى مەن بولاي .

سىيىت: بولدى مە! (قىزارغان تۇخۇمنى مەشرەپكە بىرىدۇ .) سەن تۇتە . مەن ئۇرۇمەن .

مەشرەپ: بەشيۈزگە يارايدىغان تۇخۇم بولغاندىن كىيىن سەن تۇتە .

سىيىت: ياق - ياق . سەن تۇتۇسەن .

مەشرەپ : ماناڭ ئاغزىڭدا دىگەن بىلەن مۇشۇنداق چىدىماس بايۋەچچىدە - سەن .

سىيىت: ماڭ-ماڭ . مەن ئۇرۇمەن . بولمىسا سەن تىرمىقىڭنى پاتۇرىۋىتىسەن .

مەشرەپ: ئۇرە . (تۇخۇمنى سىقىمداپ تۇتۇپ بىرىدۇ .)

سىيىت: نەرىگە تۇرۇمەن، يوغان تۇت.

مەشرەپ: چىدىماس مانا ئۇر. (تۇخۇمنى ئېچىۋىراق تۇتۇدۇ. سىيىت ئاستا-ئاستا ئۇرۇدۇ.) قاتتىق ئۇر! قورقانچاق! (سىيىت قاتتىغىراق بىرنى ئۇرۇپ تۇخۇمنى سۇنۇدۇ.) ھە، مانا بەشيۈزگە يارايدىغان تۇخۇمنىڭ پىقىش بولدى.

سىيىت: دەيۈز سارالڭ! كىتىي... كىتىي: (بۇرنى خارتىلدا-دايدۇ.) ئىرمىغىنىنى پا تۇرۇۋالدىڭ.

مەشرەپ: ھەي. چىدىماس، مۇشۇ بىر بوش تۇخۇمنى ئۇتتۇز تۇخۇمغا تېگىشىۋالدىڭما. ئاناڭنىڭ بەرگەن پۇلىنى شۇنداق قىلىپ تۈگۈتۈسەن-دە، سەن ماڭقا.

سىيىت: ھوي خومسى نىمە ماڭقا دەيسەن. يالاڭغىداق قەلەندەر.

مەشرەپ: تەييار پۇلنىمۇ جايلاپ خەشلىيەلمەي ساپ خەققە ئۇتتۇرۇپ كېلىسەن.

سىيىت: (مۇشتۇمىنى تۈرۈپ.) بىرنى قويۇپ قولۇمغا بىلەيزۈك قىلىۋالىمەن خومسى، سېنى ھازىر.

مەشرەپ: پاھ قالتىس گاڭگۇڭ جومۇسەن، سىيىت نوچى، مېنى ئۇرۇمەن دېگىچە بۇرنىڭنى ئەرتىۋالغىنا ماڭقا.

سىيىت: (ژۇگرەپ بېرىپ، بىركالتەك كوتۇرۇپ كېلىدۇ.) بىرنى قويۇپ ئۇلتۇرۇۋېتىمەن. (شەرۋان چىقىدۇ.)

شەرۋان: ۋاي خودايىمەي، قانداق قىلامەن. ھوي نىم

بولدۇڭ سىيىتجان . (تۇتۇۋالدۇ .)

مەشرەپ: ھە. بايۋەچچە.

سىيىت: قويۇپ بەر، ئۆلتۈرۈۋېتىپ خۇننى تولەيمەن.
(مەيدىسىگە ئۇرۇدۇ.) ئوزەم تولەيمەن.

مەشرەپ: ئەركە ، تايتاڭ بايۋەچچە قويۇپ بەرسە نىمە قىلالايسەنكىن. ھوي سىيىت نوچى سەن خەقنىڭ كاتەكلىرىدىن ئوغۇرلاپ كېلىپ سويۇپ يەيدىغان توخۇ ئەمەسمەن.

شەرۋان: بولدى - بولدى قويۇش.

سىيىت: سەن بۇنى قويۇپ بېرىپ راس ئەركە قىلىۋالدىڭ ، مالاي دېگەن مالايلىقنى قىلمامدۇ.

شەرۋان: نىمە قىلدى بۇ ساڭا شۇنچە؟

سىيىت: ئاغزىنى يامان قىلىۋاتىدۇ.

شەرۋان: بولدى خاپا بولما. مەن جاجىسىنى بېرىمەن. سەن شەھەرگە كىرىپ يېڭى تىكتۈرگەن كىيىملىرىڭنى ئېلىپ چىق. مېنىڭ دۇخاۋا چاپىنىم پۈتكەن بولسا ئالغاچ چىق. جۇگو، جىرەن تېپىڭنى يىتىلەپ كەل مەشرەپ توقۇپ بەرسۇن، جۇگو. (مەشرەپكە قاپىغىنى تۈرگەن بولۇپ.) ھوي سەن نىمىشكە قوراي ئورىماي بۇيەردە لاغايلاپ ژۇرىسەن . تاياق يىگىڭ كەلدىمۇ ھە. (سىيىت باغ تەرەپكە كېتىدۇ.) مەشرەپ، سەن شاگىۋكاڭ بىلەن سىيىتجانلارنىڭ چىشىغا تولا تەگمە. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئوغۇسىنى قايىنىتۇەسەڭ سىرىمىزنى پاش قىلىپ

قويۇسەن. مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا سىنى تىللاپ، جونۇپ قويۇمەن. خوش، بىلمەيتمەن دەپ تۇرىۋە. ئۆزەڭ بىلىسەنغۇ مەن سىنى ھېچكىمگە ئۇرغۇزمايمەن. (يالغان جىلۋىلىنىپ.) ئانداق بولغاندىن كېيىن ئۇن چىقارماي ژۇرىۋە، قالغىنىنى ئۆزىمىز بىلىمىز.

مەشرەپ: ئەزبىرايى خودا سىزنى دەپلا ژۇرۇمىزدە. سىزنىڭ ناۋاتتەك شىرىن سوزلىرىڭىزنى دېمىسەك، دوزاختەك بۇ ھويلا بىزگە. ھەركۇنى تىل، ئاھانەت.

شەرۋان: سەن مېنىڭ گېپىمدىنلا چىقمىساڭ ھەممەمىرات — مەخسەتلىرىڭگە يەتكۇزۇمەن.

مەشرەپ: سىز نىمە دېسىڭىز مەن تەييار دەۋاتىمەنغۇ.

شەرۋان: ئانداق بولسا، سىيىتنىڭ تېيىنى توقۇپ بېرىپ، ۋاي ئۇكام مەن سىنى ئوبدان كورۇمەن دەپ پەپلەپ شەھەرگە يولغا سال، كېيىن ساڭا دەيدىغان بىر گېپىم بار، (باققا قاراپ.) ئەنە سىيىتجان كېلىۋاتىدۇ. (شەرۋان ئويگە كىرىپ كېتىدۇ.)

مەشرەپ: نىمە گېپى باردۇ؟ گەپلىرىگە قارىغاندا مېنىمۇ راسلا ياخشى كورۇدۇ، ئىش قىلىپ، مېنىڭ سوزۇمدىنلا چىقمىساڭ مىرادىڭغا يېتىسەن دەيدىغۇ. پەري — پەري دېيىشىدۇ. مەنغۇ پەرىنى كورمىدىم. شاگىيونىڭ ئويىگە كېلىپ، بەزمە قىلغانلارنىڭ ئاغزىدىنلا ئاڭلىدىم. پەري، دېگەن ھەر قانچە

بولسا، مۇشۇ شەرۋان ئاغچىچىلىك چىرايلىقتۇ.

سىيت كىرىدۇ

سىيىت: جىرەن تاينى لاپاسقا باغلاپ قويدۇم. توقۇپ بەرگىن.

مەشرەپ: كۈمۈش ئىگەر ـ جابدۇقلىرىنى بىلەن مەخمەل كورپەگىنى سېلىپ، راسا يالتىرىتىۋىتىمەن. شەھەرگە كىرگەندە غادىيىپ ئولتۇرۇپ كېتىسەندە، سىيىتجان.

سىيىت: ئاپام ئەدىۋىگىنى بەرگەنگە ئوخشايدۇ ھە، خېلى چۇچۇپ قاپسەن.

مەشرەپ: ئاپاڭ پۈتۈن مەلىدىكى خوتۇنلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرىدىغان ئاغچا تۇرسا مېنى ئاياپ قويامدۇ. بالامغا تېگىشمەسەن دەپ ئاللا تووامنى چىقاردى.

سىيىت: سېنى شۇنداق قىلىش كېرەك، بۇرنۇڭنىڭ بېزىنى ئالسا بولىدۇ.

مەشرەپ: سىيىتجان بولدى ئەمدى، مېنى تىللىما، مەن ساڭا بىر خوش خەۋەر ئېيتايمۇ؟

سىيىت: ئېيتە، نىمە خۇش خەۋەرئۇ؟

مەشرەپ: چاچلىرى قۇندۇز، كوزلىرى ژۇلتۇز، قېشى بەرگى قىياقتەك، مەڭزى قىپ ـ قىزىل ئانارەك، قىزىلگۇلنىڭ غۇنچىسىنى ساڭا ئېلىپ بەرمەكچى.

سىيىت: ئاشۇ غۇنچە كىنما؟ كوتە ئۇ نىمە گىنى.

مەشرەپ: غۇنچەم قالتىس بالدە. (سىيىتنىڭ مەيدىسىدىكى شالتاقلارنى تاتلاپ.) ئەمدى ئويلىنىدىغان يىگىت بولغاندىن كېيىن، كىيىملىرىڭنى شالتاق قىلماي ئۆزەڭنى تۈزەپ يۈرسەڭ بولۇدۇ. بولمىسا خوتۇنىڭ كوڭۇلسىز بولۇپ قالىدۇ، مەن بۇگۈن سېنىڭ جېرەن يورغاڭنى شۇنداق كېلىشتۈرۈپ توقۇپ بېرەيكى، قىزلار بۇ قەيەرنىڭ شازادىسىكىن دەپ قالسۇن. (باققا چىقىدۇ.)

سىيىت: مەن ئۇنداق تىگى پەس گادايىنىڭ قىزىنى ئالاتتىممۇ، ئادەمنىڭ مەخسىدىنى ئۇقمايدىغان نىمىلەكەندە بۇ، بالىسىنىڭ كوڭلىدىكىنى تاپىدىغان ئاتا ـ ئانىلار قانداق ئادەملەردۇ، مەن ئويلۇنۇمەن دېمىدىمغۇ، بىزنىڭ تەگتۇش ئاغىنىلار ئويلۇنۇشتىن خەۋىرى يوق ئويناپ يۈرۈدۈغۇ تېخـى. ئوياۋگۇسى كېلىپ كەتكەن بولسا، قېنى چىدىسا، مېنىڭ دېگەن يېرىمدىن ئېلىپ بەرسۇن، شەھەردە ئاپامنىڭ جەمەتلىرىنىڭ ئارىسىدا نى قىزلار بار. مەن ئالسام شۇلاردىن بىرىنى ئالىمەن. دۇر دۇنىدىن كوينەك كىيىدىغان، ئالتۇن گۈل قادايىدىغان ماۇقتەك يۇمشاق ئاق بىلەك قىزلاردىن ئالمايزە، چىت كوڭنەك كىيىپ، پەرەڭ ياغلىق سالىدىغان سەرادا ئاپتاپتا كويۇپ كەتكەن غۇنچەكنى ئالاتتىممۇ. (مەشرەپ كىرىدۇ.)

مەشرەپ: سىيىتجان! جۇرە كورۇپباق، تاراپ، سىلاپ ياقىرىتىپ ئۆكىلىرىنى پاخپايتىپ پادىشانىڭ تاجىدەك قىلىۋەتتىم. جۇرە كورۇپ رەخمەت ئېيتىسەن.

يىتىلەپ ئېلىپ كېتىدۇ، شەرۋان ئالتۇن قاداق، ئالتۇن گۈلنى پار بوك كىيىپ ياسىنىپ چىقىدۇ.

شەرۋان: (كوينىگىنىڭ ئېتىگىنى تارتىپ قاراپ.) مۇشۇ كوينىگىم ئۆزەمگە خېلى يارىشىدۇ، بىراق، پىتى چۇشكەندەكمۇ نىمە؟ ھەر قانچە يوغان بولغان بىلەن بىر ئەينەكتە ئادەم ھەممە يېقىنى كورگىلى بولمايدىكەن، ئەمدى يەنە چوڭ بىر تاش ئەينەك ئالدۇرۇپ ئىككى تامغا قويسام كىيىملەرنىڭ ياراشقان، ياراشمىغانلىغى ھەممە يېقىدىن كورۇنۇپ تۇرۇدۇ. (باغ تەرەپكە بېرىپ.) مەشرەپ، ھوي مەشرەپ. (مەشرەپ كىرىدۇ.)

مەشرەپ: خوش ھەدە.

شەرۋان: سېيىتنى يولغا سالدىڭمۇ؟

مەشرەپ: ھەئە. تازا خوش قىلىۋەتتىم ئۇنى.

شەرۋان: ئۆزەڭمۇ غو ئېقىللىقسەن. ئۇنداق بولسىچۇ سەن ھاشىمكاڭغا بېرىپ، شاگىوكاملار ئويدە يوق، ھەدەم سىزنى بىر كېلىپ كەتسۇن، ئىككى ئېغىز سوزۇم بار ئىدى، دەيدۇ دەپ قىچقىرىۋەتكىنە.

مەشرەپ: قىچقىرىۋەت ـ قىچقىرىۋەت، دەۋىرىدىكە نىسىز.

شەرۋان: ھە، بولدى سېنىڭمۇ ئېغىرچىلىقلىرىڭنى مەن كوتۇرۇۋاتىمەن... يېنىمدا باشقا كىشىلەر بولسا، چەتكە تارتىپ ئېيىت، چاندۇرۇپ قويما جۇمۇ.

مەشرەپ: بولدۇ قىچقىرىپ قويلاي، بۇندىن كېيىن قىچقارمايمەن ئەمدى.

شەرۋان: ماقۇل. كېيىن يەنە كېلىشىۋالارمىز. ھازىرچە بېرىپ كەل. (مەشرەپ چىقىدۇ.) بۇ بېزەڭمۇ بوشاپ كەتكىلى باشلىدى. ئەمدى بۇنىڭغا باشقاراق بىر نۇقتا لازىم بولۇپ قالدى-دە.

پەردە.

# ئىككىنچى پەردە

## 2-كورۇنۇش

ئاردىن بىر ئايچە ۋاخت ئۆتكەن يەنە ئىككىنچى پەردىدىكى كورۇنۇش.
غۇنچەم پىشايۋاندا ئولتۇرۇپ مۇڭلىنىپ، ناخشا ئېيتىدۇ.

ئوما ئورۇسەن كۆندە،
تالمامدۇ بىلەكلىرىڭ.
مەن يادىڭغا يەتكەندە،
كويمەمدۇ ژۇرەكلىرىڭ.

بارايلى دېمەپمىدۇك،
يانايلى دېمەپمىدۇك.

شەرتىمىز قىزنى ئالما،
چىشلىشىپ يېمەيمىدۇق.

ئىككى تىزنى قۇچاغلاپ ئىگىكىنى تىزىغا قويۇدۇ. ئازدىن كېيىن پاتەمخان ئىككى چىلەك سۇنى تالا تەرەپتىن كوتۇرۇپ كىرىدۇ.

پاتەمخان: جېنىم قىزىم يەنە شۇمشۇيۇپ ئولتۇرۇپسەنغۇ. ئاھ ئۇرۇۋەسەڭ ئوزەڭگە كېسەل تېپىۋالىسەن.

غۇنچەم: (ئۇلۇق كىچىك تىنىپ.) پاتىمىدە، دېمىسىلەمۇ ژۇرەكىنىڭ تېگى زىدە بولۇپ كەتتى.

پاتەمخان: (ئولتۇرۇپ غۇنچەمنىڭ چېكە چېچىنى تۈزەپ قويۇدۇ.) ئاربىلاپ بىز تەرەپلەرگە بېرىپ، كوڭلۇڭنى كوتۇرۇپ كەلسەڭ بولماسمىدى؟

غۇنچەم: ۋايىەي پاتىمىدە، جاڭزىلارغا بېرىش ماياقتا تۇرسۇن، باققا چىقىپ سەل يوقاپ كەتسەم كەينىمدىن بوجەلەردەك مارىشىپ ژۇرۇدىغان بولدى، بۇ ئازازۇللار.

پاتەمخان: تووۋا! سەن بۇلارنىڭ سىپتىۋالغان قۇلىمىدىڭ؟

غۇنچەم: خۇددى تورغا چۈشكەن بىر شۇم قۇشقا ئوخشايمەن. ژۇرت چوڭلىرى دېگەنلەرنىڭ بىرىمۇ بىزنىڭ گېپىمىزنى قىلمايدۇ، جېنىم پاتىمىدە، مەشرەپ ئاكامنىڭ قىلىپ ژۇرگەن ئىشلىرىنى قاراڭا!

پاتەمخان: ھە ئۇنىڭغا نىمە بوپتۇ؟

غۇنچەم: بىزنىڭ ئارقىمىزدىن پايلاقچىلىق قىلىپ

ژۇرۇدۇ. ئوغلىڭىز بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاغرىتىپ بىر نەچچە
ئېغىز گەپ قىلىپ قويسىڭىز بولاتتى.

پاتەمخان: شۇ، مەنمۇ ئۇنىڭ بەگ، ئاغىچىلارنىڭ ئاغ-
رىسىغا ئۇسۇل ئوينايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى خېلىدىن بېرى
سېزىپ ژۇرەتتىم. ئەمدىزە سەن يىتىملارنىڭ زېمىنغا ئاياق
بېسىپتۇ-دە. جوگاينىمەك، توختاپتۇر، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق
گەپ قىلايكى، كەمبەغەللىنىڭ قاياشى كەمبەغەل بولماي، سىلەر-
نى ئاھ-زارغا قالدۇرۇشقا شىرىك بولۇدىغان بولسا، مېنىڭ
ئۇنداق بالام يوق. (ئەتراپقا ئەندىشە بىلەن قارىۋېلىپ،
ئاستا سىرلىق ئاھاڭ بىلەن.) ئۇنىڭ بېشىنىچۇ مۇشۇ جادىگەر
شەرۋان ئاغىچا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ھە...م بىلەمسەن! (بېشى-
نى لىڭشىتىپ.)

غۇنچەم: راس ئېيتىدىلا ئازازۇلنىڭ قولىدىن ھەر-بالا
كېلىدۇ. ئۇرۇم شەرۋانىنىڭ نىمە ئىش تۇتۇۋاتقىنىنى ئۇختۇمۇ؟

پاتەمخان: ئۇختى. مەن بۇيەردە بولغان يوشۇرۇن مەس-
لىھەتلەرنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردىم. ئۇ سېنى تولا پۇچۇ-
لانماي ئاز كۈن سەۋرى قىلىپ تۇرسۇن، 3-4 كۈنلۈك ئىشى-
مىز قالدى. مەنمۇ تىچ ياتقىنىم يوق دەيدۇ.

غۇنچەم: نىمىشكە تۇگۇمەيدىغاندۇ بۇ ئىشلار.

پاتەمخان: ۋايىيەي 7-8 يەردىكى تاغدەك خامانلارنى
ئېلىپ بولۇش ئاسانمۇ. «خامان ئالماق شەھەر ئالماق» دەپ-

تىكەن. جاگىزىسىنىڭ قورۇسىدا نان يېقىپ، كالا سېغىپ، چاي قاينىتىپلا مېنىڭمۇ جۇلۇغۇم چىقىپ كەتتى (كوينىگىنىڭ ژىرتىلىپ كەتكەن ئېتىگىنى كورسۇتۇدۇ.) كاشكى شۇنچە هوسۇل ئالغاندىن كېيىن مە، ماۋۇ 2 ـ 3 تاغار ئاشلىقنى سېتىپ كىيىم ـ كېچەك قىل دېسىچۇ.

غۇنچەم: ئولۇكتىن ئوپكە سوراپتۇ، ئەسكى تامدىن قوقاق دەپتىكەن. بۇ تويمۇغۇرلاردىن ئاشلىق سورىغىچە ئىشلىگەن هەقلىرىنى ئالغاندا كىيىم كىيەلا.

پاتەمخان: مەشرەپنى ژىللىقىقا ئالدۇق. سەن خوتۇن كىشى بولغاندىن كېيىن يىگىنىڭ ئۇچۇن ئىشلىسەڭمۇ بولۇدۇ ـــ دەپ 5 ـ 6 ژىل بولدى، ماڭا بىر ياماق بەرمەيدۇ بۇلار.

غۇنچەم: شۇنىڭ ئۇچۇن مەن تويمۇغۇر دەيمەندە بۇ بايلارنى.

پاتەمخان: راس ئېيتىسەن غۇنچەم. كۇلىدە كومەش بولۇپ كېچە ـ كۇندۇز شۇنچە ئىشلەپ بەرسەم يەنە يە خېنىم رازى ئەمەس، يە بېگىم. (ئورنىدىن تۇرۇپ.) مەن چاپسانىراق بېرىپ نورۇملارغا چاي قاينىتىپ بېرەي. يەنە ئاغىچا خېنىم كورۇپ قېلىپ، بۇيەردە كەچكىچە ئوزىنى ئاشلىتىپ، ئۇچۇسىنى تۇتقۇزمىسۇن.

غۇنچەم: بۇگۇن نورۇم قايسى خاماندا ئىشلەۋاتىدىغاندۇ.

پاتەمخان: نور، تورغان، شاكيومىنىڭ مالچىسىنىڭ ئوغلى

ئامانتاي ئۇچى ژۇقۇرقى پەردىكى خاماندا رچەش قىلىنغان بۇغدا يىنى توشۇۋاتىدۇ. (پەس ئاھاڭدا.) ئۇلارچۇ بىر-بىرى بىلەن سىرداش بولۇپ قاپتۇ. ھىممىشەم سىنىڭ قايغۇڭنى يەپ ژۈرۈدۇ. (ماڭىدۇ.)

غۇنچەم: پاتىممىدە نۇرۇم ۋاخىت تىپىپ ماڭا بىر يولۇق قۇپ كەتسۇن. خاپا بولماي دەپ قويىسلا.

پاتەمخان: بولۇدۇ، خاتىرجەم بول. (چىقىپ كىتىدۇ.)

غۇنچەم خىيال سۇرۇپ ئولتۇرغاندا، شەرۋان ئۇيقۇدىن ئوخانغان قىيا-پەتتە ئەسنەپ ئىچكىرىدىن چىقىدۇ،

شەرۋان: (چىلەكلەرنى كوزدىن كىچۈرۈپ.) ئۇ لالما خوتۇن ئوزى قىنى؟

غۇنچەم: جاگزىغا قايتىپ كەتتى.

شەرۋان: تورتۇۋردەك كالىدىن چىققان سۇتنىڭ ھەممىسى مۇشۇمىكەن؟

غۇنچەم: سىلەرنىڭ كالىلىرىڭلارنىڭ سۇتىنى مەن نەدىن بىلەي.

شەرۋان: (تەنەقىلىپ.) ۋاي تاۋى نازۇكەي، بۇرۇن بىلمىگەن بولسىڭىز، ئەمدى بىلىپ قالارسىز.

غۇنچەم: مەن بۇيەردە تۇرمايمەن.

شەرۋان: نەدە تۇرۇسەن؟

غۇنچەم: ئوز ئويۇمگە كىتىمەن.

شەرۋان: (سىپايى زاگىلىق كۈلكە بىلەن كۈلۈپ.) چوچۇرنى خام ساناپ ژۇرۇپسەن. مەن ساڭا ياخشىلىقچە ئېيتىپ قوياي نۇرنى ئېسىگدىن چىقىرىۋەت، ئەمدى مۇشۇ ئوينىڭ ئادىمى بولىسەن. كىرپىدەك تۈگۈلۈنۈپ ئالماستىن ژۇگرەپ ژۇرۇپ ئىشلەپ، مۇشۇ ئوينىڭ بىر پارچە نىننى ھالاللاپ يېيىشنى ئوگەنگىنىڭ ياخشى.

غۇنچەم: سىلەرمۇ سانىماي سەككىز دېمەگلەر! مەن ھېچ- قاچان سىلەرنىڭ دېگىنىگلەرگە كونمەيمەن.

شەرۋان: دونى كونىدۇرۇدىغان ئوي بۇ. سەن نەگە بارالايسەن.

غۇنچەم: مەن ئوز ئويۇمگە بارالايمەن. بېغىمدا ئەركىن ژۇرۇپ ئىشلەپ، ئوزەمنىڭ نىننى تېپىپ يېيەلەيمەن.

شەرۋان: ئاسماندىكى غازنىڭ شوۋىسىغا نان چىلاپ- ژۇرۇپسەن.

غۇنچەم: مەن سىلەرگە سېتىلىپ كەتكەن قول ئەمەس.

شەرۋان: نىمە ئېكەنلىگىڭنى كورسۇتۇپ قويۇمەن. (ئالدىراپ ئويگە كىرىپ كېتىدۇ.)

غۇنچەم: سىنىڭ ئۇ ماڭقا بايۋەچچەڭگە ئولۇگۇممۇ تەگمەس. نۇرۇمنىڭ بېشى ئامان بولسا، مېنى سەن ئازازۇل- نىڭ ئالدىدا سارغايتىپ، قول قىلىپ قويىماس. (ئۇلۇق كىچىك تىنىپ.) خۇدايىم بىزنى ئوز ئويۇمزدە ئاتا- ئانى-

لىرىمىزنىڭ چىرىغىنى يېقىپ شۇنداق چىرايلىق بىغىمىزدا خوشال ــ خورام بىللە ئىشلەپ ئوتتۇشكە يەتكۈزەر... (يەنە ھەسرەتكە چۈمۈدۇ.)

شەرۋان قولىدا موھۇرلۇك خەت كوتۇرۇپ چىقىدۇ.

شەرۋان: مانا ماۋۇ تىلىگىدىن بەرگەن ھۆججەتنى ئوقى. (سۇنىدۇ.)

غۇنچەم: بىلمەيمەن.

شەرۋان: ھە راس، سەن سەرالىق خەت تونىتتىڭمۇ. قۇلاق سال مەن ئوقۇپ بېرىمەن. (كورەڭلىك بىلەن ئوقۇيدۇ.)

تىل خەت

تارىخى ھىجرىيە 1332 ــ زىلى ماھى شەبانىنىڭ 24 ــ كۈنى ئەردى، مەنىكى سىدىق ئاخۇنىنىڭ قىزى غۇنچەم زۇرت كاتىپلىرىنىڭ ئالدىدا ئوز تىلىمدىن ئۇشبۇ ھۆججەتنى بېرىمەن. ئانام زورىخانىنىڭ ئولۇم مەرىكىسىگە زۇرت ئاتىمىز ئومەرشاگىيوم تەرىپىدىن 230 تەڭگە خىراجەت قىلىندى ۋە يەنە يەتتە نەزىرى ئۈچۈن 125 تەڭگە خىراجەت قىلىندى. شۇبۇ پۇللار بەدىلىگە ئاتا ــ ئانامدىن قالغان ئۆي ــ جاي ۋە بىغىمنى شاگىيو ئاتامغا رەھنە تېرىقىسىدە تەسەررۇپ قىلىشقا تاپشۇرۇمەن. بۇ قەرزلىرىمنى تامامەن تولەپ بولغىچە شاگىيو ئاتامنىڭ ۋەسىلىگىدە بولۇپ، كورسەتكەن يولى بىلەن ماڭىمەن. ئىجازەتسىز ھېچياققا كەتمەيمەن. (خەتنىڭ ئايغىدىكى موھۇر ۋە قويۇل-

غان قوللارنى كورسۇتۇپ.) مانا ئوزەڭنىڭ قولى، مانا خاتىپ ئاخۇنۇم، ھەسشىمبايلارنىڭ گىوۋالىق تامىغلىرى، مانا ئەلەم ئاخۇننىڭ تەسدىقلىغان موھۇرى. سەن ئالىلىقاچان بىزنىڭ ئىختىيارىمىزغا ئوتۇپ كەتكەن.

سىرتتىن سىيىت بىلەن باسىتنىڭ پاراڭ سېلىپ، كىرىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

باسىت: سىيىتجان تېپىڭنىڭ يورغىسى قالتىسكەن جۇمۇ. مېنىڭ ئېتىم يورتۇپ يېتەلمىدى ـ دە.

سىيىت: بۇنى مەن تېخى بولۇشىغا قويۇپ بەرمىدىم. ئەگەر راسا يورغىسىغا سالىدىغان بولسام خېلى ـ خېلى ئاتلىرىڭ چېپىپ يېتەلىمەيدۇ. مەشرەپ، ۋا مەشرەپ! (مەشرەپ باغ تەرەپتىن چىقىدۇ.)

مەشرەپ: سىيىتجانلار شەھەردىن چىقىپتۇدە. (تالا تەرەپكە ماڭىدۇ. غۇنچەم ئوي تەرەپكە ماڭغاندا):

شەرۋان: ھوي ئاسماندىن چۈشكەن كوك مونچاق، ماۋۇ سۇتلەرنى ئەكىرىپ پۇشۇرۇپ قوي.

غۇنچەم قايتىپ كېلىپ چېلەكلەردىكى سۇتلەرنى ئېلىپ ئويگە كىرىپ كېتىدۇ. باسىت بىلەن سىيىت قولىدا قامچا كىرىدۇ. سىيىت غاچ ـ غاچ سالغان ئوتۇك كىيىۋالغان، ئۇ كورەڭلىك بىلەن ئارقىسىغا قاراپ.

سىيىت: ھاي مەشرەپ مېنىڭ تېيىمنى ئىگىزرەك سوۋۇتۇپ قوي.

شەرۋان: (كۇلۇمسىرەپ باسىتقا قاراپ.) پاھ سىيىت

جانني زىگىت قىلىۋىتىپسىلەرغۇ.

سىيىت: ئادەمنى زاڭلىق قىلمىغىنا ھوي.

شەرۋان: (سىيىتنىڭ سۇسەرتۇمىغىنى ئېلىپ كۆرۈپ.) دېگەندەك تىكىپتۇ ـ دە بۇنى.

باسىت: ئوتۇكىنى دېمەمسىز. شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا، غاچىلدىتىپ مېڭىۋىدى ھەممىسى قارىشىپ قالدى.

شەرۋان: ھېكىم بەگنىڭ ئوغلىمىكىن دىدى ـ دە ئۇلار.

باسىت: سىيىتجان ماڭا رەخمەت ئېيتسا بولۇدۇ. ماشىنـچى، موزدوز بىلەن تۇماقچى ئوتتۇرىسىدا زۇگرەپ زۇرۇپ ئوتۇكۇمنىڭ جۇلغى چىقىپ كەتتى.

شەرۋان: ھە...ھە، رەخمەت ئېيتسا بولۇدۇ. ھەممىمىز بۇنىڭ يولىدا پاي ـ پىتەك بولۇپ كەتتۇق.

سىيىت: ۋاي ۋۇي، (بىر پۇتىنى ئالدىغىراق چىقىرىپ، قولى بىلەن چاپىنىنى تارتىپ.) بىر گادايمۇ كىيەلەيدىغان بۇ كىيىملىرىڭگە ھەممىڭ مىننەت قىلىشىپ كەتتىڭغۇ.

شەرۋان: مىننەت قىلغان بولامدىكەن. قۇرغۇيدەك بىر زىگىت بولۇپ قالغىنىڭغا ھەممە كىشىنىڭ مەسلىگى كېلىۋاتىدۇ. بىز تېخى ساڭا داداڭنىڭكىدەك بورە جۇگا تىكتۇرۇپ بېرىـمىز. سەن نىمە ئويلاپ زۇرۇسەن. بىز تاپقان ھەممە دۇنيانى سېنىڭ ئۈچۈن زىغىۋاتىمىز.

باسىت: شۇنداق بولماي بىر تال ئوغۇلدە. (سىيىتكە

قاراپ.) ئاپاڭ بىلەن داداڭنىڭ سوزىدىن چىقمىساڭ ھەممىگە سەن خوجايىندە سىيىتجان.

سىيىت: بولدى ـ بولدى، يەنە قۇلاق مىگەمنى يېگىلى تۇردۇڭلارغۇ. (ئوتۇگىنى غاچىلدىتىپ تالا تەرەپكە كېتىدۇ.)

شەرۋان: (سىيىت تەرەپكە بېشىنى سىلكىپ.) نىمە دەيدۇ، ماقۇل بولدىمۇ؟

باسىت: شۇنچە گەپ قىلدىم، ھېچ يېقىن كەلمەيدىغۇ.

شەرۋان: زادى نىمە دەيدۇ؟

باسىت: دادام شەھەردىن ئويلەپ قويۇمەن دەپتىكەن. ھەممىنى قىلىپ ژۇرگەن ئاپام. مەن كەمبغەلنىڭ يېتىم قىزىنى ئېلىپ، ژۇرت ئىچىدە قانداق بېشىمنى كوتۇرۇپ ژۇرۇمەن، دەپلا تۇرۇدۇ.

شەرۋان: ئۇنىڭ بۇ سوزىغۇ بىردىن ـ بىر توغرى. بۇ قىزنىڭ نەسلى بىزگە توغرى كەلمەيدۇ. بىراق شۇنداق بىر يېرى توغرى كېلىپ قالدىكى غۇنچىنى سىيىت ئوز ئەمرىگە ئالماي پەقەت بولمايدۇ.

باسىت: ئەمدى ئۇنۇمىسا، تاشنى تاياقتا تاگىمىزمۇ شەرۋان ئاغىچا.

شەرۋان: سىز ئۇنىڭغۇچۇ ئاپاڭمۇ غۇنچىنى ساڭا ئومۇرلۇك خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەرمەيدىكەن، بۇگۇن ئەمرىگە ئېلىپلا ئەتىسى قويۇۋەتسىمۇ مەيلى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوزىمىزگە تاقا-

بىل كەلگەندەك، دېگەن يېرىدىن ئويلاپ قويۇمىز دەيدۇ دەك.

باسىت: بولىدۇ، بولىدۇ. سىيىتجانىى ماقۇل قىلىپ بىر-تون كىيىدىكەنمىزدە شەرۋان ئاغىچا. (ماڭىدۇ.)

شەرۋان: تون ئايلانسۇن.

باسىت: (توختاپ.) سولتان بەگ بىر ياققا كېتىپ قالسۇن، كەچكىچە مەن ئۇنىڭ كەينىگە كىرەي. (چىقىپ كېتىدۇ.)

شەرۋان ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. يىراقتىن نۇرۇمنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ.

بىر نەچچە مەھەل بولدى،
مەن يارنى كورەلمىدىم.
بىللە ئوينۇشۇپ ئىشلەپ،
لۇڭگە سويەلمىدىم.

غۇنچەم چىقىپ، تىڭشاپ، ئاستا - ئاستا باغ تەرەپكە ماڭىدۇ.

ئامرىغىم غۇنچە بويۇم،
مېھرىۋان چولپان كوزۇم.
ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەتتە سەن؛
دەردىڭگە دەرمان بولمىدۇم.
نۇرۇم باغ تەرەپتىن كېلىدۇ.

غۇنچەم: نۇرۇم!

نۇرۇم: غۇنچەم! (ئازجىم.) تېچ تۇرامسىز، ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟

غۇنچەم: بۇيەردىكى ئەھۋالنى ئۇقانسىز؟

نۇرۇم: پاتىمدەم ھەممىنى ئېيتىپ بەردى. سىزنىڭ مەشەگە كېلىپ قالغىنىڭىز ناھايىتى يامان بولدى.

غۇنچەم: ساختىپەز شاكىيو. ژۇرت ئالدىدا «قىز بالا دېگەن پۈتۈن بىر قورادا يالغۇز قالسا بولامدۇ. ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئاتىدارچىلىق قىلىمىز، ئانىسىنىڭ قىرىقى توشقىچە بىزنىڭكىدە تۇرۇپ تۇرسۇن» دەپ ئەكىۋالدى. مانا ئەمدىزە شەرۋان مېنى كېلىن قىلىپ، قۇل قىلىش ئۈچۈن 3 ـ 4 كۈن ئىچىدە ئوغلىغا نىكا قىلدۇرماقچى.

نۇرۇم: ...جادىگەر ئۇخلاپ چۈش كورۇۋېتىپتۇ.

غۇنچەم: توۋا قىلدىم خودايىم. (ياقىسىنى كوتۇرۇدۇ.) سىز تېخى بۇ ئويدىكى ئىپلاسلىقلارنى تازا كورمىدىڭىز. ئۇ كۈنى شاكىيو بىلەن ئاغىچا ئىچكەركى سارايدا ۋاقىرىشىپ كەتتى. نىمە جىدەلكىن دەپ قۇلاق سالسام ئاتىدارچىلىق قىلىدىغان مىرەز «ئوغلۇم ئۇنومىغانىدىن كېيىن چوڭ توي قىلىپ ئۇنى شەھەردىن ئولەيمەن. سەن بۇنى ماڭا توقاللىققا ئېلىپ بېرىسەن» دەپ ۋايساۋېتىپتۇ. مەن بۇ ئۇياتسىزلىقلارغا قانىداق چىدايمەن! (كوزىدىن ياش ئاقىدۇ. نۇرنىڭ ئىككى مۇرىسىنى تۇتۇپ.) مەن مۇنىداق ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ھەرگىز تۇرالمايمەن. ژۇرۇگۇم ئېزىلىپ كەتتىغۇ نۇرۇم!

نۇرۇم: (غەزەپ بىلەن.) ئادەم سورەتلىك بورىلەر!

(غۇنچەمنىڭ چىچىنى سىلاپ.) جىنىم ئىنىمدا ئىسەن بولسا، مەن سىزنى ھېچقاچان بۇ قارا نىيەتلەرنىڭ ئالدىدا خار قىلىپ قويمايمەن. مېنىڭ ئىشىممۇ ئاياقلاشتى. بۈگۈن كەچقۇرۇن شاكىر بىلەن ھېسابلىشىپ، ئەتە ئىككىمىز ئۆزىمىزنىڭ بېغىغا كېتىمىز.

غۇنچەم: قاراڭ نۇرۇم بۇ يەردە يەنە بىر گەپ بار.

نۇرۇم: قانداق گەپ؟ (ھەيرانلىق بىلەن قارايدۇ).

غۇنچەم: شەرۋان: «سەن بىزنىڭ ئىختىيارىمىزغا ئۆتۈپ كەتكەن. بۇيەردىن ھېچيەرگە كېتەلمەيسەن. باغلىرىڭمۇ بىزنىڭ ھېساۋىمىزدا. مانا تىلىگىدىن بەرگەن ھۆججىتىڭ» دەپ بىر موھۇرلۇك خەتنى كورسەتتى.

نۇرۇم: سىز شۇنداق دەپ ھۆججەت بەرگەنمۇ؟

غۇنچەم: مەن مەشەگە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى شاكىر زورت چوگىلىرىدىن بەش - ئالتى كىشىنى چايغا چاقىرىپ، شۇلارنىڭ ئالدىدا گورىدە تېچ ياتسۇن دەپ ئاپىمىزنىڭ ئۇلۇم مەرىكىسى، يەتتە نەزىرىگە قىلىنغان خىراجەت ئۈچۈن بىر پارچە ھۆججەت قىلىپ قويدۇق. بارمىغىمىزنى بېسىپ قويۇڭ دېۋىدى بېسىپ قويدۇم، ئۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ بېشىمنى باغلاپ ئالدىغان بىر موھورخەت بولۇپ قېلىشىنى نەدىن بىلەي.

نۇرۇم: ھۆججەتكە قانچىلىك پۇل يېزىلىپتۇ.

غۇنچەم: ئۈچيۈز نەچچە تەڭگە.

نۇرۇم: ئۈچيۈز نەچچە تەڭگە؟ يالغان.

غۇنچەم: «شۇ قەرزىڭ ئۈچۈن بىغىڭ بىزگە رەنە» دەيدۇ.

نۇرۇم: سېتىلغان ئۆي ـ جابدۇقلىرىنىڭ پۇلى نەگە كېتىپتۇ؟ ھىلىگەرلەر!... قېنى ھېساپلىشىپ كۆرەيلىچۇ!؟ شۇ چاغدا ھەممىسى ئاشكارە بولۇدۇ. (باغ تەرەپتىن كەينى ـ كەينىدىن ئىككى چالما چۈشۇدۇ. نۇر سىنچىلاپ قاراپ.) شورىدىن بىر كىشى چۈشۈۋاتىدۇ. بۇ يەردە بىر سىر بار. (غۇنچەمگە) سىز كىرىپ كېتىڭ مەن موكۇپ تۇراي.

نۇر بېدە لاپىسى كورۇنۇپ تۇرغان تەرەپكە موككىلى كېتىدۇ. غۇنچەم ئاشخانىغا كىرىدۇ. ھاشىمباي قارىغاچىنىڭ دالدىسىغا كېلىپ، كورۇنۇپ، ئۆشقىتىپ يوقاپ كېتىدۇ. شەرۋان ئۆيدىن چىقىپ باغ تەرەپكە جىلۋە قىلىپ كىرىپ كېتىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن ۋاقىراشقان ئاۋازلار، ئىتـ نىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىنىدۇ. شەرۋان قارىغاچىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئارـ قىدىن كەلگەن نۇرغا ئېسىلىدۇ.

شەرۋان: ھوي لالمە سەن بۇيەردە نىمە قىلىپ ژۇ ـ رۇسەن. (نۇر ئىتتىرىۋېتىدۇ. شەرۋان ژىقىلىدۇ.) شەرۋان ۋىيەي ـ ۋىيەي، ۋاي جان...

نۇرۇم: لالمادەپ ساڭا ئوخشاش كۇرسوككا كىرگەن قانچۇقنا ئېيتسا بولۇدۇ.

شەرۋان: تىلىڭ قۇرغۇر، ۋاي بىشىم.

مەشرەپ: (ژۇگۇرۇپ كىرىپ.) نىم بولدى، نىم بولدى.

شەرۋان: هوي مەشرەپ، تۇت ماۋۇ دويۇزنى (مەشرەپ نۇرنى تۇتۇشقا يېقىن ماڭغاندا، نۇر مۇشتۇمنى تەڭلەيدۇ.)

نۇرۇم: سەن نېرى تۇر ئالجىغان، بىكار ئۇرۇۋېتىمەن!

مەشرەپ: (ئارقىسىغا داجىپ.) هو...هو مانىڭ پەيلىنى.

نۇرۇم: كوردۇڭمۇ خوجايىنلىرىڭنىڭ كارامىتىنى، مانا سىرى ئاشكارە بولدى. شەرمەندىسى چىقتى. مانا قولغا چۈشتى.

خۇددى شۇ پەيتتە شاكىيو شەھەردىن، دەن هايدىغىلى چىققان قىلىچ ئاسقان بىر ياپى بىلەن كىرىپ كېلىدۇ.

شاكىيو: هە. نىمە قولغا چۈشتى هە، بۇ نىمە ئىش؟!

نۇرۇم: شەرمەندىلىك.

شەرۋان: (ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ.) ۋاي شورۇمەي، تىلىڭ قۇرغۇر يۈزسىز. (تۇرۇپ شاكىيوغا ئەرز قىلىپ.) بۇنىڭ پەيلى يامان. ۋاختىدا چىقىرىۋېتەيلى دېسە ئۇنىمايدۇ. مانا ئاھۋال مانا شەرمەندە.

شاكىيو: قېنى نىمە گەپ؟

شەرۋان: قالغان ـ قاتقان شاپتۇللار بولسا، ئالاي دەپ كىرسەم، مونۇ يۈزى قارا موكۇپ تۇرۇپتىكەن، تۇيۇقسىز چىقىپلا ماڭا زورلۇق قىلماقچى بولدى. قاچسام قوغلاپ كېلىپ ئۇرۇۋاتىدۇ. (يىغلاپ.) ھېلىمۇ ياخشى مەشرەپ كىرىپ قالدى. بولمىسا مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى.

نۇرۇم: ياللا ـ ياللا (ياقىسىنى تۇتۇدۇ.)

شاگيو: هوي تۇزكور قىلىدىغان مۇناپىق، بۇ نىمە قىلغىنىڭ؟!

نۇرۇم: شاگيوكا ھەقىقەتنى سۇرۇشتۇرۇۋېرەك ئىش قىلىڭ.

شەرۋان: بۇ دەيۇز يەنە ماڭا توھمەت قىلىپ قۇتۇلماقچى.

نۇرۇم: ئەستەغپىرۇللا، مانا قاراڭلار! بالا چاپىلاشقا نىمىدىگەن ئۇستۇلۇق ھە!

شەرۋان: ھوي، مەشرەپ سەن سوزلىگىنە،

شاگيو: (مەشرەپكە) سەن نىمە كوردۇڭ؟

مەشرەپ: ئاتىقا بېدە توغراۋاتسام ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ چىقىپ كەتتى. باققا كىرسەم نۇر ھەدەمگە ئېسىلىۋېپتۇ...

نۇرۇم: (مەشرەپنىڭ گېپىنى بولۇپ.) سېتىلغان يالاقچى؟ (شاگيوغا قاراپ.) بولدى بۇ يەردە كىشى بار. مېنى يالغۇز ئويگە ئەكىرىپ سوراڭ ھەممىنى ئېيتىپ بېرىمەن.

شەرۋان: (نۇرغا دىۋەيلەپ.) ئۇيالساڭچۇ ئېيت قېنى؟ نىمىنى ئېيتىپ بېرىسەن! ھە، زىدى پەس؟!

نۇرۇم: ئىسىل زادىلار نىمە ئىش قىلغان بولسا شۇنى ئېيتىپ بېرىمەن.

شاگيو: (شەرۋانغا.) سەن ئويگە كىرىپ كەت، بۇ مۇناپىق بىلەن ئوزەم سوزلۇشۇمەن. (شەرۋان كىرىپ كېتىدۇ.) ھاي مەشرەپ سەن بېرىپ، يامۇلدىن دەن توكمىگەنلەرنى ھايدىغىلى كىشى چىقىپتۇ دەپ باستىنى باشلاپ كەل. (مەش-

www.uyghurkitap.com

رەپ چىقىدۇ.) سەن ئاق ئادەم ئىكەنسەن، ئىسىڭ جاڭزىدا تۇرسا، بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭ؟

نۇرۇم: جاڭزىدا ئىشىم تۇگۇدى. ئەمدى ھېساپلىنىپ ھەققىمنى ئېلىپ كېتىمىز.

شاگىيو: كېتىمىز تېخى «مەن» ئەمەس بىز دەپ قويۇڭ، سىزنىڭ مەندە ھېچ ھەققىڭ قالمىدى.

نۇرۇم: مېنىڭ يازىچە ئىشلىگەن ھەققىم نەگە كەتتى.

شاگىيو: يازىچە ئاماكا چىكمەن دەپ 20 تەڭگە ئالدىڭ. ئات ئاپىقاشتۇرۇپ بىرھارىۋىنى سۇندۇردىڭ. 4 تاغار بۇغدايىنى ئوغرىغا بەردىڭ، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى گەدىنىڭدە تۇرۇپ مەندە نېمە ھەققىڭ قالماقچى . ھېساپلاشساڭ تولەيدىغان پۇلۇڭنى تەييارلاپ قوي.

نۇرۇم: ئۇقۇلدى، سىلەرنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغىنىڭلار. چوڭ ئاپامنىڭ ھېساۋىمۇ شۇنداقلا ئەپلەپ توقۇمدەك يامالغان ئىكەندە.

شاگىيو: چوڭ ئاپاڭنىڭ ھېساۋىنى قويۇپ ئاۋال ئوزەڭنى بىل مۇتەھەم، بۇزۇق. (مەشرەپ، باسىت كىرىدۇ.)

نۇرۇم: شاگىيوكا ئاۋال پىشانىڭىزنى سىلىۋېتىپ ئاندىن كېيىن قىلىڭ ئۇ گەپنى.

شاگىيو: نېمە؟ نېمە دېدىڭ.

نۇرۇم: (تەنە قىلىپ.) جاناپلىرى نېمە دېگەن بولسىلا

شۇنى دېدىم.

باسىت: (نۇرغا.) ھاي نائىنساپ تارت تىلىڭنى، بى-ھۆرمەتلىك قىلما.

نۇرۇم: ھۆرمەتچى ئەلىلىك بېشى ئىنساپ قىلىشنى، بىزگە ئاتىدارلىق قىلىدىغان شاگىيوكامغا ئېيتسىڭىز ئادالەت بولىدۇ.

شاگىيو: (مەشرەپكە.) ئاغامچا ئەكە (مەشرەپ«خوپ»دەپ ئاشخانىغا كىرىدۇ). مەن بۇ ھارامزەدىگە ئادالەتنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى كورسۇتۇپ قويۇمەن.

يايى: بۇرنىنىڭ بېزى ئوسۇپ كەتكەن نىمىكەنغۇ بۇ. جاجىسىنى بېرىپ قويۇش كېرەك بۇنىڭ. (مەشرەپ ئاغامچا ئېلىپ چىقىدۇ.)

شاگىيو: باغلاڭلا بۇ قارانيەتنى. (باسىت يايى بىلەن باغلاشقا تۇتۇنغاندا نۇر يايىنى ئىتتىرىۋېتىپ باسىتنى يەرمۇش بىلەن ژىقىتىدۇ.)

نۇرۇم: نىمە گۇنايىم ئۈچۈن باغلايسەن مېنى، يازىچە ئىشلەپ بەرگىنىم ئۈچۈنما. ئاچچىنىڭ شەرمەندىلىگىنى ئاشكارە قىلغىنىم ئۈچۈنما، ياكى غۇنچەمگە قۇرغان تۇزاقلىرىڭنى يۇشۇرۇش ئۈچۈنما؟ ھەي شاگىيو، كىم قارانيەت ئىكەنلىگى ھەقىقەت ئالدىدا، پۈتۈن خەلقى ئالەم ئالدىدا ئاشكارە بولىدۇ.

شاگىيو: قورقۇنچاقلار نىمە قارىشىپ تۇرۇسەن، باغلا!

(نۇرغا يېقىن كېلىپ، قامچا سالىدۇ.)

يايى: (قىلىچىنى سۇغۇرۇپ.) ھەي ئوغرى، قارشىلىق قىلساڭ قىلىچ بىلەن سالىمەن.

نۇرۇم: كەل، قولۇڭدىن كەلگەننى قىلىش.

ھەممىسى نۇرۇمنى تۇتۇپ باغلايدۇ.

شاكىيو: ئاپارغىن، قارىغاچقا باغلا.

نۇرنى قارىغاچقا تاڭىدۇ.

نۇرۇم: قولۇڭدىن كەلسە، ئاسمىنىڭنى تاشلىۋەت ھەققەت ئىگىلىدۇ، سۇنمايدۇ.

شاكىيو: ئۇر مۇنا پىقنى.

يايى نۇرنى قامچىلايدۇ. ئويدىن غۇنچەم ژۇگۇرۇپ چىقىدۇ.

غۇنچەم: نۇرۇم. (يايىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ.) ھوي جاللات ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەمسەن بىچارىنى، نېمە قىلدى سىلەرگە شۇنچە.

شاكىيو: (مەشرەپكە.) ھوي، ھوي، ما قىزنى ئۇيىگە تارت! (مەشرەپ «جورۇڭ» دەپ قولىدىن تارتقاندا غۇنچەم سىلكىۋېتىدۇ.)

غۇنچەم: شاكىيو ئاتا! نۇرۇمنى قويۇۋېتىڭ. (ژىغلايدۇ.)

نۇرۇم: يالۋۇرۇش ئۆلۈمدىن يامان غۇنچەم. بىزمۇ ئەتىمىزنى ئالىدىغان بىر پەيىت كېلىدۇ.

شاكىيو: (غۇنچەمگە.) تېز يوقال! بۇ ئۇياتسىزنىڭ

يېنىغا كەلگۈچى بولما! (مەشرەپكە .) نىمە قاراپ تۇرۇسەن.
ئاپا ئويگە. (مەشرەپ غۇنچىنى قولىدىن تارتىپ، ئويىگە
ئېلىپ كېتىدۇ.)

غۇنچەم بىرئازدىن كېيىن ئويدىن چىقىپ يۈگۈرۈپ تۇرۇپ
تالاغا چىقىپ كېتىدۇ.

**نۇرۇم:** ئۇياتسىزلىق، ناھەقلىق، توھمەت، خىيانەت،
بۇزۇقچىلىقنىڭ ئۇستىلىرى. يەنە بۇ سوزلەرنى باشقىلارغا
سۆگاپ قويغان ھىلىگەرلىكلەرگە لەنەت!

**شاكىيو:** ئۇر ئاغزىغا. (ئوزى ھەم يايى قامچا بىلەن
ئۇرۇشقا باشلايدۇ.)

**نۇرۇم:** ئۇر زالىملار، قېنىمىزنى ئىچ!

**باست:** نۇر، تىلىڭنى تارت دەيمەن. بىكار تاياقتا
ئولۇپ كېتىسەن. (نۇر بېشىنى توۋەن سېلىپ جىم بولۇپ
قالىدۇ. باست شاكىيونى تۇتۇۋېلىپ.) بولدى قويۇڭلار ئەمدى
بۇ ئولۇپ قالمىسۇن. (ئۇرۇش توختايدۇ.)

**شاكىيو:** ھىم... توختا پتۇر، مەن ساڭا ئوزەمنى بىر تونۇتا يكىن،
سەن گەردەنكەش كىمگە قارشى چىققانلىقىڭنى شۇ ۋاختىتا
بىلىسەن! (باستقا.) باست، جۇگۇ سەن ماۋۇ شەنگەن يامۇلنىڭ
زىنگتىگە ھېلىقى ئازنىباقى بىلەن ياقۇپ دېگەن گەدەنگەشلەرنى
ھايدىتىپ كەل. ماۋۇ مۇناپىقنى قوشۇپ ئۇچىنى شەنگەن
يامۇلغا ئەكىرىپ قامىتىپ قويايلى.

www.uyghurkitap.com

باسست: خوپ شاگيوكا هازىر بەتكوزۇپ كيلىمىز.
(يايىغا) زەنجىر كوزلىلىرىڭىز بارمۇ؟

يايى: ئاتىنىڭ غانجۇغىسىدا هەممىسى تەييار.

شاگيو: لوزۇكغىمۇ، بۇ ژىگىتكىمۇ، قەدەم هەقىنى ژۇرتتىن ئوبدانراق ژىغىپ بەر.

باسست: بىز هيچقاچان بۇلارنى رەنجىتمەيمىزدە. (يايى بىلەن باسست چىقىپ كيتىدۇ.)

شاگيو: (قولىنى نۇرغا شىلتىپ.) سەن موخۇنى ئومۇربويى يامۇلداچىردىتىۋە تىمىسەم توختاپتۇ. (ساراي تەرەپكە كىرىپ كيتىدۇ.)

قايغۇلۇق موزىكا چيلىنىدۇ. ئازدىن كيىن غۇنچەم تالا تەرەپتىن كىرىپ، ئاشخاندىن بىر چىنە سۇنى كوتۇرۇپ چىقىپ ئيهتىياتكارلىق بىلەن نۇرنىڭ ئالدىغا بارىدۇ.

غۇنچەم: نۇرۇم، نۇرۇم بيشىڭىزنى كوتۇرۇڭ. سۇ ئەكەلدىم ئىچىڭ. (چىنىنى نۇرنىڭ ئاغزىغا تۇتۇدۇ.)

نۇرۇم: (سۇنى ئىچىپ جانلىنىپ.) غۇنچەم جيئىم، كوردىڭىزمۇ؟ مانا بۇ ئادەملەرنى تونۇپ قويۇڭ، بۇ يەردىن قيچىش كيرەك.

غۇنچەم: قاچىلى (نۇرنى يىشىشكە ئۇرۇنۇپ.) مەن جاڭزىغا بيرىپ ئاماننىڭاي بىلەن، تۇرغانىكاملارغا خەۋەر قىلىپ كەلدىم. (باغ تەرەپكە قاراپ.) ئەنە ئۇلارمۇ باغنىڭ شورىسىدىن چۇشۇپ كيلىدۇ.

نۇرۇم: ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. يامۇلغا ھايداپ كەتسە قۇتۇلماق تەس بولاتتى.

غۇنچەم: (يېقىن كېلىپ قالغان ئامانتايغا.) ئامانتاي مەيەرگە كەل...كاساپەتلەر ھەجەپ چىڭ باغلىۋېتىپتۇ.

ئامانتاي: ياپىراي جانىم نۇر، باي ئەكەڭ قۇرۇتۇپتۇ- غوي سېنى، ئۇشۇنچە جازىنىڭ نې ئىدى.

ئاغامچىنى يېشىدۇ، تۇرغان ژىراقتىن شەرەتقىلىپ ئەتراپنى بايقاپ تۇرۇدۇ.

نۇرۇم: (بىلەكلىرىنى ئۇگۇلايدۇ، ئوي تەرەپكە نەپرەت بىلەن قاراپ.) ئاغىنىلار بىلىپ قويۇڭلار! بىزگە كىم دوست، كىم دۇشمەن ئىكەنلىكىنى بۇگۇن بۇلار ئاپ - ئاشكارە تونۇتتى.

ئامانتاي: چاگيونىڭ قورلىغىنى بىزدە كوپ تارتىمىقوي. ئانا جىلى قاسقىر تارتقان تورت قوي ئۇشۇن ئەكەمدى ئولەرشە ساباى ئوسۇ سۇرقىيە.

غۇنچەم: قان قۇسۇپ ئولەر ئىلاھىم.

ئامانتاي: ئەكەمە مالىنى باقتىرىپ مىنىدە تېگىن ئىستە- توۋى زورلىققوي، بىزدەيكەدەيلەرنىڭ كېگى كوپقوي مۇندا.

تۇرغان: (نۇرلارغا ئاستا يېقىنلىشىپ كېلىپ.) ھەي، گەپنى قويۇڭلار، ئەتراپتا ھېچكىم كورۇنمەيدۇ. ئامانتاي نۇرنى ئاۋۇلۇگغا باشلا.

ئامانتاي: (غۇنچەمگە قاراپ.) مۇناۋۇ قارىنداستى قايتەمىز.

تۇرغان: ھازىر بىللە قېچىشقا بولمايدۇ.

ئامانتاي: ئۇي ـ باي يالغىز تاستاپ كېتەمىز بە.

تۇرغان: ئاتىلارنىڭ ئورنىنى قىلىپ كەچچە ئىزلىسىپ كېتىمىز. غۇنچەم سىز ئۇيگە كىرىپ كېتىڭ، بىزنىڭ بۇيەرگە كەلگىنىمىزنى ھېچكىم سەزمىسۇن. قېنى ئىككىڭلار بىر ـ بىرىڭلاردىن نىرىراق مېڭىپ، شورىدىن چىقىڭلار مەن يەنە ئەتراپنى بايقاپ تۇراي.

نۇرۇم: خوش غۇنچەم كورۇشكىچە ئامان بولۇڭ.

غۇنچەم: خوش نۇرۇم، مېنى بۇ يەردىن چاپسانراق قۇتقۇزۇپ كېتىڭلەر! (كوزىدىن ياش تامدۇ.)

ئامانتاي: قارىنداشىم بىز سېنى ژىرىتقۇچنىڭ تىرناغىدا زارلاتىپ مۇندا تاستاپ قويمايمىز.

ئاۋال تۇرغان، كېيىن ئامانتاي بىلەن نۇرۇم باغنىڭ ئارقىسىغا كېتىدۇ. ئازدىن كېيىن تاشقىر ھويلىدا ئىتلار قاۋاپ باسىت بىلەن يايى ئازنىباقى بىلەن ياقۇپنىڭ بويىنىغا زەنجىر، قولىغا كويىزا سالغان ھالدا ھايداپ كىرىدۇ.

باسىت: مەن شاگيوكامىنى قىچقىرىپ چىقاي. (ساراي تەرەپكە كېتىدۇ.)

ئازنىباقى: (يايىغا قاراپ.) قولۇمنى ئازراق بوشۇتۇپ قويساڭ، يامان ئاغرىپ كەتتى.

يايى: ئۇنىڭنى چىقارما قېرى، بىكار تاياققا ئولۇسەن.



www.uyghurkitap.com

ئازنىباقى: سەندە رەخمى دېگەن نەرسە بارمۇ؟ مەن قىرى ئادەمغۇ!؟

يايى: رەخمنى تېخى يامۇلغا كىرگەنــدە كورۇسەن.

شاكىيو بىلەن باست ئويدىن چىقىدۇ.

شاكىيو: ھە، گەدەنكەشلەر، بولۇدىغان ئەھۋالىكمۇشۇمۇ.

ئازنىباقى: بۇ سىلىنىڭ ئىلتىپاتلىرى. (قولىنى سوزۇپ كورسۇتۇدۇ.)

شاكىيو: دەننى ۋاختىدا تاپشۇرمىغاندىن كېيىن ھوكۇمەتنىڭ سالغان ئالۋان ـ ياسىغىغا چاتاق چىقىرىپ ژۇرت ئىچىدە پىتنە قىلىغاندىن كېيىن مانا مۇشۇنداق بولۇدۇ.

ئازنىباقى: رەخمەت شاكىيوم، سىلىنىڭ مۇنداق ئادىللىق بىلەن ژۇرت سورىغانلىقلىرىغا.

شاكىيو: رەخمەت ئېيتىشقا تېخى ئالدىراپسەن مۇتەھەم. (ياقۇپقا يېقىن كېلىپ.) خوش ئات ـ ھارۋۇسى بار ژىگىت نىمىشكە سۇ ئوغۇرلىدىڭىز.

ياقۇپ: سۇ ئوغۇرلىغان كىم ئىكەن.

شاكىيو: نىمىشكە نوۋىتىڭدىن تاشقىرى سۇ ئاچسەن؟

ياقۇپ: سىلەرگە ئوخشاش قولى ئۇزۇنلارنىڭ نەچچە يۇز خولۇق يېرىگە سۇ تىنىماي ئېقىۋاتسا، بىزگە ئوخشاش قولى قىسقىلارنىڭ 5 ـ 6 خو يېرىدىكى ئاشلىغى قۇرۇپ كېتىپ بارسا كىم چىدايدۇ.

شاڭيو: قۇرۇپ كەتسۇن ساڭا ئوخشاش ئەل رەسىمنى بۇزغۇچى ئوغرىلارنىڭ ئاشلىغى.

ياقۇپ: ھەي شاڭيوكا، كەمبىغەللەرنىڭ ئاشلىغى قۇرۇ- ۋاتسا ئۇلارنىڭ سۇيىنى قىسىپ، باشقىلارغا سېتىۋاتقان كوك بېشى ئوغرىمۇ ياكى چاڭقاپ كەتكەن يېرى ئۇچۇن سۇ-سۇ دەپ ژۇگۇرۇپ ژۇرگەنلەر ئوغرىمۇ؟ بۇنى ھەقىقەتلىمەمسىز.

شاڭيو: ھەقىقەتلەيمىز. ساڭا ئوخشاش كوك بېشىنى ئۇرغان نوچىلارنىمۇ ھەقىقەتلەيمىز.

ئازنىباقى: ياقۇپ ساددە بولمىساڭچۇ، ئادىل بەگلىرىم مانا بىزنى زەنجىر بىلەن ئوبدان ھەقىقەتلىدىڭۇ. (قولىنى كوتۇرۇپ بويىندىكى زەنجىرنى كورسۇتۇدۇ.)

يايى: ئاغزىڭنى ژۇم.

شاڭيو: شەھەرگە ھايدا بۇ رودۇپايىلارنى. ئەتە شەن يامۇلغا ئوزەم بېرىپ لوزۇڭلارغا مەلۇماتىنى ئوزەم بېرىمەن. ئاۋۇ مۇناپىقنى قوشۇپ ھايدا. (نۇرنىڭ يوقىلىغىنى بىلىپ قېلىپ.) ھوي ئۇ قېنى؟... مەشرەپ، ھاي مەشرەپ. (ئەتراپنى ئاختۇرۇپ ژۇگۇرۇشۇپ كېتىدۇ.)

پەردە.

# ئۈچىنچى پەردە

## 1 - كورۈنۈش

يەنە ئۆمەر شاڭيونىڭ ئىككىنچى پەردىدىكى هويلىسى. كەچ كىرىپ قالغان مەزگىل. ئاسماندا ژۇلتۇزلار، مېهمانخانىنىڭ كۆللۈك چوڭ-چوڭ پەنجىرلىرىدىن چىراق يورىغى چۈشۈپ تۇرۇدۇ. ئايۋان پىشايۋانلاردىكى ئېگىز چىراقپايلار ئۈستىدە قارا چىراقلار يېقىلغان. هويلىنىڭ بىر- چېتىدە يەرگە ئويۇلغان ئوچاقتا قۇرۇق قازان ئېسىغلىق. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئوت چۆرىسىدە ئۈچ چوگۈن ۋە قايناپ تۇرغان بىر ساموۋار بولۇپ، شۇ يەردە مەشرەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇدۇ.

ئايۋان ئىشىگى ئالدىدا ئۆمەر شاڭيو، باسىت ۋە هاشىمبايلار مەس- لىهەتلىشىپ تۇرۇدۇ.

**هاشىمباي:** شۇنداق قىلىپ نۇرلارنىڭ هېچبىر ئىز-دى- رىكى بولمىدىما شاڭيوكا.

**شاڭيو:** شۇ قاچقانچە يوقالسىلا بولدىغۇ هارامزادىلەر.

**هاشىمباي:** قىز تالالىق قىلغۇچىمۇ ئوزلىرى، ئوغۇل ئويلىگىچىمۇ ئوزلىرى بولۇدىلىدە شاڭيوكا.

**شاڭيو:** باشقا گەپنى قويىلى. خوش هاشىمباي جاما-

ئەت بولسا ژىغلىپ بولدى.

**باسىت:** مەزىنلەرمۇ سىيىت بىلەن غۇنچەمگە ئاتا تۇتقۇ-زۇپ كېلىشتى.

**ھاشىمباي:** ئانداق بولسا، ژىگىتلەرنى چاپسان ئېلىپ كېلىش كېرەك.

**شاكىيو:** جۇگۇ باسىت سەن بارغىن.

**باسىت:** خوپ، ھازىر يەتكۈزۈپ كېلىمەن. (چىقىدۇ.)

**شاكىيو:** ھاشىمباي نىكالىقتا قويۇلۇدىغان نەرسىلەرنى سەن قوي. (مەشرەپكە.) ھاي مەشرەپ، مېھمانلارغا يەنە بىر قاتار چاي قۇيۇپ چىق. (ئايۋانغا كىرىپ كېتىدۇ، مەشرەپ چوگۇن كوتۇرۇپ ئايۋان بىلەن مېھمانخانا تەرەپكە كېتىدۇ.)

**ھاشىمباي:** جانان ھېچ كورۇنمەيدىغۇ. (ئىچكىرىگە بويلاپ قارايدۇ.) شەرۋان ئاغىچا بىلەن بۇگۇن بىر ئۇچراشاق بولاتتى. (يانچۇغىدىن كىچىك قۇتىنى ئېلىپ ناس چېكىدۇ. 3 ـ 4 تال ناسنى پۇركۇپ.) ئاغىچا ئاخىرى بۇ توينى قىلىپ كەتتى... ئالىدىغا كەلگەننى دەسسەپ، كەينىگە كەلگەننى تېپىپ تۇرۇدىغان شاكىيونىمۇ كوندەردى ـ دە. بالا خوتۇن.

شاكىيو ياغلىق قىلىپ ژىتىلغان بىر قانچە چىت ۋە بىر كىيىملىك رەخ، پۇل سېلىنغان بىرنەچچە كونۋېرت كوتۇرۇپ چىقىدۇ.

**شاكىيو:** ماۋۇ رەخ بىلەن پۇل نىكا ھەققى ئۇچۇن خاتىپ ئاخۇنۇمغا. (ھاشىمبايغا ئوتكۇزۇپ بېرىپ تۇرۇدۇ.) ماۋۇ لوزۇك

بېگىمگە، مانا بۇلار ئىككى يايىسىغا.

ژىراقتىن ئۇلەن ئاھىڭى ئاڭلىنىدۇ.

**هاشىمباي:** بۇ تويىنى ناھايىتى بېخىلىلىق بىلەن ئۆتكۆزۈۋاتىسىز ــ دە، شاگىيوكا. ھېچ بولمىسا، خاتىپ ئاخۇنۇم بىلەن قېيىناغىڭىز بولغانىدىن كېيىن لوزۇڭ بېگىمگە بىردىن تون ياپساق بولاتتى.

**شاگىيو:** ئۇمۇ بولۇپ قالار، توي بۇنىڭ بىلەنلا تۈگۈمەيدۇ. ھېلىمۇ 3 ــ 4 كۈندىن بېرى ژۇرتقا ئاش بېرىۋاتىمىز.

**هاشىمباي:** ئەلۋەتتە، ھۆرمەتلىرى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئىشىنىمۇ چوڭ تۇتۇش كېرەك.

داپ ــ دۇمباق، ئۇلەن ئاۋازى يېقىنلىشىدۇ.

**شاگىيو:** ئەنە ئالامۇ كېلىپ قالدى. باشقا گەپنى قويايلى. ماۋۇ ئىككىسى مەزىنلەرگە، قالغانلارغا مانا بىردىن ياغلىق (ياغلىقلارنى بېرىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.)

سىرتتىن ئۇلەن ۋە بارىكاللا قىچقارغان ئاۋاز كېلىدۇ.

ئۇلەن

مەستۇن ھەيران بولۇپتىمەن،
شۇبۇ كۈنلەردە.
ياتسام كېچە كەلمەس ئۇيقۇ،
قارايۇ تۈنلەردە.

بىر توپ ياشلار داپ ــ دۇمباق چېلىپ، بارىكاللا قىچقىرىپ سەھنىگە كىرىدۇ.

هاي ـ هاي ئولەن، هاي ئولەن، كۆل قايدا بار يار ـ يار.
بىر ياخشىغا بىر يامان، ھەرجايدا بار يار ـ يار.

ئىككى كىشى ئۇسۇلغا چۈشىدۇ.

هاي ـ هاي ئولەن، هـاي ئولەن، بارمۇ هايات يار ـ يار.
قارچۇغىدەك بويلىرىڭغا بولدۇم سەييات يار ـ يار.

ھېزىم: بېقىشىپ ئويناڭلار، بېقىشىپ.

ئۇسۇلچىلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ شەرەت قىلىپ ئوينايدۇ.

1 ـ ژىگىت: توشقان سوقان قوللۇرۇڭدىن.

هاي ـ هاي ئولەن ، هاي ئولەن، مەن نەقىـلاي يار ـ يار.
خەنجەر ئېلىپ ژۈرەكنى پارە قىلاي يار ـ يار.

هاي ـ هاي ئولەن، هاي ئولەن قاركېلىدۇ يار ـ يار.
بەرگى خازان تونىنى كېيىپ يار كېلىدۇ يار ـ يار.

بەرگى خازان تونىنىڭ بەرگى تولا يار ـ يار،
ئويلەنمىگەن ژىگىتنىڭ دەردى تولا يار ـ يار.

ئەگىم ـ ئەگىم يوللاردىن ئىز كېلىدۇ يار ـ يار.
كىمخاپ تونىنى پۈركۈنۈپ قىز كېلىدۇ يار ـ يار.

قىزىل ـ قىزىل پىيازنىڭ پوستى تولا يار ـ يار.
ئويلەنمىگەن ژىگىتنىڭ دوستى تولا يار ـ يار.

قارا ـ قارا قاغىلار خاماندىدۇر يار ـ يار.
ئويلەنمىگەن ژىگىتلەر ئارماندىدۇر يار ـ يار.

ناخشا ـ ئۇسۇل ئاياقلاشقاندا ئىچكىرىدىن باسىت چىقىدۇ.

باسىت: پەتە ئوقۇشقا باشلىدى. قېنى ژىگىتلەر ئىچكىرىگە كىرىپ مېھمانخانىنىڭ ئىشىگىگە يېقىنراق تۇرۇڭلار.

ژىگىت قولدىشى: سۇلتان بېگىمنى ئوتتۇرىدا ئېلىڭلاراي.

ھېزىم: ھەي ژىگىت قولدىشى! سولتان بەگنىڭ تۇمىغىنى چوكۇرۇپ قوي.

ژىگىت قولدىشى! سىيىتنىڭ تۇمىغىنى پېشانىسى تەرەپكە بېسىپ قويۇدۇ. ھەممىسى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بىلەن ئايۋان (دالان) ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

مەشرەپ: (چوگۇن كوتۇرۇپ چىقىپ، ئوتنىڭ ئالدىغا باردۇ.) ۋاي ئىستەي، غۇنچەمدەك چىرايلىق، چىچەن قىز، باينىڭ قوپال ماڭقا ئوغلىغا خوتۇن بولۇپ كېتەرمۇ. ياق نۇرمۇ بوش كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ژۇرۇگى قاپتەك بار، بۇگۇن پەيتىنى قولدىن بەرمەس. نەدە بولمىسۇن يېتىپ كېلىدىلا ئۇ. ئۇكۇنى مەن ئۇنىڭ يېرىدىم كېچىدە مۇشۇ باققا كەلگىنىنى سېزىپ قالدىم. غۇنچەمنى ئېلىپ قېچىشنىڭ كويىدا ژۇرسە كېرەك. بىراق، بۇلار غۇنچەمنى بىر نەچچە كۇن ئويگە سولاپ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويىدى ـ دە. نۇرنىڭ كەلگىنىنى ھەدەمگە ئېيتمىدىم. ئاپام «بىزمۇ كەمبغەل بىر ئىشلەمچى، نۇرمۇ ئىشلەمچى تۇرۇپ، سەن نىمىشكە خوجاينلارغا بولۇشۇپ ئۇلارنى پايلاپ ژۇرۇسەن ھە، يېتىملەرنىڭ زىيىنى ئۇچۇن

ئىشلەش ئۇياتسىزلىق ئەمەسمۇ» دەپ تىللىغاندىن بىرى بىچا-رىلەرنى ماراپ ژۇرمەيدىغان بولدۇم.

كوپچىلىك نىكادىن قايتىپ مۇبارەكلىشىپ، ئىچكىرىدىن چىقىشىدۇ. داپ-دۇمباق چالغانلار «بىز قىزنى كوچۇرۇپ كەلگىلى بارايلى» دەپ تالاغا چىقىپ كېتىدۇ.

2-ژىگىت: باللار سىيىتجانىنىڭ ژۇرۇگى پوكۇلداۋاتىدۇ. (سىيىتقا.) قورقما مارىمايمىز.

1-ژىگىت: ئۇخلاپ قالما يەنە بۇگۇن.

ھېزىم: ئۇخلاپ قالسا، ئوگۇزىنى تېشىپ سۇ قۇيۇمىز.

سىيىت: ئولگۇڭ كەلسە شۇنداق قىلارسەن.

ھېزىم: ھەر يوغان سوزلىگەنلەرنى كورگەن بىز، ئويلەنـ-گەن ژىگىت! بۇگۇن سىز ئىندىمەيدىغان كۇن.

2-ژىگىت: ئوزەكلەر بىلىگلەر دىمىسەڭ، تام تېشىپ تېرىق ئالدىغان، مۇز تېشىپ بېلىق ئالدىغان بۇ ھېزىم گۇتۇ-دىن بالا قالسەندە بۇگۇن. (كۇلكىلەر.)

ھېزىم: ئوز ئەمرىگىزگە ئالدىگىزمۇ دىسە، گوشۇيۇپلا تۇرۇۋالدىگا سىيىت. مانا مەن سىسنىڭ ئۇچۇن ئالدىم دەپ قويدۇم.

1-ژىگىت: بىلىك ھېزىمگە ئوتۇپ كېتىپتۇ - دە ئەمىسە.

2-ژىگىت: ئۇنداق دەپ قويساڭ بۇ بەغەرەز كوشۇگىگە كىرىۋالمىسۇن يەنە. (كوپچىلىك كۇلۇشۇدۇ.)

1 ـ ژىگىت: بىراق شاكراپقا چىلانغان نانىنىڭ پىرىمىنى سىيىت يېدى ـ دە.

باسىت: ھاي باللا بىمەنە گەپنى قويۇڭلار.

ھېزىم: ھېچقايسىڭلار تاراپ كەتمەستىن ژىگىت قولـ ىدىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىڭلار. قىزنى كوچۈرۈپ كەلگىچە شۇيەرـ دە يەنە بەزمە قىلىپ ئولتۇرۇمىز.

ژىگىتلەر چىقىپ كېتىشىدۇ.

شاڭيو: (ئۆيدىن ئالدىراپ چىقىپ.) مەشرەپ، باغنىڭ يان ئىشىگىنى ئېچىۋەت. جامائەت شۇتەرەپ بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. شاڭيو كىرىپ كېتىدۇ. مەشرەپ باغ تەرەپكە ۋۇگرەيدۇ. ژىراقتىن داپ ـ دۇمباق ۋە ئولەن ئاۋازى كېلىدۇ. ئازدىن كېيىن تالا تەرەپتىن تۇرغان يەنە 2 كىشى، ساندۇق، ئورۇن ـ كورپە، جۇۋىلىرىنى كوتۇـ رۇشۇپ كىرىدۇ. ئىچكىرىدىن پاتەمخان چىقىپ، ساندۇق، بوپاكوتەرـ گوچىلەرنىڭ يۇزلىرىگە ئۇن چاچىدۇ. پاتەمخان بىلەن تۇرغان بىر ـ بىـ رىگە مەنالىق قارىشىۋالىدۇ. تۇرغان ئۇزلىرىنىڭ تەييار ئىكەنلىگىنى كوز ۋە باشقا شەرتلەر بىلەن ئۇختۇرۇدۇ.

پاتەمخان: (تۇرغانغا قاراپ.)

ئاق يوللۇق بولۇڭلار،
ئاق يوللۇق بولۇڭلار.
ئىشىڭلار ئىلگىرى بولسۇن،
يۇزۇڭلەر يورۇق بولسۇن،

كېلىن ئايىغى ياراشسۇن،
كەلگەن يولى ئاق بولسۇن.

بوپا كوتۈرۈپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئىككى بىلىگىگە ياغلىق باغلايدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇلار ساندۇق، بوپىلىرىنى ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ، قايتىپ چىقىپ تالا تەرەپكە كېتىدۇ. تۇرغان پاتەمخاننىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ باشقىلاردىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

پاتەمخان: (بوش ئاۋاز بىلەن.) ھە تۇرغان، ئىشلار قانداق؟

تۇرغان: جايىدا، شاكىيونىڭ ئۈچ ئېتىنى ئىگەرلەپ كۆزلەكتىكى ئەسكى تامغا ئاپىرىپ قويدۇق.

پاتەم: نۇرلار ھازىر قەيەردە؟

تۇرغان: نۇر بىلەن ئامانتاي مۇشۇ تۇرقىدا، (باغ تەرەپنى شەرەت قىلىپ.) باغدا موكۇپ ياتىدۇ. ھېلىقى ئىشنى توغرىلىيالىدىڭىزمۇ؟

پاتەمخان: ھەئە، مەن قىز يەڭگىسى بولۇپ تەيىنلەندىم.

تۇرغان: ياخشى، جايىدا.

پاتەمخان: يائاللا. (مەيدىسىنى تۇتۇپ.) تۇيۇپ قالسا قانداق قىلارمىز. شاكىيو ھەممىمىزنىڭ قېنىنى ئىچىدۇ.

تۇرغان: خاتىرجەم بولۇڭ. بىز سىزگە گەپ كەلتۈرمەيدىغان قىلىپ ئىشنى توغرىلايمىز.

پاتەمخان: نىم بولسا مەيلى، سىلەر سەگەك بولۇپ

تۇرۇڭلار. سىيىت ئويگەكىرگىچە مەن غۇنچەمنى باشلاپ چىقىمەن.

**تۇرغان: ھەببەلى جايىدا. (تالاغا چىقىپ كېتىدۇ.)**

تاشقىرىدا قىزنىڭ ژىغا ئاۋازى، كېيىن ئات، ھارۋا ۋە كىشىلەرنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ. ئىككى ئەركىشى غۇنچەمنى زىلچىگە سېلىپ، كوتەرگەن ھالدا 3 ـ 4 خوتۇن كىرىدۇ. شەرۋان ئۇقا تۇتۇلغان چاپان، بېشىغا ئالتۇن قاداق ۋەتىنىرەپ تۇرۇدىغان ئالتۇن گۇل قادالغان بوك كىيگەن ھالدا بىر نەچچە خوتۇنلار بىلەن ئايۋان ئىشىگىدە تەكەببۇرانە كۇتۇپ تۇرۇدۇ. ھويلىغا قورايدىن گۇلخان سېلىنىدۇ. پاتەمخان يەنە ئۇچ خوتۇن غۇنچەم ئولتاغۇزۇلغان زىلچىنىڭ تورت ئۇچىدىن تۇتۇپ چىن قىچقىرىدۇ.

## چىن قىچقىرىش

ژىغلىما قىز، ژىغلىما تويۇڭ بولدى،
كىمخاپ گۇللۇك كوشۇگە ئويۇڭ بولدى.

ژىغلىما قىز، ژىغلىما خۇش بولۇرسىز،
قارچۇغىدەك ژىگىتكە دوست بولۇرسىز.

ژىغلىما قىز، خۇش بولغىن تويلىشىڭدۇر،
ئالتۇن بويلۇق گۇل ژىگىت سىردىشىڭدۇر.

ژىغلىما قىز، ژىغلىما بەختىڭ بولۇر،
ئالتۇن گۇللۇك كوشۇگە تەختىڭ بولۇر.

ژىغلىما قىز، ساڭا بۇگۇن بەخت بېقىپتۇ،
كوشۇگەڭگە ئالتۇندىن مىق قېقىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

ئاپتاۋدا سوقۇيسام ئىلمايدۇ.

قىز ئانىسى ئوگەيمىكىن ژىغلىمايدۇ.

ھېلىقى ئىككى ئەركىشى زىلچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تۇتۇپ غۇنچەمنى لۇغۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوت يالقۇنى ئۈستىدىن ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇپ ئىچكىرىگە كوتۇرۇپ كىرىشىپ كېتىدۇ. قالغانلار ئارقىسىدىن كىرىدۇ. قىزنىڭ ئىچكى دولقۇنى ۋە سىرلىق جىملىقنى ئىپادە قىلغۇچى مۇزىكا. قارا ياغاچنىڭ تۇۋىگە ئېھتىياتلىق بىلەن نۇرۇم كېلىپ ئىچكىرىنى تىڭشايدۇ.

نۇرۇم: (تەنە بىلەن.)

ژىغلىما قىز، خوشال بولغىن تويلىنىشىڭدۇر.

ئالتۇن بويلۇق گۈل ژىگىت سىردىشىڭدۇر.

ھە...م، ئالۋاستىلار!... كىم بىلەن كىم سىرداش ئىكەنلىگى. (مۇشتۇمىنى تۈرۈپ ئالغا سوزۇدۇ.) ھازىر سىلەرگە ئاشكارە بولۇدۇ. جازانىخورنىڭ ماڭقىسى ھېچقاچان غۇنچەمگە «ئالتۇن بويلۇق گۈل ژىگىت» بولالمايدۇ. (پاتەمخان ئىچكىرىدىن چىقىپ ئەتراپىغا ئەنسىرەپ قارايدۇ.) پاتمىدە—پاتمىدە!

پاتەمخان: (نۇرۇمنى كۆرۈپ قېلىپ.) نۇرۇممۇ سەن؟

نۇرۇم: ھەئە. (قولى بىلەن شەرەت قىلىدۇ. پاتەمخان ئۇنىڭ يېنىغا بارىدۇ.)

پاتەمخان: تەييارمۇ سىلەر؟ تۇرغانلار قېنى؟

نۇرۇم: ھەئە، تەييار، كۈتۈپ تۇرۇمىز. تۇرغان ئەتراپنى بايقاپ ژۈرۈدۇ. ئامانتاي بولسا، ئەنە شاپتۇللۇقتا موكۈپ تۇرۇدۇ.

پاتەمخان: غۇنچەم ئەنسىرەپ بولەكچىلا بىسەرەمجان بولۇۋاتىدۇ. ئۆزىنىڭمۇ ساقلىقى يوق. شۇ بالىنىڭ يوتىلى تۇتۇپ قەپتۇ.

نۇرۇم: بىزنىڭ مۇشۇ يەردىكە نلىگىمىزنى ئۇختىمۇ؟

پاتەمخان: ئۇختى. مەن ھەممە ئىشتىن خەۋەردار قىلىپ تۇرۇمەن.

نۇرۇم: پاتىمدە بىز سىلىگە تاغىدەك ئىشىنىمىز. ئوي ئىچى جىممىدىمۇ تېخى.

پاتەمخان: ھازىر ھەممىسى بوتقاش ئىچىشىۋاتىدۇ.

نۇرۇم: مۇشۇ پەيت ئەمەسمۇ؟

پاتەمخان: ياق، ھازىر ئايىۋاندىمۇ، مېھمانىخانىدىمۇ كىشى جىق. ئىچكەركى ئويدە شاكىيو بىلەن لوزۇڭ بار. ئۇنىڭ ئىككى يايىسى ئايۋاندا ئاچ قالغان مولۇنلاردەك مارىشىپ ژۇرۇدۇ.

نۇرۇم: ئۇتىرىك تاپلار شەھەرگە كىرىپ كەتمەمدىكىنە.

پاتەمخان: لوزۇڭ شاكىيونىكىدە قونۇدىكەن.

نۇرۇم: ئۇلار نەششىنى چېكىۋېرىپ، ھېلىلا كومشۇيۇدۇ. غۇنچەمنى باشلاپ چىقىۋېرىش كېرەك.

پاتەمخان: يەنە ئازراق سەۋرى قىلىپ تۇرۇڭلار. بوتقاشمۇ ئىچىلىپ بولغاندۇ. كىشىلەر بىر ئازسىپلىكسۇن.

ئىچكىرىدىن غۇنچەمنى كوچۇرۇپ كەلگۈچىلەر قايتىپ چىقىشىدۇ. نۇرۇم ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ. پاتەمخان ئالاقزادىرەك بولۇپ ئايۋانغا كىرىپ كېتىدۇ.

باسست: (قايتقۇچىلارنى ئۈزۈتۈپ.) ئاغىچا ئەتە ھەممىڭلارنىڭ چىللاقىا كېلىپ بىرىشىڭلارنى تەكلىپ قىلدى.

قايتقۇچىلار: ئوبدان بولۇدۇ.

سەھنەجىم. «مۇزىكا. نۇرۇم يەنە بىتاقەت ھالدا كورۇنۇدۇ. ئاسماندا بىر پارچە قارا بۇلۇت ئاستىدىن ئاي ئاستا چىقىشقا باشلايدۇ.

نۇرۇم: ھەتتەگەي ئەمدى چىقسا بولاتتى.

ئامانتاي كېلىدۇ.

ئامانتاي: نۇر. نې بولىپ جاتىر؟

نۇرۇم: تىش... (قولىنى ئارقىسىغا سوزۇدۇ.) ئەنە ئۇلار چىقىپ كېلىۋاتىدۇ.

پاتەمخان توي كېيىمى بىلەن تولۇق بېزەنگەن غۇنچەمنى باشلاپ چىقىپ كېلىدۇ.

غۇنچەم: نۇرۇم!... (ئوزىنى نۇرۇمنىڭ قۇچۇغىغا ئېتىپ ئوپكىدەيدۇ.)

نۇرۇم: جېنىم غۇنچەم. (غۇنچەمنىڭ بېشىنى سىلايدۇ.) بولدى، ژىغلىماڭ. سىز ئۈچۈن جېنىم پىدا. (غۇنچەم مەيدىسىنى تۇتۇپ يوتۇلۇدۇ.) نىم بولدى، يوتۇلۇپ قاپسىزغۇ؟

غۇنچەم: ژۈرۈگۈم...

نۇرۇم: غۇنچەم. ئەمدى قۇتۇلدىڭىز. بىز ئۈچۈن دوزاققا ئايلاندۇرۇلغان بۇ مەلىدىن كېتىپ، تاغ ئارىلىرىدا ئەركىن كۈن كوچۇرۇمىز.

پاتەمخان: بولدی جېنىم بالىلىرىم، بۇ يەردە تۇرماڭلار، قېچىڭلار!

تۇرغان كېلىدۇ.

تۇرغان: پاتىمدە بالاغا قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن سىزنى باغلاپ قويۇپ كېتىمىز.

تاشقىرىدا سىيىتنى قىزنىڭ يېنىغا كىرگۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن كېلىشىۋاتقان ژىگىتلەرنىڭ ئاۋازى كېلىدۇ.

پاتەمخان: ۋاي تاپىقان ئېقىلىڭلاردىن ئورگۈلەي، سىيىتنى ئېلىپ كېلىشىۋاتىدۇ. چاپسان بولۇڭلار، مانا باغلاڭلار، كېتىڭلەر: (قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ تۇرۇدۇ. ھەممىسى ئالدىراپ قېلىشىدۇ.)

تۇرغان: ئامانتاي جېڭگىسىنىڭ قولىنى باغلا. تۇرپوتاڭنى يەش.

ئامانتاي ئالايتەن بېلىگە ئورىۋالغان ئاغامچا بىلەن پاتەمخاننىڭ قولىنى باغلايدۇ. تۇرغان تۇرنىڭ پوتىسى بىلەن ئاغزىنى تاڭىدۇ.

ئامانتاي: ھەي قايرەن جېڭىشە، بىزگە تاماق جاساپ بېرگەن قولۇڭدى ئوزىمىز بايلادىقوي.

پاتەمخانىنى قارا ياغاچقا باغلاپ قويۇشۇدۇ.

غۇنچەم: جېنىم پاتىمدە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئولسەممۇ ئۇنۇتمايمەن. خوش، تىرىك بولساق بىر كۈنى كورۇشەرمىز! (پاتەمخانىنى سويۇدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ كوزلىرى-

دىن ياش تامچىلىرى ئېقىپ كېتىدۇ. تاشقىرىدىكى ئاۋازلار يېقىنلىشىدۇ).

تۇرغان: پالاكەت باستى. قېچىڭلار! ئامانتاي، سەن ئالدىدا ئېتىز ئارىلاپ ماڭ. مەن كەينىڭلەردىن بايقاپ ماڭىمەن. (مۇزىكا.)

نۇرۇم: خوش، مېھرىۋان پاتىمە، ئامان بولۇڭ!

غۇنچەم: خوش!...

كېتىشىدۇ. پاتەمخان بېشىنى لىڭشىتىپ قالىدۇ. بىر ئاز جىم مۇزىكىنىڭ ئاۋازى ئۈزگۈرۈپ. تاشقىرىدىن 3 ـ 4 ژىگىت بىلەن سېيىت كىرىدۇ.

2ـ ژىگىت: ئىككى ئۈچىنى يوقۇتۇپ چىك چىگىۋەتتىم. (قول ياغلىقنى سېيىتنىڭ بوينىغا چىگىپ قويىدۇ). قىز قولى بىلەن ھەرگىز يېشەلمەيدۇ. چىشىڭىز بىلەن يېشىڭ دە جۇمۇ.

ژىگىت قولىدىكى: ياغلىقنى چىشلىگەندە مەڭزىگە چوككىدە بىرنى سويۇۋالىسەن. شۇنىڭ بىلەن يۈزۈكلەر ئېچىلىدۇ.

1ـ ژىگىت: ھەم بىر ـ بىرىگە ئىسسىق ئۇتتۇشۇدۇ، دېمەمسە.

ھېزىم: بىزگە قالغان قوپالىلىغىنى قىزغا قىلساڭ كوڭلى توڭلاپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسسىتىمەن دەپ جىلتەك ئېتىپ ئاش كوكىلىرىڭنى سەپكەن بىلەنمۇ ئېرىمەيدۇ.

ژىگىت قولىدىكى: جۈرۈكلەر ئەمدى سېيىتجاننى قىزنىڭ يېنىغا ئەكىرىپ قويايلى.

www.uyghurkitap.com

ئىشىك تۈۋىگە كېلىشكەندە ئىشىكنى يەنە بىر يەڭگىسى تاقىۋالىدۇ. ژىگىتلەر رەخ ياكى پۇل بېرىپ بىر ئاز سودىلىشىپ، ئىشىكنى ئېچىپ ئىچكىرى كىرىپ كېتىدۇ. ژىراقلاردا ئىتلار قاۋايدۇ. مۇزىكا ئەنسىز ئاۋازدا ئويىنايدۇ. ئاندىن كېيىن ئىچكىرىسىدە ۋاراڭ – چۇرۇڭ كوتۇرۇلۇپ ژىگىتلەر قالايمىقان چىقىدۇ.

ژىگىت قولدىشى: قىز نەگە كەتتى — ھە؟

ھېزىم: كوشۇگىدە بولمىغاندىن كېيىن جېنىنى بىر ياققا ئالدى – دە ئۇقىز.

ژىگىت قولدىشى: جېنىنى بىر ياققا ئېلىپ بىركىشى ئۇنى بوغۇزلىماقچىمىكەن. ئاغزىڭغا بېقىپ سوزلە ھېزىم.

ھېزىم: ھوي مەن ھاشىمباينىڭ ئىنىسى دەپ تولا يوغان سوزلىمە. قاچقاندۇ دېگەن گەپ.

ژىگىت: گەپ تالاشماڭلار، قىزنى ئىستەش كېرەك.

شەرۋان ئوغۇل يەڭگىسى بىلەن چىقىپ كېلىدۇ.

شەرۋان: مەشرەپ، ھوي مەشرەپ قېنى سەن.

مەشرەپ: (كوزىنى ئۇگۇلاپ چىقىپ.) نىمە نىم بولدى ھەدە؟

شەرۋان: نەدە ئۇخلاپ قالدىڭ، ئاپاڭ نەگە كەتتى.

مەشرەپ: تاگەي، ئاشخانىدا ئۇخلاپ قاپتىمەن.

شەرۋان: ئىستە، ھازىر تاپ. (مەشرەپ ھودۇقۇپ ئارقىغا كېتىدۇ.) شەرمەندىلەر نەگە كەتكەندۇ. (ھەرتەرەپكە ئىستىشىپ كېتىشىدۇ. ژىگىت قولدىشى پاتەمخانىنى كورۇپ قالىدۇ.)

ژىگىت قولدىشى: مايافقا كېلىڭلار، ھاي مايافقا. يەڭ–

گىسى مەيەردە باغلاقلىق تۇرۇدۇ.

ھەممىسى پاتەمخاننىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ. شاكيو قىلىچلىق ئىككى يايى بىلەن چىقىپ كىلىدۇ.

شاكيو: نىمە گەپ؟ بۇ قانداق ئىش، يېشىگلەر بۇنى. (پاتەمخاننى يىشىدۇ.) ھەي جەددال، قىز قىينى؟ سىنى كىم باغلاپ قويدى؟

پاتەمخان: ...

شەرۋان: ھوي لالمى، جاۋاپ بەرمەمسەن؟ (تىپىدۇ.)

پاتەمخان: ...

ھېزىم: بۇرۇختىما بولۇپ ھالىدىن كېتىپتۇ. يەنە سوراق سوراۋېرەمسلەر پاتىمدەمدىن.

شاكيو: (ھېزىمگە.) سەن بۇ يەردە نىمە قىلىپ ژۇرۇسەن.

ھېزىم: ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ بىرگۈلى بىز شاكيوكا!

شاكيو: يوقال مېنىڭ ھويلامدىن، ھېلى نىمە ئىكەنلىگىنى كورسۇتۇمەن بىكار.

ھېزىم: (چىقىپ كېتىپ بېرىپ، يوشۇرۇن ئاۋازدا ئوز-ئوزىگە.) ئىقىللىق قىز ئوز جايىنى تىپىپتۇ.

شەرۋان: (يەڭگىگە.) ئوزلىرى نەدە قالدىلا... گەپ قىلىۋي ئاغزىڭغا سامان تىقىۋالدىڭمۇ؟

يەڭگە: غۇنچەمنى پاتەمخان ھاجەتكە ئاچىقىپ كەتكەن ئىدى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

شەرۋان: بۇ پەقەت نۇرنىڭ ئىشى. غۇنچىنى پايلاپ تۇرۇپتىكەن دەيمىز.

شاگىرت: ئەستەغپىرۇللا!!

1-ياي: توغرى بۇ خوتۇننى باغلاپ قويۇپتۇ-دە قىزنى ئېلىپ قېچىپتۇ.

2-ياي: ۋاقىراپ كەتسە كىشىلەر تۇيۇپ قالىدۇ دەپ، قاراڭلا ئېغىز بۇرنىنى تېڭىۋەتكىنىنى، ناھايىتى يامان ئوغرى-كەن ئۇ.

شاگىرت: خەپ نۇر، بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچىمىسەم توختاپتۇر. مەشرەپ باستىنى قىچقار. پۈتۈن ئون بېشلىرى بىلەن ئاتلانسۇن. (مەشرەپ ماڭىدۇ.) ژۇگە چاپسان رودۇپاي. (مەشرەپ ژۇگرەپ كېتىدۇ.) (ژىگىت قولىدىشىغا قاراپ.) ژۇگۇ سەن بىرىپ ھاشىم ئاكاڭنى قىچقىرىپ كەل! (ژىگىت قولدىشى ژۇگرەپ چىقىپ كېتىدۇ. يايىلارغا قاراپ.) سىلەرمۇ ئاتلىنىڭلارنى توقۇڭلار. مەن لوزۇڭ بېگىمدىن بۇيرۇق ئەچ-قىپ بىرىمەن. ھارامزادىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش كېرەك. يەر-نىڭ قەھرىگە كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ سورەپ چىقىش كېرەك. ئەستەغپىرۇللا. (ساقىلىنى سىقىمدايدۇ.) بۇ نىمە دېگەن رەس-ۋالىق-ھە!!... (ھەممىسىگە ئالىيىپ قارايدۇ. شەرۋان زە-ھەرلىك تۇس ئالىدۇ. باشقىلار قورقۇپ ئارقىسىغا دالجىيىدۇ.)

پەردە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۈچىنچى پەردە

## 2- كورۈنۈش

يەنە ئۆمەر شاكىيونىڭ ھويلىسى. ۋاخت كەچكۈز بولۇپ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغايغان. ئۇيەر ـ بۇيەردە غازاڭلار توپلۇنۇپ قالغان. غۇنچەم ئېغىر سىل بىسلەن ئاغرىق. ئۇنىڭ بىلەكلىرى باغلانغاندا چىگە پىتىپ يارا بولۇپ قالغان جايلىرى ۋە يۈزىدىكى قامچا يىبرىۋەتكەن يارىسى ئېخى ساقىيىپ كەتمىگەن. غۇنچەم پىشايۋاندىكى بىر پارچە بورا ئۈستىدە تامغا يولەنگەن ھالدا غەمكىنلىك ناخشا ئېيتىدۇ.

سەن تىرىك دەمسەن مىنى،
مەنغۇ تىرىك ئۆلگەندىمەن.
تىرىك ئۆلگەن يارىمنىڭ
ئوتىدا كويگەندىمەن.

مەن ئولۇپ تۇپراقتا ياتسام،
كىم مىنى يات ئەيلىسۇن.
دوستلىرىم غەمكىن بولۇپ،
دۇشمەنلىرىم شات ئەيلىسۇن.

ئۇھ جىنىما ! (كالتا يوتۇلۇپ مەيدىسىنى تۇتۇدۇ.) رەھ-
مەتلىك ئاپا! شۇم پىشانە قىزىڭنى نىمشكىمۇ تۇققان بوغىي-
دىڭ. قىزىم مۇشۇنداق قارا كۈنلەرگە قالاردەپ ئويلىمىغان-
سەن. ئەگەر ئويلىغان بولساڭ نۇرۇم بىلەن ئىككىمىزنىڭ بەخ-
تىنى چوڭ توي قىلىمەن دەپ توساپ قويماس ئىدىڭ. خەير
قورۇنما ئاپا ! يەرلىكىڭدە تىنچ يات. نۇرۇملار سولاقتا نىمە
كۈنلەرنى كورۇۋاتىدىغاندۇ... ئىسىت - ئىسىت تەلەيسىزلىك.
(كالتا يوتۇلۇدۇ.) ئوھ ژۇرۇگۇم.

ئىچكىرىدىن شەرۋان ياسىنىپ پاتەمخان بىلەن چىقىدۇ.

شەرۋان: دۇنيادا ھەر قانچە ئاخماق بولا سىڭىچە بولماس. قانچە كۈن ئاچتىن - ئاچ قوتانغا سولۇنۇپ كالىلار بىلەن ياتتىڭ، باغلىنىپ ئىتتەك سورەلدىڭ، قارا ياغاچقا ئىسىلدىڭ، ئولگىدەك قامچا يىدىڭ، يەنە نۇرنى ئاغزىڭدىن چۈشەرمەيسەنغۇ؟

غۇنچەم: نۇرۇم مىنىڭ بۇلبۇلۇم. مەن ئۇنىڭ باغرىقان غۇنچىسى. تىلىم سوزگە كىلىدىكەن، مەن ئۇنى ئاغزىمدىن چۈشۇرمەيمەن.

شەرۋان: تىلىڭ كىسىلمىسۇن يەنە.

غۇنچەم: ئەمدى قورقىدىغان ھىچ يىرى قالمىدى. تىلىمنى كىسىپ تاشلىساڭلا دىلىمدا ياد قىلىمەن.

شەرۋان: مەن ئارا بولمىسام شاڭيو ئاتاڭ ھەر ئىككىڭ-

نى ئاتقۇزۇۋېتەتتى. نۇر ئومۇرلۇك سولاقتا ھوكۇم قىلىنىپ تىرىك قالدى. سەن سولاقتمۇ چوشەي تاياق بىلەن قوتۇلدۇڭ.

غۇنچەم: سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا خار-زار بولۇپ قالغىنچە ئولگىنىمىز ئارتۇق ئىدى.

پاتەمخان: (شەرۋانىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ كوز ژۇمچاقلاپ.) چوڭلار بىلەن گەپ تالىشىپ نىمە قىلسەن قىزىم، كېيىن بولغاندىن كېيىن، ئەھۋالغا قاراپلا ئىش قىلساڭ بولۇدۇ.

شەرۋان: تىرىك قالغىنىغا شۇكرى قىلمايدۇ، جوگايىنىمەك. (غۇنچەم قىسقا-قىسقا يوتۇلۇدۇ.) شاگىيو ئاتاڭدىن دۇئا ئال، ئىېرىڭنىڭ ئايىغىغا ژىقىل، قىلغان گۇنالىرىڭغا توۋا قىل، شۇ چاغدىلا ساقىيىسەن.

پاتەمخان: بۇلار بولسا نادان، تېخى ياش، ياخشى-يامانىنىڭ تېگىگە يەتمەيدۇ. مۇشۇ بالىنىڭ ئەھۋالى كۇندىن-كۇنىگە ئوسالىلىشىپ كېتىپ باردۇ. ئەلۋەتتە، ئاجىزنىڭ قاياشى ئاجىز، مۇشۇنىڭ ئاستىغا بىر كورپە سېلىپ، بېشىغا بىر ياستۇق قويۇپ بەرسەك بولاتتى.

شەرۋان: قىلغان ياخشىلىقىنىڭ قەدرىنى بىلەمدۇ، بۇ بۇزۇق.

پاتەمخان: بۇ بىلمىسە خۇدايىم ئوزى بىلەر، ئەمدى بىر كەڭچىلىك قىلسىلا خېنىم ئاغىچا.

شەرۋان: بوپتۇ. سىيتىنىڭ ھوجرىسىدىن بىر كورپە ـ ياستۇق ئەچىقىپ بېرىڭلەر. مەن ھاشىمبايىنىڭ ئۆيىگە مەسلىھەت چايىغا كىرىمەن. ئوغرى ـ يالغان ۋاختى. مەشرەپ ھويلا ـ ئارامغا ياخشىراق قارىسۇن.

پاتەمخان: ئوبدان. مەن دەپ قويا ي.

شەرۋان تالا تەرەپكە چىقىدۇ. پاتەمخان ئىچكىرى كىرىپ كورپە ـ ياستۇق ئېلىپ چىقىپ غۇنچەمنى كورپىگە ئولتۇرغۇزۇپ ياستۇققا يولەپ قويۇدۇ.

غۇنچەم: بىكار قىلدىڭلا جېنىم پاتىمدە ـــ بۇنى.

پاتەمخان: جېنىڭ يامان قىينىلىپ كەتتى بالام. پۇت ـ قولۇڭنى سوزۇپ، يومشاقىنە بىر دەم ئارام ئال.

غۇنچەم: مەن بەرىبىر بۇ كېسەلدىن ساقىيىپ كېتەلمەيمەن، پاتىمدە. كاشكى نۇرۇمنى بىر كورسەم ئىدى. (كوزىدىن ياش كېلىدۇ.)

پاتەمخان: بۇ باغرى تاشلار، سېنىڭ كوز ياشلىرىڭغا قارىمىدى. ئاھ ـ زارىڭ بىر كۇنى تەگىدىگە يېتەر. نۇرنىمۇ كورۇپ قالارسەن. تولا ھەسرەت چېكىۋەمە قىزىم، ئوزەڭنى ئايا. (غۇنچەمنىڭ بىلىگىدىكى يارىسىنى كورۇپ.) تووا، دۇنيادا ئاجايىپ رەھىمسىز ئادەملەر باردە. قىز بالىنى مۇشۇنچە يېغىر بولۇپ كەتكىچە باغلىغان بارمۇ. ئاناڭ رەھمەتلىك بۇ بىلەكلىرىڭگە قىپ ـ قىزىل مارجانلارنى ئوراپ قويا تتى. مانا

ئەمدى ھەممە يېرىنى يارا. قاچقانچە قوتۇلۇپ كەتكەن بول-
ساڭلارغۇ، مۇنچە ئازاپلارنىمۇ كورمەس ئىدىڭلەر.

سىيىت: (قەپەزدە كەكلىك كوتۈرۈپ كىرىپ.) مەشرەپ،
ھاي مەشرەپ، قېنى سەن، چاپسان ماڭ!

مەشرەپ: (قولىدا ئاتىنىڭ نوختىسىنى كوتۈرۈپ، باغ
تەرەپتىن كىرىدۇ.) نىمە بولدى؟ ئالتۇن توشقان تۇتۇۋالغان-
دەك ۋاقىراپ كەتتىڭغۇ؟

سىيىت: خوش خەۋەر. (قەپەزنى ئىگىز كوتۈرۈدۇ.) بۈ-
گۈن مېنىڭ كەكلىگىم باراتىنىڭ كەكلىگىنى قاچۇردى.

مەشرەپ: ھە، شۇمدى، مەن تېخى سىيىت نوچى ئوغ-
رى قاچانىڭ تېغىنى ئورۇۋەتتىمىكىن دەپتىمەن.

سىيىت: خوشاللىغىمنى سەن قەلەندەرلەرگە ئېيتقان ئىست
ئاغزىم.

پاتەمخان: ھوي بايىۋەچچە، بۇ قەلەندەرلىك قىلىپ
كوچىدا نان تىلەپ ژۈرگىنى يوق. بىر پارچە نان ئۈچۈن ئانا-
بالا ئىككىمىز كېچە-كۈندۈز ئىشلەۋاتىمىزغۇ.

سىيىت: ئەمىسە بىزنىڭ ناننى بىكارغا يېيىشەتتىڭمۇ؟

مەشرەپ: كەچكىچە ئىت تالاشتۇرۇپ، قورغۇي ئويى-
ناپ، كەكلىك سوقۇشتۇرۇپ ژۈرۈپ، تەييار ناننى سىيىتجاڭ-
لار يەيدىكەندە.

پاتەمخان: ھە. «ئاتام مازارغا شىيىخ، مەن تەييارغا شىيىخ»

دېگەن شۇ.

سىيىت: پىشانەڭگە يېزىلغان بولسا، سەنمۇ شۇنداق قىلاتتىڭ.

مەشرەپ: تۇتقىنىا سىيىتجان پىشانەڭنى، خەت تونۇمساممۇ، قەيبىرىگە يېزىلغانلىغىنى سىنجىلاپ بىر قاراپ باقاي. (سىنجىلاپ قارايدۇ.)

سىيىت: تېپىشقا يېزىلاتتىمۇ، ئۇستىخاندا بولۇدۇ.

مەشرەپ: (سىيىتنىڭ پىشانىسىنى قولى بىلەن سىلاپ.) ھېچنىمە يوق سىپ ــ سىدامىلىغۇ؟

پاتەمخان: بىمەنە گەپ قىلىشما يامان بولۇدۇ!

سىيىت: ماڭە ــ ماڭ، سەن بىلمەيسە. (مەشرەپنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ، نېرىدىن غۇنچەمنىڭ بېشىدىكى ياستۇقىنى كورۇدۇ. قەپەزنى مەشرەپكە بېرىدۇ. مەشرەپ ئۇنى ئىچكىرىگە ئېلىپ كىتىدۇ. سىيىت پىشايۋانغا كېلىپ.) بۇ ئولۇككە مېنىڭ پەي ياستۇغۇمنى كىم قويۇپ بەردى؟

پاتەمخان: ئاپاڭ.

سىيىت: بىكار گەپ. بۇ پەسىنىڭ قىزىنىڭ ئەمدى مېنىڭ ياستۇغۇمغا بېشىنى قويۇشقا ئاپام داۋا كورمەيدۇ.

غۇنچەم يوتۇلۇپ كىتىدۇ.

پاتەمخان: هوي، هەرھالدا غۇنچەم سېنىڭ نىكايىڭدىغۇ.

سىيىت: نۇر بىلەن قاچقان بۇ بۇزۇقنى مەن ئالىدىغان

قويۇۋەتكەن. قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇنۇم يوق. ئەمدى بۇ مېنىڭ خوتۇنۇم ئەمەس. مۇشۇ ئويىنىڭ قولى. (غۇنچەمگە دېۋەيلەپ.) راستىمۇ، گەپ قىل ھوي ئۆلۈك.

غۇنچەم: (غەزەپلىنىپ.) ساڭا گەپ قىلىدىغان تىلىم يوق. ئال مىرەز ياستۇغۇڭنى چىكەڭگە تاڭ!! پۈتۈن كۈچىنى ژىغىپ ياستۇقنى سىيىتنىڭ بېشىغا ئېتىپ دوم چۈشۈدۇ. سىيىت غۇنچەمنىڭ ياقىسىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ تىزلاندۇرۇدۇ.

سىيىت: كانىيىڭنى مانا مۇشۇنداق سىقىپ، جېنىڭنى چىقىرىۋېتىمەن. سىل كېسەل ئۆلۈك.

پاتەمخان: (سىيىتنىڭ قولىنى تارتىپ.) بۇ بالىنى سىل قىلىۋەتكەن ئۆزلىرىڭ ئەمەسمۇ؟! ئەمدى بىر يولىلا ئۆلتۈرەي دەمسەن بىچارىنى، قويۇۋەت، قويۇۋەت دەيمەن ھوي تەلۋى.

سىيىت: مانا قويۇۋەتتىم. (غۇنچەمنى ئىرغىتىپ پېشايۋاندىن تۆۋەنگە ئىتتىرىۋېتىدۇ.) مانا ئەمدى ساقىيىسەن ھا... ھا...ھا... (كۈلىدۇ.)

پاتەمخان: ۋاي خۇدايىمەي، ئەمدى قانداق قىلامەن. (ژۈگرۈپ چۈشۈپ غۇنچەمنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزىدۇ.) ھوي بىرەھىم، قىلغۇلۇقنى قىلىپ يەنە كۈلىسەنغۇ. بىچارە بالا قاتتىق يەرگە چۈشۈپ ھوشىدىن كەتتى. قاراپ تۇرماي سۇ ئەپكە.

سىيىت: تېخى مەن بۇنىڭغا سۇ ئەكىلىپ بېرەمەن!؟ (تۆۋەنگە سەكرەپ چۈشۈدۇ.) مەن بۇنى ھازىر ھوشىغا كەلتۈ-

رۇمەن. (غۇنچەمنىڭ ئىككى چېچىدىن تۇتۇپ قارا ياغاچنىڭ تۈۋىگە سورەپ كېتىدۇ.)

پاتەمخان: ۋاي خۇدايىمەي، ئۆلتۈرۈپ قويۇدىغان بولدى. مەشرەپ، ۋاي مەشرەپ ژۇگە، چاپسان بول!

سىيىت: مانا سېنىڭ جايىڭ! مەيەردە، غازاڭنىڭ ئۇستىدە يۇمشاق يات (غۇنچەمنى غازاڭنىڭ ئۇستىگە تاشلاپ، مەيدىسىگە بىر - ئىككىنى دىسلاۋېتىدۇ. ئۇ، ھۇشسىز بولۇپ ياتىدۇ.)

پاتەمخان: غالجىرئىت. (سىيىتنىڭ كاچىتىغا بىر شاپىلاق ئۇرۇدۇ.)

سىيىت: ۋاي، ۋاي، ۋاي ياڭغىم. ۋاي دەللە.(پاتەمخاننىڭ ياقىسىنى سىقىپ.) ئۇرۇشنى بىلمەيدىكەنسەن. دەللە، مانا، مانا (مۇشلاۋاتقاندا مەشرەپ چىقىدۇ.)

مەشرەپ: ھوي ماڭقا، ئاپامنى قويۇۋەت. (نوختا بىلەن سىيىتنى ئۇرۇپ، ئاجرىتىپ ئىتتىرىۋېتىدۇ، سىيىت ژىقىلىدۇ.)

سىيىت: (ژىغلامسىراپ.) توختاپ تۇر، سەن خۇمسىدىلارنىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئالمىسام.

پاتەمخان: خۇدا جاجاڭنى بەرسۇن زالىملار!

سىرتتىن شاڭيو بىلەن باستىنىڭ ئاۋازى كېلىدۇ. پاتەم بىلەن مەشرەپ چوچۇپ قالىدۇ.

شاڭيو: باسىت ماڭقا قارا! ھېلىقى ياقۇپنىڭ سېتىلغان

هارۋىسىنىڭ پۇلىنىمۇ قوشۇپ ئەپكەل.

باسىت: بولۇدۇ، بولۇدۇ شاكىيوكا.

شاكىيو: (كىرىدۇ.) يەنە نىمە گەپ؟

سىيىت: ماۋۇ قەلەندەرلەر ئىككىسى بىر بولۇپ مىنى ئۇر-
رۇۋاتىدۇ.

پاتەمخان: ھۆرمەتلىك شاكىيوم! ماۋۇ بىچارە ئاجىزنى
كورسىلە. (غۇنچەمنى كورسۇتىدۇ.) ھاي بالام ئۇنداق قىلما،
ئۇگال بولۇدۇ دېسەم ئۇنۇماي كىسەلنىڭ دەستىدىن ئاران
تۇرغان بالىنى بوغۇپ، پىشايىۋاندىن تاشلىۋەتتى. سورەپ
ژۇرۇپ، دىسلاپ، مۇشۇ ئەھۋالغا كەلتۇرۇپ قويدى،قارىسىلا.

شاكىيو: (سىيىتقا.) نىمشكە ئانداق قىلىسەن؟

سىيىت: مىنىڭ ئورۇن-كورپەمنى بۇ كىسەلگە سېلىپ
بېرىپ ئىپلاس قىلىۋېتىپتۇ. ئېلىۋالاي دېسەم باشلىرىمغا ئېتىپ
تىللاۋاتىدۇ.

شاكىيو: كىم ياستۇق قويۇپ بەردى. (پاتەمخانغا.)
سەنمۇ؟

پاتەمخان: يوغسۇ، مەن ئەمەس، شەرۋانەمنىڭ رەھمى
كېلىپ قاپتىكەن، ئوزى بۇيرۇق قىلدى.

شاكىيو: ئىززىتىنى بىلمىگەن بۇ ھارامزادە، قولغا كەل-
گەن بەخت-سائادىتىنى ئوزى ئاياق ئاستى قىلدى. «ئىت
ۋاپا، خوتۇن جاپا» دېگەن مانا شۇ. بۇنىڭغا قىلىدىغان رەھىم-

نى ئىتقا قىلىش كېرەك.

پاتەمخان: (چەتكە قاراپ ئوز ـ ئوزىگە.) قاغا ـ قاغىنىڭ كوزىنى چوقۇمايدۇ.

سىيىت: ماۋۇ دەلىلە بۇنىڭغا بولۇشۇپ، (غۇنچەمنى كورسۇتۇپ.) تېخى بىزنى زالىملار دەۋاتىدۇ.

شاكىيو: زالىملار! ھىم...سەن لالمى خوتۇنىڭمۇ نىيىتى بۇزۇق. (قولىنى غۇنچەمگە شىلتىپ.) مانىڭغا ئوخشاش ئېرىگە خىيانەت قىلىدىغان. (پاتەمخانغا شىلتىپ.) ساڭا ئوخشاش ناپاك خوتۇنلارنىڭ قەدىمى تەككەن يەردىن بەركەت ئۇچۇدۇ. يوقال مېنىڭ ئويۇمدىن. (مەشرەپكە.) سەن رودۇپايمۇ ئاناڭ بىلەن چىقىپ كەت بۇيەردىن (سىيىتقا) نەرسىلىرىنى ئەچىقىپ تاشلا. (سىيىت ئىچكىرىگە ماڭىدۇ. شاكىيو ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ كېتىپ بېرىپ.) ئىلگىرى ـ كېيىن مېنىڭ ئويۇمگە قەدەم باسقۇچى بولما تۇزكور قىلىدىغانلار.

مەشرەپ: ئەمدى سېنىڭ ئويۇڭگە قەدەم باسقىچە، بىراقلا دوزاققا قەدەم بېسىش كېرەك.

پاتەمخان: توۋا ناپاك خوتۇنلار دېگىنىنى قارا. ئويۇڭگە بەركەت كىرگۇزۇدىغان پاك خوتۇنلار شەرۋان ئاغچىكەندە.

مەشرەپ: مەن شەرۋانىنىڭ قانداق خوتۇنلىغىنى بىلىمەن. ئۇنىڭ ئىپلاسلىقلىرىنى ياللىداپ تۇرغان ئالتۇنلار يېپىپ تۇرۇدۇ.

پاتەمخان: (غۇنچەمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ چۇگۇلغان چاچلىرىنى تۈزۈتۈپ مەيۈسلىنىدۇ.) ئىسست ئىككى ــ چاقسىنى يوق قىزىم.

سىيىت بىر ئەسكى خۇرجۇن، بىر كونا، ئەسكى كورەك جۇگا، بىرجۈپ چورۇق كوتۈرۈپ چىــقىپ، مەشرەپنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىدۇ.

سىيىت: ئاله، لاقا ــ لۇقاڭنى قەلەندەر. (قايتىپ كىرىپ كېتىدۇ.)

مەشرەپ نەرسىلىرىنى خۇرجۇنغا تىقىپ، غۇنچەمنىڭ يېنىغا بېرىپ بېشىنى تۆۋەن سالغان هالدا جىم تۇرۇدۇ.

پاتەمخان: ئەجەپ خورلاندىڭ ئېقىلــلىق قىزىم. چىــرايلىق، سۇمباتلىق، قارا كوزۇم. ماڭا بىر قارىغىنا! بىزدىنمۇ ئايرىلىدىغان بولدۇڭ. كوزۇڭنى ئاچقىنا دىدار كورۇشۇۋالايلۇق. (كوزىدىن ياش كېلىدۇ.)

شاڭيو: (ئىچكىرىدىن ئىشىك ئالــدىغا چىقىپ.) هاي لاللىلار! ئىتمۇ چاغ دېسە كېتىدۇ. نىمە بېزىرىپ تۇرۇشسەن بۇيەردە. كەت دېگەندىن كېيىن كېتىشمەمسەن.

مەشرەپ: (پاتەمخاننىڭ يېڭىدىن تارتىپ،) جۇر ئاپا، ئون نەچچە ژىل ئىشلەپ، ئاخىرى ئىتقا ئايلىنىپتىمىز كېتەيلى.

شاڭيو: تەنە گەپ قىلماي يوقال هارامزادە.

مەشرەپ بىلەن پاتەمخان كېتىشكە هازىرلىنىدۇ.

مەشرەپ: شۇنچە ژىل ئىشلەپ قۇرۇق قول بىلەن چىقىپ كېتىمىزمۇ شاڭيوكا.

شاڭيو: (ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ.) نىمە؟ نىم بولدۇڭ؟

مەشرەپ: ھەققىمىزنى بەرمەمسىز.

شاڭيو: گېلىڭگە تاماق بېرىپ، ئۇچاڭغا كىيىم بېرىپ، چوڭ قىلىپ قويغۇنۇم ئۇچۇن يەنە ھەق سورىماقچىمۇ سەن مۇتەھەم. ھازىر يوقال! بولمىسا كورگۇلۇگۇڭنى كورسۇتۇمەن.

مەشرەپ بىلەن پاتەمخان مەيۇسلىنىپ ماڭىدۇ. چىقىپ كېتىۋېتىپ پاتەمخان غۇنچەم تەرەپكە قارايدۇ.

پاتەمخان: خوش بىچارە قىزىم. ئامان بول. سېنىڭ بىلەن بىزنىڭ كۇنىمىزمۇ تۇغار...!

شاڭيو: يوقال دېدىم، يوقال! (پاتەمخان، مەشرەپ چىقىپ كېتىدۇ.) ساڭا ئوخشاش يالاڭغىداقلاردىن بىرى كەتسە مىڭى كېلىدۇ. بەچچىغەرلەرنى قارا تېخى! خېلى بىر نىمە دېگۇسى بار. (ئوز ـ ئوزىگە.) «ئادەم بالىسىنى باقساڭ ئاغىز ـ بۇرنىڭنى قان ئېتەر، ھايۋان بالىسىنى باقساڭ ئاغىز ـ بۇرنىڭنى ياغ ئېتەر» دېگەن راس گەپتە. (ئويگە كىرىپ كېتىدۇ.)

شەرۋان: (كىرىپ غۇنچەم تەرەپكە قاراپ) ئەۋۇشورۇڭ قۇرۇغۇر ئەمدى ئۇيەرگە بېرىپ يېتىپتۇدە. (ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىدۇ.)

مۇزىكا قايغۇلۇق ئويناپ تۇرىدۇ. ئاستا ـ ئاستا كەچ كىرىپ، ئاسماندا ژۇلتۇزلار، كېيىن ئاي كورۇنىدۇ. شامال چىقىپ قارا ياغاچتىن

غۇنچەمنىڭ ئۈستىگە غازاڭلار چۈشۈدۇ. ۋىراقتا ئىتنىڭ ئەندىشىلىك ھۇۋ-لىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. غۇنچەم چاچلىرى چۇگۇلغان، كوزلىرى قورقۇ-نۇچلۇق تۇس ئالغان ھالدا بېشىنى ئاستا كوتۇرۇپ ئەتراپىغا ئەنسىزلىك

بىلەن قارايدۇ.

غۇنچەم: سۇ، سۇ! (كالپۇكلىرىنى يالاپ قولىنى سوزۇدۇ، يەنە بېشىنى يەرگە قويۇدۇ.)

سىرتتا ئات چېپىپ كەلگەن تاۋۇش ۋە ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىنىپ، دەرۋازا قېقىلىدۇ. ئىچكىرىسىدىن سىيىت چىقىدۇ.

سىيىت: كىم، كىم ئۇ؟

ئاۋاز: (سىرتتىن.) بىز-بىز. دەرۋازىنى ئاچ.

سىيىت: بىز... كىم سىلەر؟ بۇ كېچىدە نىمە ئىشىڭلار بار بۇيەردە؟

ئاۋاز: بىز يامۇلنىڭ كىشىلىرى زورۇر ئىش بىلەن كەلدۇك.

سىيىت دەرۋازىنى ئاچىدۇ. مىلتىق، قىلىچ ئاسقان ئىككى يايى كىرىدۇ

1-يايى: شاڭيوكام بارمۇ؟

سىيىت: بار.

1-يايى: قىچا-قىچا.

سىيىت: ۋاي-ۋۇي، نىمانچىلا ئالدىراش. (ئويگە كىرىپ كېتىدۇ.)

2-يايى: شاڭيوكامنىڭ ھېلىقى ئەكە ئوغلى شۇمۇ-ھە؟

1 ـ يايى:  ھەئە، ئاتازا سەرمەس بىر نەرسە.

2 ـ يايى:  قازاقىنىڭ ئاۋۇلىدىن ھېلىقى ئۈچى بىلەن باغلاپ ئەكەلگەن چىرايلىق قىزنى شۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەن ئەمەسمۇ؟

1 ـ يايى:  تېخىلا شۇنىڭ كاشىلىسىنى تارتىۋاتىمىز.
شاگىيو بىلەن سىيىت چىقىدۇ.

شاگىيو:  ھە، بۇ كېچىدە يەنە نىمە گەپ؟

1 ـ يايى:  نۇر ئىككى ئاغىنىسى تۇرغان، ئاماننا يىلار بىلەن يامۇلدىن قاچتى.

شاگىيو:  قاچتى، مانا قارا! قاچان؟

1 ـ يايى:  بۇگۈن ئىككى كۈن بولدى، 7 ـ 8 ئادەم ئىستەپ ژۈرۈمىز.

شاگىيو:  شۇنداق چىڭ يامۇلدىن قانداق قاچالايدۇ ـ ھە؟

1 ـ يايى:  ئۇلارنى يولىگە ئوتكۈزۈپ، سى لو يىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، ئۇ، سەل بوش تۇتقانغا ئوخشايدۇ.

شاگىيو:  مانا، لوزۇڭ بېگىمنىڭ كوزىدىن نېرى بولغان ئىش مۇشۇنداق بولۇدۇ.

2 ـ يايى:  بېگىم بۇ توغۇرلۇق دارىنغا ئېيتىپ، سى لو يى بىلەن ئاچچىغلىشىپ قالدى.

شاگىيو:  ئەمدى قانداق قىلدۇق، بۇ كاساپەتلەرنى.

1 ـ يايى:  بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا بۇ ئوغرىلار بۈگۈن

كەچقۇرۇن مۇشۇ مەلە تەرەپكە ئوتۇپ كېتىپتۇ.

شاڭيو: مۇشۇ مەلىگە؟

1-يايى: ھەئە، كورگەن كىشى بار. شاڭيوكا ئەللىك بېشلار ياردەم قىلمىسا، ناھايىتى ئاۋارە بولۇپ كەتتۇك.

شاڭيو: (سىيىتقا.) ژۇگۇ ماۋۇ ژىگىتلەرنى باستىنىڭگە باشلاپ بار. ئون بېشلىرىنى ژىغىپ مەلىنىڭ پۇتۇن ئەتراپىنى ئىستىشىپ بەرسۇن. (يايىلارغا.) ئەزىمەتلەر، غەيرىتىڭلەر كام بولمىسۇن. قاچقۇنلارنى نەدىن بولسا تېپىڭلار. خىزمەت ھەققىڭلەرنى دىگەندەك بېرىمەن.

1-يايى: بېگىمنىڭمۇ تاپشۇرۇغى قاتتىق، بۇگۇن نەدە بولمىسۇن قولغا چۇشۇرمىسەك بولمايدۇ.

سىيىت بىلەن ئىككى يايى چىقىپ كېتىدۇ.

شاڭيو: بۇ نىمە دېگەن ئەنسىزچىلىك، ھە. (غۇنچەم تەرەپكەقاراپ.) ھەممە بالا سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بولۇۋاتىدۇ. (ئويگە كىرىپ كېتىدۇ.)

غۇنچەم: ھە...ھە...ھ...م، ھە...ھىم...! (ئاستا بېشىنى كوتۇرۇپ ساكرات ھالىتىدە ئىككى قولى بىلەن توزغان چېچىنى قارمايدۇ.)

نۇر باغ تەرەپتىن مارلاپ كىلىدۇ.

نۇرۇم: كىم بار بۇ يەردە؟

غۇنچەم: ئاھ...ھىم...نۇرۇم!... (بىر قولىنى سوزۇدۇ.)

نۇرۇم: غۇنچەممۇسز؟ (غۇنچەمنىڭ بېشىنى مەيدىسىگە بېسىپ سىلايدۇ. جېنىم غۇنچەم، سىزنىڭ تارتقان ئازاۋىڭىزنى پاتىمدەمدىن ئاڭلىدىم. (ئاي بىر پارچە بۇلۇت ئاستىغا كىرىدۇ.) لاپاستىكى بىدىگە ئوت قويۇۋەتتۇك، بۇ ئىلان ـ چايانلارنىڭ ئۇگىسى كويۇپ كۇل بولۇپ كەتسۇن. مەن سىزنى ھاپاش قىلىپ ئېلىپ كېتىمەن. ماڭاقاراڭ، كوزىڭىزنى ئېچىڭ غۇنچەم. (غۇنچەمـ نىڭ بېشىــنى كوتۇرۇپ قاراپ، جان ئۇزگەنلىگىنى بىلىدۇ. مۇزىكا قايغۇلۇق ئوينايدۇ، ھەيرانلىقتا قالىپغىنى ئېلىپ، غۇنچەمـ نىڭ بېشىغا قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇدۇ، تۇرغان بىلەن ئامانتاي قوللىرىدا پىچاق تۇتقان ھالدا نۇرنىڭ يېنىغا كېلىدۇ.)

تۇرغان: نىمە بولدى؟

نۇرۇم: مېنىڭ قۇچۇغۇمدا جان ئۇزدى. (ئۇچى بېشىنى توۋەن سېلىپ جىم تۇرۇدۇ.) ئىسسىت ئېچىلماي توزغان غۇنچەم.

ئامانتاي: چەنچىلگەن غۇنچا.

تۇرغان: ئىنتىقام ئېلىش كېرەك، ئىنتىقام!!...

ئۇچۇلىسى پىچاقلىرىنى ئىگىز كوتۇرۇپ غەزەپ بىلەن قارايدۇ. سەھنىنىڭ ئوڭ تەرەپ ژۇقۇرىسىدىن ئوت يالقۇنى چىقىدۇ.

پەردە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# توي

(ئۆزگۆرۈۋاتقان يېزا)

# قاتناشقۇچىلار

هاشىم ئاخۇن ــ ئوتتۇرا دېھقان 50 ياش.

تۇنسا ــ هاشىم ئاخۇننىڭ خوتۇنى » 45

ئابلىكىرىم ــ ئاگرو تېخنىك، هاشىم ئاخۇننىڭ ئوغلى » 22

خەيرنىسا ــ كوئوپېراتىۋنىڭ ئاكتىۋ ئەزاسى » 18

رېھىم قادىر ــ پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى » 35

ئابدىرىشىت ــ كوئوپېراتىۋ مۇدىرى » 38

تۇخان
سادىق } ــ كوئوپېراتىۋ ئەزالىرى.
ئىمىن

تۇرداخۇن ــ باي دېھقان 50 ياش.

نىياز ــ تۇرداخۇننىڭ ئوغلى » 25

رايون سەنئەتچىلىرى، دېھقانلار ۋەكىللىرى، كادرلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# بىرىنچى پەردە

ئوتتۇرا دېخان ھاشىمنىڭ ھويلىسى، سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپى ئوگزىلىك تام، سەككىز قىرلىق دۇگىلەك كىرىش ئورنى. ئارقى پەشەيۋان. ئۇنىڭ پەنجىرلىرى كورۇنۇپ تۇرۇدۇ. سول تەرەپتىكى باغچىدا ئەنجۇر، ئۈزۈم بارىكى.

پەردە ئېچىلىشتىن ئاۋال ئۇمۇمىي ناخشا ئېيتىلىدۇ.

ناخشا

يېزىمىز ئاۋات بولدى،
كوڭلىمىزمۇ شات بولدى.
ئىشلە ئىشچى — دېخانلار،
ھەجەپ ئوبدان زامان بولدى.

ئالغا، ئالغا باسىمىز چامداپ،
ئالغا، ئىشلەشكە قەدەم تاشلاپ.
ئەمگەك بىلەن ئورلەيمىز،
كۇندىن كۇنگە گۇللەيمىز.

پەردە ئېچىلغاندا تۇنسا بىرسېۋەتتە ئېچىلمىغان كېۋەزنى ئويدىن كوتۇرۇپ چىقىدۇ، ھاشىم قولىدا ياغىلىق قاۋاق، مۇرىسىدە كەتمەن كوتىۇرۇپ خاپا ھالدا ئېتىزدىن كېلىدۇ.

تۇنسا: بۇگۈن ھال چۈشكەن بۇغدايلار قانداغراق؟

ھاشىم: نىمە تەغدىركىنتاڭ، كوپىيۇۋاتقاندەك كورۇنىدۇ-ئوزى. سوۋۇق چېپىك بولسا ئەكە، ھەجەپ ئۇسسىدى كىشى.

تۇنسا: (ھېجىرداسوۋۇق چاي سۇنىدۇ.) بىزنىڭ بۇغدايغىمۇ ھال پەيدا بوپتۇ، بۇنىڭغا قانداق چارە قىلىمىز دەپ، كادرلاردىن مەسلىھەت ئالساق ياخشى بولاتتى.

ھاشىم: قانداق چارە قىلىشنى ئوزەم بىلمەن.

تۇنسا: ئەرۋالارغا ياغ پۇرىتىمەن دەپ ئويدىكى ياغنى شامالغا ئۇچۇرۋېتىپ كەلدىلە.

ھاشىم: شامالغا ئۇچۇرۇۋېتىپ؟! (بېشىنى لىڭشىتىپ.) ھىم... مانا گەپ... مانا قارا! سەنمۇ تولا بىمەنە گەپ قىلىدىغان بولدۇڭ، ئوزى. شۇنىڭ كاساپىتىدىن توقۇناق بالا، ئىلمەك قازا ماڭا تەككىلى تۇردى. بۇغدايغا ھال چۈشكەنىنى ئاز دەپ، ئاخشامقى جۇدۇندا كېۋەزمۇ كاردىن چىقىپتۇ.

تۇنسا: ھەمممىسىمۇ؟

ھاشىم: ھە، مانا بۇنىڭدىنمۇ ئادا بولدۇق. ئاق قۇناق تېرىيدىغان يەرنىڭ ئوسسى كېلىشىپ قالدى. ئۇنىڭغا قوش سالاي دېسەم، خۇدا ئۇرغاننى خۇداۋەردى قوشلاپ ئۇرۇپتۇ

دېگەندەك ، ئوزى ، ئىككى كالىنىڭ بىرسى ئۆلۈپ ، ئىشىمىز توختاپ قالدى.

تۇنىسا : شۇنداق ئېغىرچىلىقتا قىلىۋاتقانلىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ، كېچە ـ كۈندۈز باش كوتەرمەي ئىشلەۋاتقان رودىنىمۇ قوغلاۋەتتىلە.

هاشىم: بولدى سەنمۇ ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپمە. باللىرىڭ دېگەن يېرىمدىن چىقمىدى ، ئوزى.

تۇنىسا: توۋا قويىنىڭ قوزىسىدەك يۇۋاش باللار بىلەن پېتىشمايدىلا ، سىلىگە كىم يارايدىكىنتاڭ.

هاشىم: هەر ئىشنىڭ يولى بار. ئوزەم بىلمەن.

تۇنىسا: بىلگەنلىرى شۇمۇ؟ ۋاي تۇرداخۇن بىزگە ياندىقتا بىر ئۆي بىرىپ تۇرۇدىغان بولدى ، يەرنى هەممىدىن بۇرۇن بىز هايداپ بولۇمىزدەپتىلا ، قېنى بەرگەن ئۆيى؟ ئەرتىيازدىلا كوئو پىراتنۇقا كىرىپ كەتسەك بۇنداق ئەهۋالغا قالمايتتۇق.

هاشىم: بىرگەپنىڭ ئىككىسى بولسا ، ئوزى ، كەپىراتىۋ ـ پەپىراتىۋ دەيدىغان نىمىكە نىسەن. كورۇپ قالىمىز كەپىرا- تىۋنىڭ كۈزدە ئالىدىغان هوسۇلىنى. ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ كەپىراتىۋ بولماي دىخانچىلىقنى قىلىپ كەلگەنغۇ ، بىز ئوزى.

تۇنىسا : دىخانچىلىق قىلدىم دىسە بولامدۇ؟ دىخانچى- لىقتا دىخانچىلىق باركەن.

هاشىم: هە ، باركەن. نىمە قىپتۇ ئۇلار؟ ئوزى.

تۇنسا: تووۋا! كوزلىرى كورمەيۋاتامدۇ، نىمە قىلىۋاتـ قىنىنى؟ بىز تېخى ئىككى مويەرنى ساپان بىلەن سىجالمايۋاتـ قاندا، كوئوپېراتىۋ ئەزالىرى سوقا بىلەن يەرنى ئىككى ئاغدۇـ رۇپ ھەر مو يەرگە سەكسەن تاغاردىن ئۇغۇت چېچىپ قىرىق مويەرگە ئاق قۇناق تېرىپ بولدى.

ھاشىم: تاغىل ئۇينى ھېلىقى روزى دېگەن بەغەرىڭىزنىڭ، ئوزى، ئولتۇرۇپ قويىمغان بولسا، مەنمۇ ئاللىقاچان تېرىپ بولاتتىم.

تۇنسا: كېسەلدىن ئولگەن كالىنى تېخىلا روزىدىن كورۇۋېرەمدىلا.

ھاشىم: ئۇ بەغەرەز، كالىنىڭ تىلىغا راسا كېلىشتۇرۇپ ئۇرـ غان، شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام بولغان، ئوزى.

تۇنسا: ھېچ ۋاختتا ئوزىنىڭ پۇتىغا ئوزى كەكە چاپىـ لدىغان بالا ئەمەس. «ۋاي باللىرىم قېنى ئىشلەيلى»دەپ قويـ سىلا قېرىغاندا قوللىرىنى سوۋۇتىدىغان ماناشۇ ئەمەسمىدى. روزىنى بەغەرەز، ئابدىكېرىمنى ئەپەندى مىجەز دەپ چىشىغا تېگىدىلا.

ھاشىم: ئاۋال سېنىڭ باللىرىڭ مېنىڭ چىشىمغا تەگمەـ سۇن ـ دە، ئوزى.

تۇنسا: تووۋا! ئۇلارسىلىنىڭ چىشلىرىغا تەككىدەك نىمە ئىش قىلدىكىنتاڭ...؟

هاشىم: مېنىڭ گېپىمگە قارىغاندا، ئوزى، ئۇلا تۇلاراق سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايدۇ. ئاۋۇ ئابدىكېرىمگە نەچچە قېتىم ئېيتتىم. دىخانچىلىققا قالغانلىرىمىز يېتىشمەيدىكەنمىز. سەن خېلى ئوقۇدۇڭ، ئوزى. قولۇڭدا خېتىڭ بولغاندىن كېيىن ئەپلەپ بىرتىجارەت قىل دېسەم، يەنە ئوقۇيمەن، كادىربولۇمەن دەپ، 6 ئاي بولدى شەھەردە بىكار ئاۋارە بولۇپ ژۈرۈدۇ.

تۇنىسا: بىزنىڭ بارىمىزدا ئوقۇپ كادىر بولىۋالسا، ئوبىدان ئەمەسمۇ. كىمنىڭ بالىسى دېسە، پالانچىنىڭ بالىسى دېسە كوڭلىمىز تاغدەك ئوسمەمدۇ.

هاشىم: ئۇنداق قۇرۇق ئابرويىڭنى نىمە قىلىدۇ، ئوزى. تۇرداخۇننىڭ ئوغلى نىيازغا قاراپ باقمىنا. ئانچە ـ مۇنچە تىجارەت قىلىۋاتىدۇ، مانا شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئويىدە 5 ـ 6 مىللىون پۇلى كېمىمايدۇ.

تۇنىسا: تووۋا! ئىككى ژىلدىن بېرى يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىپ، يەرئىسلاھاتى بولۇپ ئوتتى. يېرىڭلا كامراق دەپ، ئوتتۇرا دىخان بولساقمۇ تورت مويەر بەردى. زومىگەرلەرگە قارشى كۈرەشنى كوردىلە. يەنە سىلىنىڭ بۇرۇنقىلىرى تەۋرىمەيدىغۇ؟ تۇردى ساختىدەك باي دىخانلارنىڭ، پومېششىكلارنىڭ گېپىنى قىلىدىلا. شۇلار قىلىپ ئوتكەن ئىشلاردىن قىلغىلىرى كېلىدۇ.

هاشىم: پاھ...سېنىڭ چۈشۈنۈپ كەتكىنىڭنى قارا. ماڭا

دەرس بەرگىدەك بوپسەن ــ دە تېخى؟! هوي، تۇرداخۇن ئانداق ئادەم، مۇنداق ئادەم دەيسەن، ئۇنىڭ بىزگە نىمە يامانلىغى تەگدى، ئوزى. «بارنىڭ مايىغى، يوقنىڭ تايىغى». يېرىگنى هايدالمىغان بولساڭ ياندىقا بىر ئۇي بېرىپ تۇراي تەگشىلىپ كېتەر دېدى، ئەمدى ساگا نىمە قىلىپ بەرسە بولاتتى، ئوزى؟

تۇنىسا: كورەمىز ئۇنىڭ بىكاردىن بىكارغا قوش كالا بېرىپ تۇرغىنىنى. سىلە تاش سانىغىچە ئۇ قۇم سانايدۇ. خەقلەر بىر ئوبدان هەمكارلىشىپ ئىشلەۋاتىدۇ. بىز تېخىچە باي دىخانلاردىن مەدەت كۇتۇپ ژۇرىمىزمۇ؟

هاشىم: سەپرايىمنى ئورلۇتۇپ مەن بىلەن تولا تاكاللاشمساڭ بولامىكىن، ئوزى. (ئاز توختاپ.) جۇگۇ ئوت ئەكە. ئوزىمىزنىڭ كالىسىنى ئوبدانراق بېقىپ تۇرىلى.

تۇنىسا: (ئوتىغۇچ بىلەن سېۋەتنى ئېلىپ، دارىتىپ گەپ قىلىدۇ.) گەپچىڭ كەلسە سەپرايىمنى ئورلەتمە دەپ قورقاتماقچى بولۇدۇ. خوتۇنلارنى بوزەك قىلىدىغان ۋاخ ئوتۇپ كەتكەن ئەمدى. (چىقىدۇ.)

هاشىم: خوتۇنلا ئەرلەر بىلەن هوقۇقتا باراۋەر... هىم... مانا! مۇنداق گەپلەر خوتۇنلارغا بەك ياراپ كەتتى. مەجلىس دېسە هەممىدىن ئاۋال ژۇگرەيدۇ. ئوگۇنۇش، تەنقىت، هەمكارلىشىش، كەپسرا تسىيەلشىش... مانا يېڭى گەپلەر... بۇنىڭ

ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ، ئۆزى. ئۇنى كىسىم بىلىدۇ. (ناس چېكىدۇ. ساقىلىنى تۇتۇپ خىيال سۈرۈۋاتقاندا سىرتتىن نىياز-نىڭ تووۋلىغان ئاۋازى كېلىدۇ.)

نىياز: ھاشىمكا... ھاشىمكا!...

ھاشىم: ھەي، نىيازمۇ سەن؟ كەل، كەل! بۇياققا كەپسەڭچۇ؟

نىياز سالاملىشىپ پېشەيۋانغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ.

نىياز: ئەمدى بىر ھاجىتىمىز بار ھاشىمكا، شۇنىڭغا سىلىنى بىرەر مەسلىھەت بېرەمدىكىن دەپ كەلدىم.

ھاشىم: ئېيتە قېنى، قولىمىزدىن كەلسە، بىزمۇ ياردەملىشەرمىز، ئۆزى.

نىياز: ئەمدى ھېچ كىشىگە ئېيتماپتىم. سىلىگە كۆڭلۈم يېقىن، ئېيتمىسام بولمايدۇ.

يا ئۆزىڭ...

ھاشىم: ھە، ھە، دەۋە!

نىياز: (كۆڭلى يۇمشىغان ھالدا.) خۇدا بەندىسىگە شۇنداق ئوتنى سېلىپ قويىدىكەن ھاشىمكا. (كۈلۈپ.) خەير نىساغا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى. ئۆزىگە بىر گەپ قىلىپ باقاي دېسەم، ھېچ پېتىنالمىدىم. ئۇ قىزنى ئېتىزلاردا كۆرسەم ئىشتىن باش كۆتەرمەيدۇ. مەلىدە كۆرسەم ئۇياق-بۇياققا قارىماي ئالدىراپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

هاشىم: كورە سىنى. شۇنىڭغا كوزۇڭ چۈشۈپتۇ ـ دە، ئوزى.
ئا، ئۇنىڭغا بىركىشى قويۇپ باقساڭ بولامدۇ، ئوزى.

نىياز: ھازىرقى كۈندە قىزنىڭ كوڭلى بولمىسا، پەتتە بەرمەيدىكەن. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن قىزنى قولغا كەلتۈرۈش تەس بولۇۋاتىدۇ.

هاشىم: پۇلنى ئايىماي خەجلىسەڭ بىر ئىش قىلغىلى بولىدۇ، ئوزى. پۇل ـ چىمەندە گۇل ئەمەسمۇ؟ ھەر بازارنى ئالا قويماي يورغىلايسەن، پۇلنى خېلى تاپقانسەن.

نىياز: بازارغا ماتا، ياغ ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇنى چىگىت، قىچىغا ئايلاندۇرۇپ ماي تاتقۇزىمىز. ئۇنىڭدىن چىققان كۇنـ جۇردا قوي بوداپ كوزىنى پوزا قىلىپ دېگەندەك...

هاشىم: ئۈچۈغراق ئېيتقىنا، مۇشۇ كۈندە سودىگەرچىلىكـ تىن پايدا ئېلىۋاتامسەن، ئوزى؟

نىياز: ئەپلەپ، سەپلەپ بىر ئىش قىلساڭ يامان ئەمەس بولىدۇ. ئەمما تەمىنلەش، سېتىپ ئېلىش دېگەن بىر نىمە چىقتى. ئوزەڭ بىلگەندەك ئېلىپ، سېتىشقا تازا كاشىلا بولۇۋاتىدۇ.

هاشىم: ھىم... بۇمۇ يېڭى گەپ.

نىياز: باجمۇ ئېغىر، ئۇنى ساختا قىلىشمۇ تەس بولۇپ قالدى. دىخانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلايمىز دەپ چۈشەنـ دۈرۈۋاتىدۇ. لېكىن سودا ـ سېتىقنى ئوزىگە قارىتىۋېلىۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ھاشم: چۈشەندۈردۈ، چۈشەندۈردۈ. پۇل بولمسا، كەپىراتىۋمۇ بىكارغا بەرمەيدۇ ــ دە، ئوزى. (نىياز قوينىدىن تاماكا خالتىسىنى ئېلىۋاتقاندا ياغلىققا ئورالغان بىر نەرسە چۈ ـ شۈپ كېتىدۇ.) نىمە ئۇ پۇلما؟

نىياز: ياق، باشقا نەرسىدى.

ھاشم: (ياغلىقنى ئېچىپ كۆرۈپ.) ناۋات بىلەن قات ـ لىما يەيدىكەنسەن ــ دە، ئوزى. مەن تېخى ھاشمكام ئېغىر ـ چىلىقتا قاپتۇ، ياردەملىشىنى دەپ ئەكەلگەن پۇلمىكىن دەپتىمەن.

نىياز: (تاماكا ئوراپ.) ئەمدى راستىنى ئېيتسام ھاشمكا...

ھاشم: ھە، ئېيت دېدىمغۇ، ئېيتە؟!

نىياز: ھۈشۈر داخانىغا بىر مۇنچە پۇل بېرىپ، خەيرىنساغا ئىستىقۇ قىلغۇزغانتىم، بۇنى قانداق بېرىشنى بىلمەي ژۈرۈ ـ مەن. ئاڭلىسام خەيرىنسا تۈنىسا ئاچامغا يېقىن ئىكەن. سىز تۈنىسا ئاچامغا ئېيتىپ، مۇشۇنى يەتكۈزۈپ بېرەمدىكىن، دەپ كېلىۋىدىم.

ھاشم: ھازىر تۈنىسا ئاچاڭ، مەن نىمە دېسەم شۇنى قىلىۋېرىدىغان يەردىن ئوتۇپ كەتتى، ئوزى.

نىياز: ئىككى مومىن بەندىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇش ساۋاپ ئىش بولغاندىن كېيىن، تۈنىسا ئاچامۇ ماقۇل دەر، ئەلۋەتتە.

هاشىم: هازىر تۇنسا ئاچاڭ سوۋاپنى مەجلىستىن تاپىدۇ، ئوزى.

نىياز: قانداق قىلسام بولار ئەمىدى. بىزمۇ سىلەرنىڭ بىرەر هاجىتىڭلاردىن چىقىپ قالاردۇق. بىر ئامال قىلمامسىز هاشىمكا.

هاشىم: بولۇپتۇ، قويۇپ كەت، بىرگەپ بولۇپ قالار.

نىياز: رەخمەت هاشىمكا.

هاشىم: سەنمۇ قۇرۇق رەخمىتىڭنى قوي، ئوزى. داداڭ ۋەدە قىلغان ئۇيىنى ئەرتە بېرىپ تۇرسۇن، هە، ـ هەدەپ بىر ئىش قىلمامسەن.

نىياز: بولدى ـ بولدى هاشىمكا، ئۇنىڭدىن غەم قىلما.

هاشىم: بىر ـ بىرىمىزگە هاجەت چۈشتى دېگەن ماناشۇ، ئوزى.

نىياز: ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە. مەن دادامغا دەپ ئەتىگەنـ لىككە كالىنى ئوزەم ئەكىلىپ بېرەي. (خوشلۇشۇپ چىقىدۇ.)

هاشىم: مانا بۇ ياخشى بولدى. مۇشۇ بانا بىلەن كالىسىنى هەقسىز ئىشلىتىپ يەرنى هايدىۋالىدىغان بولدۇم. كەپىراتىۋقا كىرگەن بولسام، مۇنداق بىكار پايدا نەدە.

ئويگە كىرىدۇ. تۇنسا ئوت توشقۇزۇلغان سىپۋەتتى كوتۈرۈپ كىرىپ، باغ تەرەپكە كېتىدۇ. تاشقىرىدىن خەيرىنسانىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

خەيرىنسا: تۇنسا ئاچا! خوش خەۋەر.

www.uyghurkitap.com

تۇنسا ئالدىراپ ئوچۇق ئىشىك ئالدىغا كېلىدۇ.

تۇنسا: هە، خەيرنىسامۇ سەن؟ نىمە خوش خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟

خەيرنىسا: (مۈرىسىدە كەتمەن، يېرىم كورۇنۇدۇ.) ئابدىكېرىم ئاكام كەلدى.

تۇنسا: ۋاي جېنىم بالامەي، قېنى نەدە قالدى؟

خەيرنىسا: كوئوپېراتىۋقا چۈشكەنتى، هېلى كەلگىلى قالدى.

تۇنسا: نىمىشكە ئويگە چۈشمىگەندۇ. (تاشقىرىغا چىقىپ كېتىدۇ.)

هاشىم ئويدىن چىقىدۇ.

هاشىم: هوي تۇنسا، نەگە كەتكەندۇ، هېلى پاراڭلىشىۋاتاتتى بۇ نىملە، يەنە بىر يېڭى گەپ تاپتىمۇ نىمە؟

ئابدىكېرىم دالاسومكىسىنى كوتۇرۇپ كىرىپ، هاشىم بىلەن ئىككى قوللاپ كورۇشىدۇ.

ئابدىكېرىم: سالامەت تۇرامسىز دادا.

هاشىم: خۇداغا شۈكرى، هە ئوزەڭ ئوبدان تۇردۇڭمۇ؟

ئابدىكېرىم: ناهايىتى ياخشى.

تۇنسا خۇرجۇن كوتۇرۇپ كىرىدۇ. خەيرنىسا ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ قالىدۇ.

تۇنسا: ئويگە كىر خەيرنىسا.

خەيرنىسا: خوش، مەن ياناي، ئالدىراش ئىشىم بارئىدى.

تۇنسا: كىرمسەكڭ قىيداپ قالىمەن.

خەيىرنسا: شۇنداق ئىشلىرىمۇ بامۇ تېخى. (كىرىپ هاشىمغا تازىم قىلدۇ.)

تۇنسا: يائاللا نىمانچە ئالدىرايدىغانسەن خەيىرنسا.

خەيىرنسا: چۇشلۇك تاماقتىن كېيىن ئېتىز ئارىسىدىكى ئېرىقلارنى چاپماقچىدۇق.

تۇنسا: كوئوپىراتىۋ ئەزالىرى ژىغىلغىچە بىرپىيالە چاي ئىچىپ كەت.

خەيىرنسا: مەن ئۇلاردىن بالىدۇرراق بېرىپ تۇرسام بولاتتى.

تۇنسا: دەملىسەملا بولۇدۇ. پىشەيۋانغا چىقىپ ئولتۇرۇڭلار باللىرىم.

هاشىم: چاپسان بول. (تۇنسا ئويگە كىرىدۇ. قالغانلار پىشەيۋانغا چىقىپ ئولتۇرۇشۇدۇ. هاشىم ئابدىكېرىمگە قاراپ.) ئۇتتۇر ئويگە كىلىپ چۇشمەمسەنغۇ؟

ئابدىكېرىم: دىخانچىلىق باش تېخنىك يۇنكىتى،مېنى يېزىمىزدىكى كوئوپىراتىۋقا خىزمەتكە ئېۋەتتى. شۇيەرگە چۇ-شۇرۇدىغان ئۇرۇق سېلىش ماشىنىسى، دوراچاچىدىغان ئاپپاراتلار بارئىدى، تاپشۇرۇپ كەلدىم.

هاشىم: ئانداق بولسا ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ قىلىپ كەلگەن ئىشلىرىنى بىكار قىلىدىكەنسلەر-دە، ئوزى.

ئابلىكىم: ئۇنداق ئەمەس دادا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇنۇملۇك تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىمىز.

هاشىم: ئانداق بولسا، ئوزى، ئالتى ئايدىن بېرى دىخانچىلىقنى ئوقۇيمەن دەپ، بىكاردىن نىمە ئاۋارە بولۇپ ژۈرۈسەن، ئوزى.

ئابلىكىم: ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان دەپ ياغاچ ساپان بىلەن يەرنى سىجاپ ژۈرۈۋېرىمىزمۇ دادا!

خەيرىنىسا: مول هوسۇل ئېلىش ئۈچۈن يېڭى دىخانـ چىلىق تېخنىكىسىنى ئوگونۇدىغان ئابدىكىمىكامىدەك كادرلار كېرەك، هاشىمكا.

هاشىم: تاشقا چاچ، بەختىڭدىن كور.

ئابلىكىم: بەخىت ئوز ـ ئوزىدىن كەلمەيدۇ، دادا. كىشىلەر ئومىلۇشۇپ ئىشلەپ، ئالغا قاراپ ماڭسا خوشال ـ خورام، بەختلىك تۇرمۇشقا يېتىدۇ.

هاشىم: هە... شۇڭا تونۇگۇن خەيرىنىساخانلا غەزەل ئېيتىپ ئېتىزنى بېشىغا كىيىپتىكەن ـ دە، ئوزى.

خەيرىنىسا: (كۈلۈمسىرەپ.) كېۋەز بىلەن قوغۇننى ئۇشۇكتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كوئوپېراتىۋنىڭ جىمى ئەزالىرى ئېتىزغا توپلانغان ئىدى.

هاشىم: قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭلارمۇ؟

خەيرىنىسا: هەئە.

هاشم: قانداق قىلدىڭ؟

خەيرىنىسا: كېۋەزنى توپا بىلەن كۆمۈپ قويغان ئىدۇق. بۈگۈن قارىساق بىرىمۇ زايە بولماپتۇ.

هاشىم: قوغۇنچۇ؟

خەيرىنىسا: قوغۇننى پاخال بىلەن يېپىپ، چالما بىلەن باستۇرۇپ قويغان.

هاشىم: سوغاقتىنمۇ ساقلاپ قاپسىلە، ئۆزى، ئەگەر يىلتىزىنى تاتلىۋەتكەن بولساڭلار قۇرۇپ قالىدۇ.

خەيرىنىسا: ياق، يىلتىزىنى تاتلىمىدۇق.

هاشىم: قانداق بولغانلىغىنى كۆن قىزىغاندا كۆرۈمىز، ئۆزى.

ئابلىكېرىم: دادا، بۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا گۇمان بىلەن قارىماڭ، كوپىچىلىك مەسلىھەت بىلەن ئۆز تەجرى-بىلىرىنى قوشۇپ قىلغاندىن كېيىن ئىش ئۇتۇقلۇق چىقىدۇ. مانا بىزنىڭ يەككە دىخان بولغانلىغىمىزدىن، ئازىراق ئاپەتكە يولۇ-قۇپلا ھەممە ئىشىمىز يامىنىغا ئايلىنىپتۇ. ئىسىت، كېۋەزلىرىمىز زايە بولۇپ كېتىپتۇ.

هاشىم: خۇدادىن بىشىمىزنە قىسل تەۋرىمەيدۇ.

ئابلىكېرىم: كوپىچىلىك بىرلەشكەن يەردە، ھەر چوڭ ئىشلارنى تەۋرەتكىلى بولىدۇ. كوئوپىراتىۋ ئەزالىرىنىڭ ئاپەتكە قارشى تۇرغانلىغىنى ئاڭلىدىڭىزغۇ.

تۇنىسا دەستىخان سېلىپ بېرىدۇ.

هاشىم: سەن تازا گەپتان كادىر بولۇپ كېتىپسەن، ئوزى.

تۇنىسا: كادىر بولسا ئوبدان ئەمەسمۇ؟ ھازىر ياشلار تۇرماق 60 ياشقا كىرگەن قېرىلارمۇ چۇشۇنۇپ قالدى. سىلىلا چۇشەنمەيدىكەنلا.

هاشىم: هە...مانا بىزنىڭ تۇتىمۇ چۇشۇنۇپ قالدى. سايرا!

تۇنىسا: سايرايمىز ئەمدى، ھېچكىم بىزنىڭ ئاغزىمىزنى تىكىپ قويالمايدۇ.

هاشىم: ئۇ سىنىڭ سىغىزخانىدەك شاراقلىشىڭ قۇلۇغۇمغا ياقمايدۇ. (ئاسمانغا قاراپ قويۇپ.) مەن پېشىن ئوقۇۋالاي، تاھارەتكە سۇ بەرگىنا. (باغ تەرەپكە كېتىدۇ.)

تۇنىسا: (ئابدىكېرىمگە.) سىلەر بەھوزۇر ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋېرىڭلەر بالىلىرىم. (ئويگە كىرىپ كېتىدۇ.)

ئابلىكېرىم: بۇ دادام نىمىشكە شۇنداق چوڭ ئوزگۇرۇشلەرگە قاراپ ئىش قىلمايدىغاندۇ. ئەرتىياز كوئوپېراتىۋقا كىرىش توغرىسىدا يازغان خەتلىرىمىمۇ تەسىر قىلماپتۇ.

خەيرىنىسا: بىچارە تۇنىسا ئاچامۇ جىق قىينالدى. سىزنىڭ مۇشۇ يەردە خىزمەت قىلغىنىڭىز ھەجەپ ئوبدان بولدى-دە ئابدىكېرىمكا.

ئابلىكېرىم: (خەيرىنىسانىڭ كوزىگە قاراپ.) سىز بىلەن بىر يەردە ئىشلەيدىغىنىم تېخىمۇ ياخشى بولدى، ھە خەيرىنىسا! (خەيرىنىسا يەرگە قارايدۇ. تۇنىسا ئورىدىق كوتۇرۇپ چىقىپ،

باغ تەرەپكە كېتىدۇ.) گەپ قىلمايسىزغۇ؟

خەيرنىسا: نىمە دەيمەن.

ئابلىكىردىم: ياردەملىشمەن دېمەمسىز.

خەيرنىسا: ئاكۈنى سىلىنىڭ بوغدايىنى ئوتنۇپتىشكە ياردەملىشەيلى دېسەك ھاشىمكام ئۇنۇمىدى.

ئابلىكىردىم: (كۈلۈمسىرەپ.) ئىككىمىز بىر بولۇپ دېسەك ئۇناپ قالار، ئەلۋەتتە.

خەيرنىسا: قىزىق گەپ قىلىسىز. (تۇنىسا كىرىدۇ.) مەن كېتەي. (ئورنىدىن تۇرىدۇ.)

تۇنىسا: بىردەم ئولتا خەيرنىسا.

خەيرنىسا: خوش بىزنىڭگۇرۇپپا ئەزالىرى ژىغىلىدىغان ۋاخت بولۇپ قالدى، تۇنىسا ئاچا. (چىقىدۇ.)

ئابدىكىردىم ئۇيگە كىرىپ سومكىسىنى قويۇپ قايتىپ چىقىدۇ.

ئابلىكىردىم: مەن بىزنىڭ ئاشلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى بىر بىلىپ كېلەي.

تۇنىسا: ھېرىپ كەتكەندە بىردەم ئارام ئالساڭ بولاتتى.

ئابلىكىردىم: ئېغىرچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن ۋاختىدا چارە قىلمىساق بولمايدۇ، ئانا.

تۇنىسا: بولۇدۇ بالام، چاپسانراق كەل. (ئابدىكىرىم تالاغا چىقىپ كېتىدۇ. ھاشىم باغ تەرەپتىن كىرىدۇ.) خەيرنىسا ھەجەپ ئوبدان بالا - دە ماقۇل كورسە ئابدىكىرىمگە

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ بەرسەك ھەر ئىككىسىنىڭ بەختى ئېچىلاتتى.

ھاشىم: روزىغا يات يەردىن قىز ئېلىپ بېرىپ تويغان، ئوزى، مەن. بىر ژىلغا بارماي ئاجرىشىپ كەتتى.

تۇنسا: ئۇنىمۇ قويىغۇزۇۋەتكەن ئوزلىرىغۇ.

ھاشىم: مېنىڭ دېگىنىمنى قىلمىغان ئادەم، ئوزى، بۇ ئويدە تۇرالمايدۇ.

تۇنسا: تۇقانلىرىنىڭ ئىچىدە ئابدىكىبىرىمگە لايىق قىز يوقمۇ؟

ھاشىم: لايىقى بار.

تۇنسا: كىم ئۇ؟

ھاشىم: ھاممىسىنىڭ قىزى.

تۇنسا: ھوي، ئۇقىز ئەمدىلەتىن 13 ياشقا كىردىغۇ؟

ھاشىم: قىز بالادېگەن 13 ياشتا رىسىدە بولۇدۇ. كىچىك بولسا، ئويگە كەلگەندىن كېيىن ئوزەڭ چوڭ قىلىپ ئالاسەن، ئوزى.

تۇنسا: يېشىغا يەتمىگەن قىزنى نىكا قىلىشقا ھوكۇمەت رۇخسەت قىلمايدۇ.

ھاشىم: 16 ياشقا كىردى دەپ يازدۇرساق بولۇدۇ، ئوزى. ئۇنىڭ چىشىنى كورۇپ بىلەتتىمۇ؟

تۇنسا: ئۇنداق ئالدامچىلىق قىلىشقا ئابدىكىبىرىم ئۇنىمايدۇ — ئوزى بىلىدۇ، سىلە چۇشەنمەيدىلا.

ھاشىم: نىمە - نىمە؟ چۇشەنمەيسەن؟ ئابدىكىبىرىم بىلىدۇ؟

تۇنسا: ھە، ئابدىكېرىم ئوقۇپ كەلدى. سىلىدىن ئوبدان بىلىدۇ.

ھاشىم: سەن بىلىسەن، بالاڭ بىلىدۇ. مەن ھېچنىمە بىلمەيمەن. مانا ھاقارەت. بالا ئاتىغا، خوتۇن ئەرگە بى ھۆرمەتلىك قىلغانلىقىنىڭ كاساپىتىدىن ئېغىر كۈنلەرگە قېلىۋاتىمىز.

تۇنسا: كوئوپېراتىۋقا كىرسەك ئېغىر كۈنلەرگە قالمايتتۇق.

ئابدىكېرىم تاشقارقى ئىشىكتە كېلىپ كورۇنىدۇ.

ھاشىم: سەن تېخى ئاسماندىكى غازنىڭ شورۋىسىغا نان چىلاپ ژۇرۇسەن. كەپىراتىۋقا كىرگەنلەر بېرىپ-بېرىپ بىر قازانغا قاراپ قېلىپ، بىر ئورۇندا ياتىدۇ، دەيدۇ. بۇمۇ مۇسۇلمانچىلىقتا توغرى كېلەمدۇ؟ ئۇلار سېنىڭ ئۇچۇن ئىشلەپ بېرەمدۇ؟

ئابدىكېرىم: (كىرىدۇ.) دادا سىز خاتا چۇشۇنۇۋاپسىز. ئۇ ئېغۋاگەرلەرنىڭ سوزى.

تۇنسا: راس ئېيتىسەن بالام. (ھاشىمغا.) تۇرداخۇن بايدىن ئاڭلىۋالغان سوزلىرىدۇ-بۇ.

ئابدىكېرىم: كوئوپېراتىۋ ئەزالىرى بىر-بىرىگە يالىنىپ ئىشلىمەيدۇ. ھەر كىم ئوزىنىڭ قىلغان ئەمگىكىگە قاراپ ھەق ئالىدۇ. دېخانلار ئاچ-يالاڭغاچ ۋەيران بولۇش تەرىپىگە ئەمەس، ئالغان مەھسۇلاتنى بىلەن ھەركىم ئوز ئائىلىسىدە خالىغىنىچە پاراۋان بەختىيار تۇرمۇش كوچۇرۇدۇ.

هاشىم: شۇنداقمۇ دەيدۇ، قايسى راس، ئىكە تىلگىنى ئوبدانىراق ئويلاش لازىم.

ئابدىكېرىم: سىز بۇزغۇنچىلارنىڭ سۆزىگە كىرمەي، ئانامنىڭ سۆزىگە كىرگەن بولسىڭىز ياخشى بولاتتى. ئانام، بىزنى بەختكە باشلايدىغان پارتىيىنىڭ كۆرسەتكەن يولىنى خالايدۇ.

هاشىم: مەن ئەر تۇرۇپ خوتۇن كىشىنىڭ گېپىگە كىرەمتىم. مەن مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۆزەم بىلىپ ئىشلەپ كەلدىم.

تۇنىسا: تۇۋا! تۇۋا!

ئابدىكېرىم: دادا، ئەمدى مۇنداق قالاق ئىشلارنى تاشلىۋېتىڭ.

هاشىم: (ساقىلىنى تۇتۇپ.) هە، ئەمدى مەن مۇشۇ ياشقا كېلىپ پالاق بولدۇمما؟ مەن تۇخوم ئەمەس، ئادەم!

ئابدىكېرىم: پالاق ئەمەس، قالاق.

هاشىم: بولدى، تولا ئاغزىمنى ئاچماي ئۆز يولۇڭغا ماڭ.

تۇنىسا: (هاشىمغا.) ئىنساپ قىلسىلچۇ ئەمدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشامدىلا؟ (ئابدىكېرىمگە.) جۆر بالام، ئۆيگە كىرىپ ئارام ئال.

ئابدىكېرىم خىيالدا قالغان هالدا تۇنىسا بىلەن ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.

هاشىم: (ناس چېكىدۇ.) سېنىڭ ئىشىڭ پالاق؟! مانا بۇمۇ يېڭى گەپ!

پەردە.

# ئىككىنچى پەردە

## 1 ـ كورۈنۈش.

ۋىراقتا غول تاتقان بۈغدای ئېتىزلىرى. سەھنىنىڭ سول تەرىپىدە ئېرىق بويىدا قاتارجىگدىلەر ، كوئوپېراتىۋنىڭ ئايال ئەزالىرى بۈغداي ئوتاۋاتىدۇ. يەنە بىر قانچە ئەزالار ئوڭ تەرەپتىن سول تەرەپكە قاپ ۋە زەمبىللەردە ئۇغۇت توشۇۋاتىدۇ. ئۇمۇمىي قىزغىن مىھنەت بىلەن غەزەل ئوقۇشۇۋاتىدۇ.

ناخشا

ئاق كەپتەرمۇ ئوملەشكەن ،
كوك كەپتەرمۇ ئوملەشكەن.
ھەجەپمۇ ئوبدان ئىكەن،
ئازات ـ ئەركىن سوزلەشكەن.

قايتارما.

كۈرەش بىزدە، ئۈتۈق بىزدە،
مول ھوسۇل ئالىمىز. كۈزدە.

خەيرىنسا بىلەن تۇخان ناخشا ئېيتىپ چىقىپ سوغ چاي ئىچىدۇ.

ماۋجۇشىنىڭ دەۋرىدە،
بىزنىڭ بولدى دالا ــ تۈز.
ئەمدى زامان بىزنىكى،
كەل ئىشلەيمىز قاراكۈز.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرىسى

خەيرىنىسا: مەيدە ئولتار تۇخان. كىچىكىنە دەم ئېلىۋېلىپ، ئالارنىڭ ئارقىسىدىن بارىمىز.

تۇخان: بۇ ئېتىزنى چاپسان ئوتاپ بولدۇق.

خەيرىنىسا: ناخشا بىلەن بىلىنمەي قالدى.

تۇخان: ھەجەپ چىرايلىق ناخشا ئېيتىسەندە خەيرىنىسا.

خەيرىنىسا: ۋاي ــ ۋاي ماختىشى كام.

تۇخان: بىرەسىدىن كام بولساكمۇ بولاتتى. بىز 7 نومېر ئېلىۋاتقاندا سەن 10 نومېر ئېلىۋاتىسەن. ئەرلەردىنمۇ ئۆتۈپ كەتتىڭ.

خەيرىنىسا: سىنىڭ قولۇڭغا ئېسىلىۋالمىدىمغۇ؟

تۇخان: بۇلتۇر ھەمكارلىق گرۇپپىدا سەن نەمۇنىچى بولغان بولساڭ، بۇ ژىل كوئوپېراتىۋدا مەن نومۇنچى بولمىسام قاراپ تۇر.

خەيرىنىسا: ماختىنىپ ژۈرۈپ، كەينىدىن سانىغاندا بىرىنچى بولۇپ ژۈرمە.

تۇخان: يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېگى چىقسا دېڭى چىقماس.

باغدا كاككۇك، سۇدا ئۇردەك،
چولدە بىغىر تاغىمەن.
بارچە ئەل جۇپتى بىلەن،
يەككە ـ يىگانە داغىمەن.

ھە، سەن بولساڭ يەككە ـ يىگانە، ھىچ بولمىغاندا مەنجۇپتۇم بىلەن سىنىگدىن جىق ئەمگەك كۇنگە ئىگە بولارمەن.

خەيىرنىسا: ۋاي ۋىتىلداغـەي، گـەپ دىسە تاغالاپ بارسەندە.

تۇخان: (چاۋاك چىلىپ.) چىدا، ھەر قانداق قىلىپ بولسىمۇ، بۇۋىل كۇزدە سەندىن ئۇتۇپ كىتىمەن دىگىنا. (كىـلىۋاتقان سادىق بىلەن ئابدىكىرىمنى كورۇپ.) كىلىۋاتقانلار كىمۇ؟

خەيىرنىسا: ئابدىكىرىمكاملارغۇ.

تۇخان: ئەڭ ئاۋال كوزۇڭ چۇشۇپتۇ. يىنىدىكى سادىـقىكامغۇ.

خەيىرنىسا: شۇنىگدىنمۇ شامال چىقاردىگما؟

تۇخان: شامالنىڭ ئىچىدە ئۇچقۇنـلارنى كوردۇمـدە. ھىم... بىلەن دىگىنە. (كاككۇك ئاۋازىدا.) كاككۇك (ئۇسۇل ھەركىتى بىـلەن قولىنى تاسىلدىتىپ پىقىرايدۇ.)

خەيىرنىسا: ۋاي ساراڭەي. نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ ژۇرۇدۇ.

تۇخان: سىنىڭ يوشۇرغىنىڭ بىلەن كوزۇڭ مانا مەن دەپ

ئېيتىپ تۇرۇدۇ.

ئابدىكېرىم بىلەن سادىق قولىدا بىردىن دوراچېچىش ئاپپاراتى كۆتۈرۈپ كىرىشىدۇ.

ئابدىكېرىم: ئابدىرىشىتكامنى كوردۇڭلەمۇ؟

تۇخان: بايا يېزىلىق ھوكۇمەتتە قالغان.

ئابدىكېرىم: مۇشۇ چاقىچە نىمىش قىلىدىكىنە ئۇلار؟...

خەيرىنىسا: ئۇرۇق سالىدىغان ماشىنىنى تەجرىبە قىلىۋاتىدۇ.

ئابدىكېرىم: ھازىر ئۇنىڭدىن ھال كېسىلىگە چارە قىلىش زورۇر ئىدى.

تۇخان: سىز كورسەتكەن ئېتىزلىنىڭ چورىسىگە ئۇغۇت توپلۇنۇپ بولدىغۇ.

ئابدىكېرىم: توپلاپ قويۇش بىلەن ئىش پۇتمەيدۇ. ۋاختىنى ئوتكەزمەي، ھال چۇشۇپ يەتمىگەن بۇغدايلارنى قوشۇمچە ئۇغۇتلاپ، يەرنىڭ نىممىنى ئاشۇرۇپ تۇرۇش كېرەك.

خەيرىنىسا: ئۇلار قۇناقنى كاتەكچە قىلىپ تېرىش ئۇچۇن ئۇرۇق سالىدىغان ماشىنىغا قىزىپ كەتتى.

ئابدىكېرىم: كاتەكچە؟ ئاپقا سېلىپ تېرىش دېگەندىن بۇسوز قاملىشىۋراق كېلىدىكەن.

تۇخان: ئابدىكېرىم ئاخۇن بىزنىڭ خەيرىنىسانى ئاسان چاغلىماڭ.



www.uyghurkitap.com

سادىق: ھە، شەيتان.

ئابدىكېرىم: توغرى، گەپ ئىشلىمەيدۇ. (خەيرىنسا ئۆيۈلۈپ يەرگە قارايدۇ. ئابدىكېرىم سادىققا قاراپ.) بارايلى، ۋاخت ئوتۇپ كەتتى.

سادىق: يىزىلىق ھوكۇمەتكىمۇ؟

ئابدىكېرىم: ھەئە، شۇيەرگە بېرىپ مەسلىھەتلىشەيلى.

ئابدىكېرىم بىلەن سادىق چىقىدۇ.

خەيرىنسا: ئانداق گەپلەرنى قىلمىغىنا تۇخان، ئادەم خىجالەت بولۇدىكەن.

تۇخان: گۈلى - گۈلگە، خىلى - خىلغا كەلگەندە گەپ قىلسا يامان بولمايدۇ.

خەيرىنسا: ساڭىغۇ گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمايدۇ.

جۇرۇ، ئەۋۋلار بىر مۇنچە ئۇتاپ كەتتى بارايلى.

سول تەرەپكە كېتىدۇ. ئوڭ تەرەپتىن ھاشىم بىلەن تۇردىنىڭ گەپلىشىپ كېلىۋاتقان ئاۋازى كېلىدۇ.

ھاشىم: گەپ دېگەن، گەپ بولسا بولۇدۇ.

تۇردى: سېنىڭ ئالدىرىغىنىڭ توغىرى. ئەمما لېكىن ھەر ئىشنىڭ ۋاختى بار. (كىرىدۇ.)

ھاشىم: (تۇردىنى يېڭىدىن تارتىپ ئېتىز تەرەپنى كورسۇتۇپ.) ئەنە كوردۇڭمۇ، ئېتىزىمىنىڭ نىمى كېتىپ بىزىرىپ قېلىۋاتىدۇ، ئۇزى. ئۇيۇگنى بېرىپ تۇرۇۋدىغان بولساڭ، بۇگۈن بەرمەمسەن؟

تۇردى: 2 ـ 3 كۈن ئىشلىتىپ تۈزۈشقا كالا ئالمايمەن. ھېلىقى نىياز دېگەن ھارامزەدە بازارغا ياغ ئارتىپ بارغان ئەمەسمۇ، شەھەردىن چىققىچە ئۆينى ئۇرۇپ قوغلاۋېتىپ ئاسقىتىپ قويۇپتۇ.

ھاشىم: بەرمەسىنىڭ ئىشى پىشماس دېگىنا، ئوزى.

تۇردى: خاپا بولماي 2 ـ 3 كۈن سەۋرى قىلىپ تۇر ئەمدى.

ھاشىم: ئىش ۋاختىدا ھوپۇپتەك ئىستىقامەت قىلىپ ياتمىدىكە نىمزدە تۇرداخۇن، نىياز ئاسقىدى دېمەيدىغۇ؟

تۇردى: ماڭا ئىشەنمەي، شۇ ئوغرىنىڭ گېپىگە ئىشەنىدىڭما؟ پايدا زىيان بىلەن نىمە چاتىغى بار ئۇنىڭ. بازاردىن چىققاندا ھېساپ ئالسام بىر مۇنچە پۇلنىڭ ئورنى يوق.

ھاشىم: سىنىڭ بالاڭغۇ تىجارەتكە ئارىلىشىپ پۇل تېپىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئابدىكېرىم كادىر بولۇۋېلىپ، كەپىراتىۋقا كىرمىدىڭ دەپ، ئوزى، مېڭەمنى يەپ بولدى.

تۇردى: مەن بۇرۇنلا مۇشۇ بالاڭ مەلىدىكى يالاڭتوش سولتەكلەرنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، يولدىن چىقىۋاتىدۇ، دېدىمغۇ. مانا ئېيتقىنىم كەلدى. بالاۋاقا دېگەننى تىزگىنلەپ تۇتۇش لازىم.

ھاشىم: ئامانەت قەرز بېرىش كەپىراتىۋىغا ئەزا بولماپسىز. بولسىڭىز كالا سېتىپ ئېلىشقا پۇل قەرز بېرەتتى. شۇنىمۇ قىلماپسىز، دەيدۇ.

تۇردى: ھە، قەرز بېرىدۇ.

ھاشىم: مامۇتقا ئىشەك ئېلىش ئۈچۈن قەرز بەرگىنىنى كۆزۈم بىلەن كوردۇم ئەمەسمۇ، ئۆزى. بۇ پايدىلىق ئىشكەن.

تۇردى: گۈل بولما: «كىمنىڭ قازىنىغا كىم چوپ سېلىپ بېرىدۇ» دەيسەن. دۇنيادا غەرەزسىز ئىش بولمايدۇ. بەرىنىچىدىن، پاي دەپ بەرگەن دەسمايەڭ كويۇدۇ. ئىككىنچىدىن، «سەن بىزگە قەرزدار» دەپ ئۆزلىرى خالىغان باھادا سېتىپ ئالىدۇ. ئالغان ئاشلىقىڭغا ئېگىدارچىلىق قىلىدۇ. قىسقىسى، قانداق ياڭزا كوئوپېراتىۋ بولمىسۇن، كىردىگىمۇ بېشىڭغا نوختا چۈشۈدۇ. قاياققا تاتسا شۇياققا ماڭماي ئىلاجىڭ يوق.

ھاشىم: نىمە بولۇپ كەتتىڭىزتاڭ، بىلمەي كەتتىم، ئۆزى.

تۇردى: بىلمەيدىغان نىمە بار. كاپىراتسىيە ـ پاپراتـ سىيە دەپ ژۇرۇپ، ھەممىسىنى گىچىـماچاڭ قىلىۋېتىدۇ، ياكى ئۇرۇشۇپ ـ تالىشىپ تۇزغاقتەك تۇزۇپ كېتىدۇ.

ھاشىم: ئاقىۋېتىگنى كىم بىلىدۇ، دەيسەن.

تۇردى: قاراپتۇر. كۈزدە ئاشلىقنى بولۇشكەندە كارا- مىتى ئاشكارە بولۇدۇ.

ھاشىم: چوجىنى كۈزدە سانايمىز دېگىنا.

تۇردى: ھېلىمۇ بىلگىلى بولۇدۇ. (كوئوپېراتىۋنىڭ ئوتال- غان بۇغدىيىنى كورسۇتۇپ.) ئەنە، ئەۋۇ خوتۇنلارنى كوردۇڭ- مۇ؟ بۇغدايلىقتىكى ئوتلارنىڭ بىرىنى قويماي ژۇلۇۋېتىپتۇ.

ۋاي ئاخماقلارەي. جىمى ئوتنى بىر يولى ژۇلۇۋەتسە، مال نىمىنى يەيدۇ. بىر چەتتىن ئوتاپ، ئۇنى مالغا بېرىپ تۇرسا، خېلى ھاجەتتىن چىقىدۇ.

ھاشىم: ئىككىنچىدىن بۇغداينىڭ ئارىسىدىكى ئوت بەرنىڭ نېمىنى ساقلايدۇ، ئوزى. «ئابدىكېرىم بىرتال ئوت قويماي ئوتاۋەت» دېگەن دەپ بىزنىڭ خوتۇن جېمى ئوتنى ژۇلۇۋەتكىنى چۈشۈپتىكەن. تازا ئۇرۇشۇپ كەتتىم.

ياچىيېكا سېكرېتارى كېلىۋېتىپ ھاشىمنىڭ ئوتاش توغرىسىدىكى سوزىنى ئاڭلايدۇ.

رېھىم قادىر: ھەي، ھەي ھاشىمكا، ئوت ئوتاشقا بەرگەن باھارىڭىز توغرى بولمىدى. ياۋا چوپلەر نەمنى ساقلىمايدۇ، تېخى نەمنى جىقراق يوقۇتۇدۇ.

تۇردى: (خۇشامەت بىلەن.) مەن شۇنى دەۋاتىمەن، ئۇكام رېھىم قادىر.

رېھىمقادىر: (ئېتىزنى كورسۇتۇپ.) كوئوپېراتىۋ ئەزالىرى بۇ بۇغداينى ئىككى قېتىم ئوتىدى. ئاۋۇ كورۇنگەن بۇغداي كىمنىڭ بۇغدىيى، سىزنىڭمۇ؟

ھاشىم: ھە، بىزنىڭ.

رېھىمقادىر: ئوت بېسىپ تۇرۇپتۇ. ئىككى بۇغداينى سېلىشتۇرۇپ كورەيلى. بۇ، بولسا، توق يېشىل، ئەنە ئۇ ساغىرىپ قاپتۇ. مۇشۇ ئەھۋال ئوت ئوتاشنىڭ پايدىسىنى كور-

سۇتۇپ تۇرامدۇ؟

تۇردى: ھە، ھە، ئەلۋەتتە.

رېھىم قادىر: سىز مەجلىسكە تولا بارمايسىز، ئۇنسا ئاچام بولسا، ئوكۇنۇشكە قىزغىن قاتنىشىدۇ. ئۇكۇنى ئوت ئوتاشنىڭ پايدىسى توغرۇلۇق گېزىت ئوقۇپ بەرگەندە، ناھايىتى خوشال بولۇپ كەتتى. ئۇنسا ئاچام توغرى ئىش قىپتۇ. بىكار ئۇرۇشۇپسىز.

تۇردى: ھە،ھە مەنمۇ شۇنى دېدىم. بىكار ئۇرۇشۇپسەن.

ھاشىم: بىزنىڭ تەجرىبىمىز بار، سېكرېتار. بۇغدايىنىڭ ئاچىزلىغى، ساغىرىپ كېتىشى ئوتتىن بولماي، نەمنىڭ كاملىغىدىن ئوزى. ئىككىنچىدىن، كوز تەككەنلىكتىن بولۇدۇ.

رېھىمقادىر: (كۇلۇپ.) ئەمىسە مانابۇ، ئادەم ئوتۇپ تۇرۇدىغان يول بويىدىكى بۇغدايغا كوز تەگمەي، سىزنىڭ ئاۋۇ چەتتىكى تۇرغان بۇغدىيىڭىزغا كوزتەككىنى قىزىق.

تۇردى: ھە،ھە، توپمۇ-توغرى.

رېھىمقادىر: ئانداق ئەمەس. ئاشلىقنىڭ يەردىن ئالىدىغان ئوزۇغىنى ياۋا چوپلەر شۇمەپ ئېلىپ، ئاشلىققا ئازقالغانلىقتىن بۇغداي ئاجىزلاپ، ساغىرىپ كېتىدۇ. مەسلەن: سىزنىڭ قۇسۇغىڭىز ئاچقاندا بىر ناننى پۇتۇن يېمەكچى بولسىڭىز، بىكار تەلەپلەر كېلىپ ھەر تەرەپتىن يەپ كېتىپ، سىزگە بىر بۇردىلا قالسا، قانداق قىلاتتىڭىز؟

تۇردى: مانا ـ مانا بۇنى ناھايىتى كىلىشتۇرۇپ ئېيتتىڭىزدە سىكرېتار.

رېھىمقادىر: مانا كوزىڭىز بىلەن كوردىڭىز. ئەمدى تۇنسا ئاچامغا تولا كايىماي، چاپسانراق بۇغدايىنى ئوتاۋېتىلى.

تۇردى: ھە، ھە مانا بۇنىڭغا بىزمۇ ياردەم قىلىمىز.

رېھىمقادىر: ئەگەر يېتىشەلمىسىڭىز كوئوپېراتىۋ ياكى ھەمكارلىق گرۇپپا ئەزالىرى ياردەم قىلىدۇ. (ماڭىدۇ.) كوئوپېراتىۋ ئەزالىرىنىڭ قىلدۇاتقان ئىشلىرىنى كورۇپ كېلىڭ ھاشىمكا.

تۇردى: مانا بۇ ياخشى گەپ بولدى ـ دە. رەخمەت ـ رەخمەت. (ھاشىمغا.) سىزنىڭ ئۇچۇن مەن رەخمەت دەپ قويدۇم. گەپ قىلمايسەنغۇ؟

ھاشىم: ھەممىسى بىلىمچان بولۇپ كەتتى.

تۇردى: تەلىم ـ تەربىيە ئالدۇق دېيىشىپ، ئاغزىغا كەلگەننى دەيدۇ. ناباتات بىلەن ئىنسان ئوخشامدۇ؟ ئىنسان دېگەننىڭ جېنى بار، ناباتاتنىڭ جېنى يوق. كەلتۇرگەن مىسالىنى قارا.

ھاشىم: قوي، تۇتامىڭ يوق، خوشامەتچى نىمىكەنسەن، ئوزى. رېھىمنىڭ ئالدىدا ۋاي سىزنىڭ راس دەيسەن، ئارقىسىدىن ئۇنىسىنى قارا، بۇنىسى قارا دەيسەن، ئوزى.

تۇردى: ماقۇلغا جاۋاپ يوق، «پادىشاھىم كور قاغىنى

لاچىن دېسە، ھە غاز ئالمدۇ» دېگىن دەپتىكەن. ھازىر مۇشۇ بىر نانىي پۇتۇن يىمىگەنلەر ئىش بېشى بولغاندىن كېيىن، ھە سىنىڭ راس دەپ قويساڭ ئاغزىڭنىڭ يىلى.

ھاشىم: مەن نىمە ئىش قىلىشىمنى ئۆزەم بىلىمەن.

تۇردى: ئوتتۇشۇپ بېرىمىز دەپ جېمى ئوتنى ئېلىپ كېتىدۇ. بىر سېۋەت ئوت دېگەن بىرچىنە قايماق. بىر چىنە قايماق دېگەن 10 ـ 15 مىڭ ئەمەسمۇ.

ھاشىم: ماڭا قۇرۇق پايدىنى كورسەتمەي، ئوزى، ئۇ-يۇڭنى بۇگۇن بىرەمسەن ـ بەرمەمسەن؟ مەن ساڭا يالۋارمايمەن.

تۇردى: توختا ـ توختا بىر پىكرىم كېلىۋاتىدۇ. قوشقا بىزنىڭ ھېلىقى ئالائىنەكنى قېتىپ باقامسەن يا؟

ھاشىم: نىمە ـ نىمە ئادەمنى زاڭلىق قىلما. خوتۇن كىشى كەتمەنگە يارىمىغاندەك، ئۇ ئولەمەن موزايلىق ئىنىگىڭ قانداق قوشقا يارايدۇ؟

تۇردى: (كۇلۇپ.) بولدى، ئاچچىغىڭ كەلمىسۇن، بىر گەپ بۇلۇپ قالا، ئەگەر سودا كوئوپپراتىۋى بىزنىڭ تاۋ-غىمىزغا قول سالمىغان بولسىدى، سىنى بۇنداق ساغارتماستىن بىرەر كالا سېتىپ ئالغىدەك پۇل ياردەم قىلىپ تۇراتتۇق. مانا بۇ كوئوپپراتىۋلىنىڭ پەيدا بولغىنى ماڭمۇ، ساڭمۇ زىيان سالدى.

ھاشىم: قەرز ھېساۋىغا بىرەر مىللىون بېرىپ تۇرساڭ بولاتتى.

تۇردى: پۇل بولسا سەندىن ئايايمەنمۇ.

ھاشىم: تىجارەت قىلىۋاتقان كىشىدە پۇل بولماي قالامدۇ؟

تۇردى: بىللايى ئېيتىم، بۇيرىمىسۇن، ھازىر نەق پۇلۇم يوق. (ھاشىم بېشىنى سىلىپ خىيال قىلىدۇ. تۇردى ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ تۇرۇدۇ.) خىيال سۇرۇپ كەتتىڭغۇ؟

ھاشىم: شۇنداق ئۆزەڭدە يوق، ئالەمدە يوق.

تۇردى: (ھاشىمغا ئېچىنغان قىياپەتتە.) بولدى، بېشىڭ تولا قاتمىسۇن. ياغ ئارتىپ ژۇرگەن ئۈينى ساڭا باھا قىلىپ بىرەي، پۇلىنى كۆزدە ھوسۇل ئالغاندا بەرگىن.

ھاشىم: (ئېچىلىپ.) ھە، مانداق دېمەمسەن، ئۆزى، قېنى قانچە بەرسەم بولۇدۇ.

تۇردى: ئۈچ مىللىون بېرەسەن؟

ھاشىم: (پىشانىسىگە ئۇرۇپ.) ھو... تاپقان تەگەننىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىپ ئۆزىمىز ھاك بىلەن زاك يەيمىزمۇ. ئىنساپ بىلەن بىر نىمە دە، ئۆزى.

تۇردى: قېنى قانچە بېرىسەن ئۆزەڭ بىر نىمەدە؟

ھاشىم: دېگىنىڭنى تەڭ خەشلەيلى.

تۇردى: «قوينۇڭدىن تۆكۈلسە، قونجۇڭغا» بوپتۇ سېنىڭ دېگىنىڭ بولسۇن، ئەمما ئىككى شەرتىم بار.

ھاشىم: قېنى ئاڭلاپ باقاي، ئۆزى.

تۇردى: مەن بۇ كالىنى ناھايىتى ئەرزان ھەم نىسى

www.uyghurkitap.com

بەرمەكچى بولدۇم، شۇنداقتۇ؟

**هاشىم:** هە، شۇنداق. شەرتلىرىڭنى دە.

**تۇردى:** ئۇنىڭ بەدىلىگە، بىرىنچى، بىزنىڭ ئاق قىلىۋاتقان يەرلىرىمىزنى ھايدىشىپ بېرىسەن.

**هاشىم:** ئۆزەمنىڭ ئىشىغا يېتىشەلمەيۋاتسام.

**تۇردى:** ئۇنىڭدىن غەم قىلما. چوڭ ئوغلۇڭ روزىنى باشلاپ كېلىپ سېنىڭ بىلەن ئەپلەشتۈرۈپ قويۇمەن. ئۇنى بىزگە ياردەملىشىپ بېرىشكە بۇيرۇيسەن.

**هاشىم:** هە، ماقۇل قېنى يەنە بىر شەرتىڭنى ئېيتە؟

**تۇردى:** ئۆزەڭ بىلىسەن ھازىر پايتەمىسىنى سورەپ ژۇرگەنلەر ئىش بېشى بولۇۋېلىپ، بىزنى قالاق - پالاق ھېچنىمە بىلمەيدۇ دەپ، (ژىراقتىن ناخشا ئاڭلىنىدۇ.) ھاقارەت قىلىۋاتىدۇ.

هاشىم: شۇنداقمۇ بولۇۋاتىدۇ، ئۆزى.

**تۇردى:** هە، مانا شۇنداق بولغاندىن كېيىن بۇ مەمەدانىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى (قولىنى بۇراپ كورسۇتۇدۇ.) مۇنداق بىر بۇراپ قويساق ھورىغا جىمىقىپ قالىدۇ. (ناخشا كوپۇيۇدۇ.)

هاشىم: نىمە دېمەكچىسەن؟

تۇردى: جۇر ئاۋۇ جىنلار كېلىۋاتىدۇ، دالدىراق بىر يەرگە بېرىپ گەپلىشەيلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ناخشا

ئات مىنىپ سەراغا چىقساڭ،
قامچا دەستىڭ مەن بولاي.
بارچە ئەلنىڭ كوزى سەندە،
تىل تۇمارىڭ مەن بولاي.

خەيرىنىسا بىلەن تۇخان قوللىرىدا ئوغاق، ئوتىغۇچ تۇتقان، سىۋەتتە بولسا، ئوت كوتۇرۇپ كىرىدۇ.

تۇخان: بۇگۈن يارايسەن گرۇپپا باشلىغى. ئوزەڭ باشلاپ غەيرەت قىلمىساڭ، ئەتىگە يەنە بىر ئېتىز ئېشىپ قالاتتى.

خەيرىنىسا: بۇگۈن ئۈچ ئېتىزنى ئوتۇدۇقمۇ؟

تۇخان: نېرىقى بىلەن توت ئېتىز، ئابدىكېرىمنى كورۇپ ئەقلى هوشۇڭدىن ئازدىڭمۇ نىمە؟

خەيرىنىسا: ماڭغىنا نېرى بۇگۈن شۇگەپنى نەچچە قېتىم دېدىڭ، هەممىسى ماڭا قاراپ كۇلۇشىدۇ.

تۇخان: قارىسا — قارىمامدۇ، كۇلسە — كۇلمەمدۇ، ئوغۇرلۇق ئىشمىدى. بۇرۇنقىدەك ژىغلاپ، قاخشاپ ئەرگە تەگىدىغان ۋاخت ئوتۇپ كەتتى. ئەمدى پارتىيىنىڭ ۋاختىدا ساڭا ئوخشاش بەختلىك قىزلار ئوزى خالىغان ژىگىتى بىلەن ئەركىن تۇرمۇش قۇرالايدۇ.

خەيرىنىسا: سايراپلا كەتتىڭغۇ؟

تۇخان: سايراپ كەتمەيچۇ؟ (كاككۇك ئاۋازى بىلەن.)

كاككۇك ! ئابدىكېرىم ئىشلەۋاتقان يەرگە بارغانىدا قارىسام، گۈل قەقەلىرىنىڭ ئېچىلىپ كېتىپتۇ. كاككۇك!

خەيرىنىسا: ۋاي سەن ۋىتىلداقنى قانداق قىلسام بولا!؟

سىرتتىن نىيازنىڭ راۋىپىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

تۇخان: راۋاپ چېلىۋاتقان كىم؟ (ئىككىسى قارايدۇ.)

خەيرىنىسا: نىيازغۇ؟

تۇخان: مەسمۇ ئۇ نىمە؟ مۇشۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدىغۇ؟

خەيرىنىسا: مېنى كورسە بىر قىسىملا قىلىقلارنى قىلىپ ژۇرۇدۇ، قارا. جۇرگىنە كېتىلى كوزۇم كورمىسۇن شۇ رودۇپاينى.

تۇخان: توختىغىنا گەپكە سالىمىز ئۇنى.

نىيازنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ.

قىزىل گۈل ئاراسىدا،
بويۇگنى كورۇپ قالدىم.
ئېيتىمىغانغا بولمايدۇ،
مەن ساڭا كويۇپ قالدىم.

تۇخان: راسلا ساڭا كويۇپ قالغانمۇ نىمە؟

خەيرىنىسا: مەن دېمىدىممۇ؟ بۇساراڭدا خېلى گەپ بار، جۇرە.

تۇخان: شۇك تۇرۇپ تۇر، نىمە دەيدىكىن.

نىيازنىڭ ناخشىسى.

ماتا ساتتىم كوپ پۇلغا،
مەيلىڭ بارمۇنەق پۇلغا.

مەيلىڭ بولسا كەلگىن دەپ،
قاراپ تۇرىمەن يولغا.

نىيازنىڭ قولىدا راۋاپ، يانچۇغىدا بىر بۇتۇلكا،سەل مەسرەك كىرىدۇ.

تۇخان: نىيازجان ناخشىغا ئۇستىكەنلا جۇمۇ.

نىياز: گۈل ئىشقىدا بۇلبۇل سايرايدۇ ــ دە، بىر چىرايلىق ئولتۇرۇشۇپىلىغۇ بۇيەردە.

تۇخان: ئۆزلىرىمۇ بۇيەرگە بىرچىرايلىق كەپتىلىغۇ؟ ئولتۇرۇپ راۋاپ چېلىپ بەرسىلە نىيازجان.

نىياز: هە،راۋاپنى چېلىپ ــ چېلىپ هاردۇق. (ئولتۇرۇدۇ.)

تۇخان: ئاھ ئۇرۇپ قاپتىلىغۇ، نىمە بولدى؟

نىياز: (بېشىنى لىڭشىتىپ.) دەردىمىزنى ئۆزىمىز بىلىمىز ــ دە.

تۇخان: نىمە دەردىڭىز باردۇ؟ ۋاي بىچارە يامان بوپتۇغۇ؟

نىياز: (خەيرىنىساغا قارايدۇ، كېيىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.) بىزنى بىچارە قىلغانلا ئۆزىگە قىلا. «رەھىمە قىلساڭ ئۆتنى ئالغىن، كۆيمىسۇن جانىم مېنىڭ...»

تۇخان: سىلىنى كويدۇرۇۋاتقان كىمدۇ ــ ئۇ؟

نىياز: ئۇكىشىنىڭمۇ ژۇرىگى ئويناۋاتقاندۇ؟ ئاز كۈندە مەلۇم بولۇپ قالا.

خەيرىنىسا: تولاۋالاقىلىمىغىنا تۇخان! جۇرەكىپتىمىز.

(تۇخاننى يېڭىدىن تارتىدۇ.)

تۇخان: كىچىككىنا دەم ئالايلى.

نىياز: بىز ئانچە بېخىل ئەمەس. تەلۇقاتىمىز بولسىمۇ يېتەرلىك بار. بىز بىلەن بولغان چوكان ئوبدان دولەتكورۇدۇ.

تۇخان: سىلە ئانداق دېگەن بىلەن دادىلىرىنى تاشتىن ياغ چىقىرىدۇ، دەيدىغۇ؟

نىياز: بىر پۈتى گورگە ساڭگىلىدى ئۇنىڭ، ئولۇپ كەتسە ھەممە تەئەللۇق ئوزىمىزگە قالىدۇ دېسىلە. (خەيرىنىساغا قارايدۇ.) خەيرىنىسا.

خەيرىنىسا: سىلىنىڭ تەئەللۇقلىرىغا ئالدىنىدىغان ئادەم يوق بۇ يەردە. بىز ئىككى بىلىگىمىزنىڭ كۇچى بىلەن گۇلدەك ياشايمىز.

نىياز يەرگە قاراپ شۇك ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. ئابدىكېرىم بىلەن سادىق قولىدا چىلەك، كەتمەن، ئىشتىن قايتىپ كېلىدۇ.

ئابدىكېرىم: (نىيازغا قاراپ.) كارامەت كورۇۋاتامدۇ — نىمە؟

كۇلۇشىدۇ.

نىياز: بۇگۇن پىغانىم ئورلەپ مۇشۇيەرگە كەپ قاپتىمەن.

ئابدىكېرىم: چۇشلىرى بۇزۇلۇپ قاپتۇ — دە.

نىياز: ياق ئۇنداق ئەمەس.

ئابدىكېرىم: بولمىسا، مەككارلىق قىلالماپسەن دەپ

داداڭلا كايىغاندۇ؟

نىياز: ئاڭلىشىپلىدە . ئىشەككە كۈچۈك يەتمىسە ، ئۇرتوقۇمنى دەپ ، سودىدىن پايدا ئالالمىغانسىرى دادام مېنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇدىغان بولدى. جېمى دەت ــ ئەلەم ماڭلاكېلەمدۇ؟ تويدۇم بۇدۇنيادىن ، مانائەمسە دەپ ئوچۇق گورغا كىرىپ يېتىۋالىمەن، تويۇدۇ.

سادىق: ئوچۇق گورغا شىشىنى قويۇپ كىر جۇمۇ؟بولمىسا تاياقنىڭ يوغىنىنى ئۇيەردە يەيسەن.

ئابدىكېرىم: بەلكىم سايىپ خان بىلەن ئىلپەتلىشىپ قالار. (كۈلۈشۈدۇ.)

نىياز: بولدى ئابدىكېرىم ئاخۇن، زاڭلىق قىلمايلى.

ئابدىكېرىم: زاڭلىق قىلمىدۇق ، ئوزلىرى كىرىۋالىمەن دېگەن يەرلىرى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىۋاتىمىز.

تۇخان: نىيازجان بىلەن تولاچېقىشماڭلار ، ئوزىنىڭ دەردىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. بىچارىنىڭ كوڭلى سىماپتەك، ژۇرىگى كاۋاپتەك. (كۈلۈشۇدۇ.) ئەكەسىلە نىياز جان سىلى چالالمىغاندىن كېيىن، مانا سىز بىر چېلىپ بېقىڭا ئابدىكېرىم ئاخۇن. (نىيازنىڭ قولىدىكى راۋاپنى ئېلىپ ئابدىكېرىمگە بېرىدۇ.)

ئابدىكېرىم: (خەيرىنىساغا قاراپ مىيىغىدا كۈلۈپ.)

خەيرىنىسا بايا ئېتىزدا ئېيتىپ كېلىۋاتقان ناخشىنى ئېيتسا

چېلىپ بېرىمەن.

تۇخان: راۋاپنى سىلە چالسىلا، غەزەلنى خەيىرنىسا ئوقۇسۇن. (ئابدىكېرىم راۋاپنى چالىدۇ.) ھە، ئوقى خەيىرنىسا.

خەيىرنىسا: مەن ناخشا ئوقالمايمەن.

سادىق: ئېيتىزنى چاك كەلتۇرۇۋەتكەن سەن ئەمەسمۇ؟ قېنى بىزگىمۇ بىر ئوقۇپ بەرگىنا؟

خەيىرنىسا: تۇخان ئوقۇسۇن.

تۇخان: تولا نازلانمىساڭچۇ خەيىرنىسا.

خەيىرنىسا ناخشا باشلايدۇ، ئۇمۇم قوشۇلۇپ ئېيتىدۇ. تۇخاننى ئۇسۇلغا چۈشۈرىدۇ.

خەيىرنىسا: گۈللەر ئېچىلىپ قاپتۇ،
بېرىپ كورىلى باغنى.
سېغىنغان ئىدۇك بىزلەر،
كوپتىن بۇگۈزەل چاغنى.

باغ ئىچىدە يايرايمىز،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمىز.
ياش - قېرى ئوغۇل - قىزلار،
ئىش قويىندا قاينايمىز.

سادىق: بەللى - بەللى، رەخمەت خەيىرنىسا، قولۇڭغا دەرت بەرمىسۇن ئابدىكېرىم، مۇنىداقمۇ ھونۇرۇم بارىدىگىنا.

ئابدىكېرىم: ئىشلىگەندە راسا ئىشلەپ، دەم ئالغاندا ياخشى دەم ئېلىش كېرەك. نىياز ئاخۇندەك خاپا بولۇپ ژۇرۇشنىڭ ئورنى يوقتە. مەسىلە نىياز ئاخۇن راۋاپلىرىنى پىغانلىرىنى چىقارسىلا، بىز كېتەيلى.

تۇخان: خوش نىيازجان، ئەمدى راۋاپنى ئوتىڭىز يامان پەردىسىگە چىلىۋەسىلە.

ھەممە كۈلۈشۈپ چىقىدۇ.

نىياز: بۇ قىز بالا ئابدىكېرىمگە يېقىن بولۇپ قالغانمۇ نىمە؟ ئىستىقۇ كار قىلماپتۇ. ھەي كاژ پەلەك چەرخىڭ بۇزۇق. (يانچۇغىدىن بوتىلكىنى ئېلىپ، ئاستىدا قالغان كىچىككىنە ھاراقنى سۈمۈرۈۋېتىپ، بوتىلكىنى ئېتىزغا چۆرۈۋېتىدۇ.) خەيرىنسا قولۇمغا كەلسە، ئۇنىڭ ئىشلەپ تاپقان ئاشلىغى بىزنىڭ بولاتتى ـ دە، خەپ! ئاشقا چۈشكەن چىۋىندەك ئابدىكېرىم سەن بىزنىڭ پايدىمىزغا ھەممە تەرەپتىن چاڭگال سالماقچى بولۇۋاتىسەن ـ دە. (كۆينىكىنىڭ ياقىسىنى يىشىۋېتىپ كەيىرەك ھالدا راۋاپنى سازقىلالماي ئاۋارە بولىدۇ.) ئامەت قاچقاندا ھېچ ئىش قاملاشمايدىكەن ـ دە. (راۋاپنى كىچىككىنە چېلىپ توختاپ.) ئۇھ! جىنىم خەيرىنسا، يالغۇز ئۇچراپ قالساڭ، ئالمىدەك مەڭزىڭنى گاچ ـ گاچ چىشلەپ ـ چىشلەپ ئالسام...

تۈردى قولىدا بىر قانچە يانچۇغلۇق پورتمانىنى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ.

تۇردى: ۋاي قىزىل كوز ئوغرى، مانىگدىكى بىر مىللىون يوققۇ؟ (پورتماندىكى پۇلنى ئېلىپ كورسۇتۇدۇ.)

نىياز: يەتتى قات ساندۇغىڭىنىڭ ئىچىدىكى نەرسەڭنى مەن نىمە بىلىمەن.

تۇردى: سەن بىلمىسەڭ، بۇنى شەيتان بىلەمدۇ؟ كاززاپ. راستىڭنى ئېيىت نەگە يوقاتتىڭ؟

هاشىم دولىسىدا كەتمەن كىرىدۇ.

هاشىم: يەنە نىمە جىدەل بۇ تۇرداخۇن؟

تۇردى قولىدىكى پۇلنى يوشۇرالماي ئالدىراپ قالىدۇ.

تۇردى: مەن تېرىپ ـ تۇشەپ ھەلەكتە، ماۋۇ بۇزۇپ ـ چېچىپ ھەلەك.

هاشىم: نەق پۇلىمىز يوق دەپ قەسەم ئىچىۋاتاتتىڭغۇ؟

تۇردى: بېشىدا نۇرغۇن ئوت كويۇۋاتقان پۇل ئىدى ـ بۇ.

هاشىم: ئۇقۇلدى، سىلەگە زادى پۇللا بولسا بولۇدىكەن، ئادەمنىڭ كېرىگى يوق ئىكەن.

تۇردى: ئۇنداق ئەمەس. بىرىنىڭ ئامانەت قويغان پۇلتى بۇ.

هاشىم: بولدى، تولاتۇلكىلىك قىلما. ھەممە ئادەم پۇلنى بانكىغا ئامانەت قويۇۋاتسا ساڭا ئامانەت قويۇدىغان قانداق ئادەم ئىكەن ـ ئۇ.

تۇردى: ئاغىزدىكى گەپ ئۇ.

هاشىم: بىر ھېساپتا كادىرلارنىڭ دېگەن سۆزلىرى توغرىكەن جۇما، ئۆزى. (چىقىپ كېتىدۇ.)

تۇردى: مانا، سېنىڭ كاساپىتىڭدىن رەسۋا بولغىنىمنى تۇردۇم.

نىياز: ئۆزەڭ ئۆتۈپ كەتكەن بېخىل، يەنەماڭا نىمەدەيسەن.

تۇردى: (مەسلىگىنى سېزىپ قېلىپ.) ھەي بەدبەخ! مەسمۇ سەن نىمە ؟ ھە... ! پۇلنى مانا شۇنداق قىلىپ يوقۇتۇپسەن ــ دە.

نىياز: پۇل بولسا، چىمەندە گۈل.

تۇردى: (نىيازنىڭ قولىدىكى راۋاپنى تارتىۋېلىپ تەگلەپ) ھەي، ھارامزادە، مەن نىمە كويدا، سەن نىمە كويدا!؟ جاھاننىڭ نىمە بولۇۋاتقىنى بىلەن بىر پايمۇ كارىڭ يوق. (نىيازنى قوغلاپ كېتىدۇ.)

پەردە.

# ئىككىنچى پەردە

## 2 ـ كورۇتۇش

سەھنە ئۆزگەرمەيدۇ، ئېرىق بويىدا ئابدۇكېرىم بىلەن ياچىپكا سېكرېتارى رېھىم قادىر سۆزلىشىۋاتىدۇ.

رېھىم قادىر: ھەرھالدا ئۇنداق قاتتىق كەتمىسەك بولۇدۇ. داداڭنىڭ مىجەزىگە قاراپ گەپ قىلىشىڭ ياخشىراق.

ئابلىكىرىم: ئۆزەمنىڭلا راس دەپ تۇرۇۋالسا، ئادەمنىڭ ئىچى پۇشۇپ قالىدىكەن.

رېھىم قادىر: ھاشىمكامدەك كىشىلەر كوئوپېراتىۋنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىردىنلا چۈشۈنۈپ كېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن زورلىماستىن ئىشەندۈرۈش يولى بىلەن ئىش قىساق بولۇدۇ.

ئابلىكىرىم: ھەممىنى كورۇپ تۇرۇپ چۈشەنمەيۋاتامدۇ.

رېھىم قادىر: مېنىڭ سېزىشىمچە ھاشىمكام ئۆزمىھنەتنى بىلەن كۈن كوچۇرۈشنى يامان كورمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا باي دىخانلار بىلەن سىنىپىي چىگرىسىنى ئايرىۋېلىش ئۈچۈن، زىرىكمەي - تىرىكمەي چۈشەنچە بەرسەك، توغرى يولغا ماڭىدۇ.

ئابلىكىرىم: مۇشۇ يېقىندىن بېرى ئۆزىمۇ ئىككىلىنىپ قالغاندەك تۇرۇدۇ.

رېھىم قادىر: دېمەك كوئوپېراتىۋنىڭ ئەمىلىياتتىكى ئەۋزەللىكىنى كورگەنسىرى قايىل بولۇدۇ. ئەمما تۇردى ساختىغا ھۇشيارلىق بىلەن بايقاش كېرەك.

ئابلىكىرىم: مەنمۇ شۇنى دەيمەندە، تۇرداخۇندەك گېپىغۇاگەر بىر باي دىخانغا ئەگەشكىنىگە خاپىمەن. كوئوپېراتىۋلاردا تېرىقتەك بىر كامچىلىق ئوتكەننى ئاڭلاپ قالسا، ئۇنى توگىدەك قىلىپ كورسۇتىدىغان پىتنىخور كەن - ئۇ.

رېھىم قادىر: ئۇ — قولىدىن ھەر قانداق بۇزغۇنچىلىق كېلىدىغان مەككار.

ئابلىكېرىم: ئىمىنكامنىڭ ئۇكۇنىكى «مېنىڭ ئېتىمنى جىق ئىشلىتىپ تەرلىتىپ‌ۋېتىپتۇ» دەپ ۋاقىرغىنىنى ئاڭلاپ قاپتىكەن، ئۇنى دەررو دادامغا «مانا كوئوپېراتىۋ ئەزالىرىدا يۇتمەس، تۈگىمەس چاتاق چىقتى. ئەمدى بىر — بىرى بىلەن سوقۇشۇپ بىت — چىت بولۇپ تاراپ كېتىدىغان بولدى» دەپتۇ.

رېھىم قادىر: بۇنى دەررو سۈرۈشتۈرۈپ يېتىنىشخورغا رەددىيە بېرىمىز.

ئابلىكېرىم: ئاددى رەددىيە ئەمەس، زەربە بېرىش كېرەك.

رېھىم قادىر: ئەلۋەتتە. سىلەر ياشلار سويۇزىنىڭ ئەزالىرى تۇرداخۇنىدەك ئادەملەرنىڭ يېتىنە — ئىغۋالىرىنى پاش قىلىشقا ئاكتىپ كۈچ چىقىرىشىڭلار كېرەك.

ئابلىكېرىم: بىز ھەر قاچان تەييار رېھىم ئاكا! (ئورنىدىن تۇرۇدۇ.)

رېھىم قادىر: ھە، نەگە؟

ئابلىكېرىم: ھال چۈشكەن بوغدايلارغا دوراچېچىشنى بۈگۈن ئاياغلاشتۇرماقچىدۇق. يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ كېلەي.

رېھىم قادىر: ماقۇل، باشقا ئىشلار توغرۇلۇق بۈگۈن كەچقۇرۇن كوئوپېراتىۋ ئەزالىرى يىغىلىشىدا سۆزلىشەرمىز.



www.uyghurkitap.com

(ئابدىكېرىم ماڭىدۇ.) يەنە بىرگەپ ئاكاگىنى چاقىرىپ كېلىپ، ھاشىمكام بىلەن ئەپلەشتۈرۈپ قويايلى.

ئابدىكېرىم: بولىدۇ. بۇتوغرۇلۇق مەنمۇ ئاپام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قويغان ئىدىم. (كېتىدۇ.)

رېھىم قادىر: مانا بۇياشلار سويۇزدىنىڭ ئاكتىپ ئەزاسى، ژۇرۇگىدە ئوتى بار ژىگىتتە، سەل ئالدىرايدۇ. ھە، ئىشتا چىنىققانىسىرى جايىغا كېلىپ قالىدۇ.

سىرتتىن سادىق بىلەنخەيرىنسانىڭ سوزلەشكەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

سادىق: نەدىن كېلىۋاتىسەن خەيرىنسا؟

خەيرىنسا: سۇ ياقىلاپ كەلدىم.

سادىق: رېھىم قادىر بىلەن ئابدىكېرىمنى كوردۇڭمۇ؟

خەيرىنسا: ئۇلار ئەنە. ئەيەردە نىمە بولدى؟ ئالدىراپ قاپسىزغۇ — سادىقكا؟ جۇرۇڭ كورسۇتۇپ قويايى.

سادىقنىڭ قولىدا دورا چېچىش ئاپپاراتىخەيرىنسانىڭ دولىسىدا كەتمەن ئىككى يېڭى بېلىگىچە تۇرۇلگەن ھالدا كىرىشىدۇ.

سادىق: مانا قارا رېھىم قادىر، سەن پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى بولغاندىن كېيىن، بۇنى ساڭا ئېيتىمىز. يەككە دىخاننىڭ بۇغدىيىغا نىمىشكە دورا چاچىسەن دەپ ئىمىنكام چاتاق قىلىۋاتىدۇ.

رېھىم قادىر: كوئوپېراتىۋ مۇدىرىگە ئېيتمىدىڭىزمۇ؟

سادىق: ئابدىرىشىت ئوزىمۇ بار شۇيەردە. گەپ قىلماي

قاراپ تۇرۇدۇ، دېمەكتە ئۇنى قۇۋۋەتلەۋاتىدۇ.

رەھىم قادىر: نېمىشكە ئۇنداق قىلىدىكىنا؟ سىز يوقمىدىڭىز خەيرىنىسا؟

خەيرىنىسا: مەن سۇ ياقىلاپ كېتىۋىدىم.

سادىق: (ئېتىزغا تەرەپكە قاراپ.) ئەنە ئۆزلىرىمۇ كېلىشتى.
ئىمىننىڭ قولىدا كەتمەن، ئابدىرىشىت بىلەن كېلىدۇ.

ئىمىن: (سادىققا.) مېنىڭ ئۈستۈمدىن داتخورلۇق قىلغىلى كەلدىڭمۇ بۇيەرگە؟!

سادىق: باشقا ئادەمگە گەپ قىلغىنىم يوق، بىزگە يولباشچىلىق قىلىۋاتقان پارتىيەنىڭ كىشىسىگە دەۋاتىمەن.

ئىمىن: (رەھىمگە.) ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ بۇغدىيىنى قۇتقۇزۇشقا مەيلى ياردەم قىلايلى. ئا ـ بۇ، يەككە دېھقانلارنىڭ بۇغدىيىغا نېمىشكە دورا چاچىدىكەنمىز، بۇنىڭغا ئەقلىم ھەيران.

سادىق: «ھال كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالمىساق، پۈتۈن يېزىغا تارقىلىپ كېتىدۇ. كۆپچىلىككە زىيان بولىدۇ» دەپ ئابدىكېرىم مەجلىستە چۈشەندۈرۈپ بەرگىنىنى ئاڭلىدىڭىزغۇ.

ئىمىن: شۇنداق دەپ ئابدىكېرىم دادىسىنىڭ بۇغدىيىغىمۇ چېچىۋاتىدۇ.

رەھىم قادىر: ئۇمۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولغان چارىنى ئابدىكېرىمنىڭ پالانچىسى يەككە دېھقاننىڭ دەپ ئايرىپ

قويمايدىغان بولغانغۇ. (ئابدىرىشتقا.) شۇنداققۇ ئابدىرىشتكا؟

ئابدىرىشت: شۇنـداق. بۇ توغرۇلۇق رايونلۇق پار-
تىيە كومىتېتىنىڭ كورسەتمىسى بار.

تۇخان قوشاق يېزىلغان بىر پارچە قەغەزنى كوتۇرۇپ، ژۇگۇرۇپ كىرىدۇ.

تۇخان: (سىرتتىن.) خەيىرنىسا! ۋاي خەيىرنىـسا!
قەيەردىسەن؟ توپلۇشۇپ تۇرغانلارنى كورۇپ قالىدۇ. ۋىيەي،
ئابدىرىشتكام بۇيەردىكەنغۇ؟

ئابدىرىشت: هە، شەيتانلىقىڭ تۇتتىمۇ نىمە تۇخان؟
نىمە بولدۇڭ؟

تۇخان: مانا كوردۇڭلەرمۇ، تازا قىزىق قوشاق تېپىۋالدىم.

ئىمىن: ئەكە، ئۇ، مېنىكى، مەن ئۇنى مەجلىستە ئوقۇت-
ماقچىدىم. (قولىنى سۇنىدۇ.)

ئابدىرىشت: قېنى بىز كورۇپ باقايلى.

تۇخان: مەن ئوزەم ئوقۇپ بېرىمەن.

ئىمىن: ئەكە، سەن ئوقالمايسەن.

تۇخان: كوزىگە ئىلمايدۇ تېخى. قىشىچە كەچ كۇرستا
خەت ئوقۇشنى ئۇگەنمەي نىمە قىلدۇق؟

ئابدىرىشت: قېنى ئوقى ئاڭلايمىز.

تۇخان: (ئوزىچە ئىنتوناتسىيەلىك قىلىپ ئوقۇيدۇ.)

هاشىم ئاخۇن سەپرا قېرى،
هايدالمىغان ئويدوڭ يېرى.

ئىشىنىپتۇ پاختىغا،
ئېگىلىپتۇ ساختىغا.
قاملاشمىدى ئۇنىڭ ئىشى،
قېتىپ قالدى قاپاق بېشى.
بىزىرىپ قاپتۇ ئېتىزى،
ژىغلاپ قاپتۇ كېۋىزى.
خەيرىنىسادىن باشقا ھەممىسى كۈلۈشىدۇ.

**ئابلىرىشىت:** بەلى ـ بەلى، راسا كېلىشتۇرۇپسەن بۇنى ئىمىنكا. ھەممىدىن كېۋەزنىڭ ئۇشۇپ قالغىنىنى جايلاپسەن.

**خەيرىنىسا:** بولەكچىلا قىلىپ كەتتىڭلەرغۇ. مەن بۇ قوشاقنىڭ چىقىشىنى ياخشى دېمەيمەن.

**ئىمىن:** ساڭا نىمە دەز كەتتى خەيرىنىسا؟

**خەيرىنىسا:** بۇ ئوتتۇرىغا سوغاقچىلىق سېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەممىسىنىڭ تىرىكچىلىكى بىر بولغاندىن كېيىن، يالغۇز ھاشىمكامغىلا ئەمەس، ئابدىكېرىمكام بىلەن تۇنىسا ئاچامغىمۇ تېگىدۇ.

**سادىق:** توپ ـ توغرى گەپ. ئابدىكېرىم بىر نەچچە ئاي ئوقۇپ كېلىپ، بىزنىڭ دىخانچىلىق تېخنىكا ئىشىمىزغا رەھبەرلىك قىلىشقا باشلىدى. تۇنىسا ئاچام بولسا، مەلىدىكى خېلى خوتۇنلاردىن چوشەنچىسى ياخشى. كوئوپېراتىۋقا ئەزا

بولۇشنى جان ــ دىلى بىلەن خالايدۇ.

ئابدىرىشىت: ئۇلار ياخشى بولغان بىلەن دادىسى يامان. كاپىتالىزم يولىغا ماڭىدىغانلارنىڭ بىرى شۇ. ئانداق بولغانــ دىن كېيىن تەنقىت قىلىش كېرەكتە.

رېھىمقادىر: (قوشاقنى قولىغا ئېلىپ.) تەنقىت بېرىش توغرا. بىــز ئۇنىڭسىز كامچىلىقلارنى تۈگىتەلمەيمىز. ئەمــما تەنقىتنى ھېچ نىمە بىلەن ھېساپلاشماي، كوزنى ژۇمۇپ ئېلىپ، كەلسە ــ كەلمەس قىلىشقىرىشكە بولمايدۇ. بۇ قوشاق ھاشىمكامغا تەربىيە بېرىدىغان قوشاق ئەمەس. زىددىيەت ئارىلاشقان زاڭلىق بولۇپ قاپتۇ.

ئابدىرىشىت: جاھىل ئادەم ئۇ، چۈشۈنۈشــكە كوزۇم يەتمەيدۇ.

خەيرىنىسا: ھاشىمكامنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن ھېــ ساپلاشساق، ئابدىرىشتكام باھا بەرگىنىچە ئەمەس.

رېھىمقادىر: پارتىيىنىڭ كوئوپېراتسىيە توغرىسىدىــكى سىياسىتىنى توغرى چۈشەنسەك بولۇدۇ.

ئىمىن: بىزغۇ ئوزى چۈشەندۇق. چۈشەنمىگەنلەرگە زەربە بېرىمىز ــ دە.

رېھىمقادىر: ياق، ئىمىنكا. بۇ توغرى چۈشەنــگەنلىك ئەمەس. بىز يەككە دىخانلارنى توۋەن كورسەك، زەربە بەرــ سەك، كوئوپېراتىۋ بىــلەن قارىمۇ ــ قارشى قىلىپ قويۇپ، خاتا

قىلغان بولۇمىز. بۈگۈنكى يەككە دىخانىنىڭ ئەتە كوئوپېراتىۋ ئەزاسى بولۇدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارمايلى. ئۇلارغا ياردەملىشىپ، ئۆزىمىزگە ئەگەشتۈرۈپ ماڭايلى. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ، يا ئېزىلىدۇ، ياكى ئېزىش يولىغا ئىگىلىپ كېتىدۇ.

ئابدىرېشىت: (ئورنىدىن تۇرۇپ.) مەيلى، قېنى بىز ھاشىمكامنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ياردەملىشىپ كورەيلى. ئۇنىڭ ھايدالماي قالغان ئاق قوناق يېرىنى كوئوپېراتىۋتىن بىر قوش چىقىرىپ ھايداپ بېرەيلىك.

ئىمىن: گەدەن كەشلىك قىلماي بىزدىن چىرايلىقچە ياردەم سورىسا بېرەتتۇق.

رېھىمقادىر: ياردەم بېرەيلى. چۈشۈنۈپ كېلىۋاتىدۇ.

سادىق: بولدى، مېنى چىقىرىڭلار ھايداپ بېرىمەن.

تۇخان: ئېتىزنى ئىككى قېتىم سۇغاردى. يەنە نېمە كېتىپ بېرىپتۇ.

ئابدىرېشىت: ئانداق بولسا، ئىككى قوش چىقىرىپ بىر كۈندىلا ھايدىۋەتسەك بولىدىكەن. بىرىگە سادىق ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن چىقسا، بىرىگە كىمنى چىقارساق بولىدىكىن؟

تۇخان: مەمەتكامچۇ؟

ئابدىرېشىت: ئۇ، قىغ توشۇۋاتىدۇ.

خەيرىنىسا: ئورنىغا قىغ توشۇۋاتقانلار بىلەن مەن ئىشلەپ تۇراي، قوشقا ئۇستا بولغاندىن كېيىن مەمەتكام چىقسۇن.

ئابدىرىشىت: باشقا قىزلاردىن ئارتۇق يېرىك، ھەر ئىشتا تەييار تۇرۇسەندە خەيرىنسا.

تۇخان: ياشلار سويۇزىنىڭ ئەزاسى دېگەن شۇنداق، ھەر ئىشتا بىزگە ئۈلگە بولۇدۇ ـ دە. (ئابدىكېرىم كېلىدۇ.)

ئابدىكېرىم: ئىممىنكا! سىز بۇيەردە ئىكەنسىزغۇ؟

ئىممىن: نىمە بولدى؟

ئابدىكېرىم: بۇغدايىنىڭ سۇيىنى توختىتىايلى. ئاياقتىكى بىر ئېتىزدا كول توختاپ قاپتۇ.

ئىممىن: مەن باراي. (كېتىدۇ.)

ئابدىكېرىم: (سادىققا.) ئىككىسى ئېرىقنىڭ قىرىدا سىزنى ساقلاپ تۇرۇدۇ.

سادىق: (ئابدىرىشتكە قاراپ.) چاچچۇرە يەمۇ ئەمسە؟

ئابدىرىشت: كېلىشتۇققۇ. كەچ كىرىپ قالدى، چاپسانراق تۇگۇتەيلى.

سادىق: كاشىلا قىلمىغان بولسا، بۇ چاقىقا تۇگەيتتى. (چىقىدۇ. باشقىلار ئورنىدىن تۇرۇشۇدۇ.)

رېھىمقادىر: ئابدىكېرىم، ئەرتە كەچقۇرۇن مەلىدىكى دىخانلارنى ژىغساق، سەن ئۇلارغا يېڭى دىخانچىلىق تېخنىكىسى، ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ئۇسۇللىرىنى سوزلەپ بېرىشكە قانداقسەن؟

ئابدىكېرىم: مەنمۇ بۇ توغرۇلۇق ھازىرلىق كوروۋپ قويغان ئىدىم.

ئابدىرىشىت: كوئوپېراتىۋنىڭ مول ھوسۇل ئېلىشى ئۈچۈن پلانلىغان ئىشلىرىنىمۇ قوشۇپ سوزلىسۇن.

ئابلىكىرىم: بولۇدۇ.

رەھىمقادىر: بۈگۈن كەچتە پارتىيە ۋە ياشلار سويۇزى ئەزالىرىنىڭ بىللە ئۆتكۈزۈدىغان مەجلىسى بولۇدۇ. تەييارلىغان نەرسەڭنى ئالغاچ بار. (ھەممىسى كېتىشىدۇ. ئابدىكىرىم بىلەن خەيرىنسا سەھنىدە يېرىم كورۇنۇپ قىلىشىدۇ.)

ئابلىكىرىم: خەيرىنسا!

خەيرىنسا: نىمە دەيسىز؟ (ئىككىسى 2 ـ 3 قەدەمچە سەھنىگە كىرىدۇ.)

ئابلىكىرىم: تۇخاننىڭ زۇگۇرۇپ كېتىپ بارغانلىغىنى ژىراقتىن كورۇپ قالدىم. نىمە بوپتۇ؟

خەيرىنسا: شىتىلە، ئۇ ئېيتىزغاچىقسا، كوڭلى يايراپ، كىيىكتەك چىپىپ ژۇرۇيدۇ.

ئابلىكىرىم: بىر ئىش بولسا، مەن سىزگە ئېيتقىچە ئالدىراپ كېتىمەن. سىز مەندىن يوشۇرۇپ ئېيتمايسىز.

خەيرىنسا: سىزدىن ھېچ نىمىنى يوشۇرغىنىم يوق، كېيىن ئۇقۇپ قالارسىز.

ئابلىكىرىم: ھەر قاچان ئىمىنكامىنىڭ چاتىغىدۇ.

خەيرىنسا: بىلىپ تۇرۇپ نىمىشكە سورايسىز؟ (ژىراقـقا قاراپ.) ئاۋۇ كەتمەن كوتۇرۇپ كېلىۋاتقان ھاشىمكامغۇ؟

ھاشمكا ـ ھاشمكا ! (ژۇگۇرۇپ چىقىدۇ.)

ئابلىكىرىم: بىزنىڭ ئائىلىنى كوئوپېراتىۋقا كىرگۈزۈش ئۈچۈن جان كويدۇرۇپ ژۈرۈسەندە خەيرىنىسا. ياشا ئىشچانقىز.

ھاشىم بىلەن خەيرىنىسا سىرتتىن سوزلۇشۇپ كىلىدۇ.

ھاشىم: قانداق بولاركىن.

خەيرىنىسا: مەمتىكاممۇ يىزىمىزدىكى ئۇستا قوشچىغۇ.

ئابلىكىرىم: نىمە دېيىشىۋاتىسلە؟

خەيرىنىسا: سىلەرنىڭ ھېلىقى ئېتىزنى ھايدىۋېتىش ئۈچۈن مەمتىكام ھازىر سوقا بىلەن چىقماقچى، ھاشمكام سوقا يەرنى بۇزۇۋېتەمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ.

ئابلىكىرىم: بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش دادا. سوقۇدا يەر ئوبدان يۇمشايدۇ.

ھاشىم: ئېتىزنىڭ قىرىنى بۇزۇۋېتەمىكىن.

ئابلىكىرىم: سوقىنىڭ يەرنى قانداق ئاغدۇرۇدىغانلىقىنى ئوزىڭىز كورۇپ تۇرۇسىز.

ھاشىم: (كۇلۇمسىرەپ.) قېنى سىلىنىڭ ئىشىڭلارنىمۇ بىر كورۇپ باقايلى. (ماڭىدۇ. خەيرىنىسا بىلەن ئابدىكىرىم بىر ـ بىرىگە قاراپ شەرەت قىلىپ، كۇلۇمسىرىشىدۇ.)

ئابلىكىرىم: مەنمۇ ھازىر ئارقىڭىزدىن بارىمەن دادا.

خەيرىنىسا: ئىشلىرىمىزنىڭ ياخشىلىقىغا ھاشىمكامىنىڭ كوزى يېتىپ قىلىۋاتىدۇ ـ ھە ئابدىكىرىمكا.

www.uyghurkitap.com

ئابلىكىرىم: جىگدىنىڭ ئارقىسىدا قاراپ تۇرسام، دادام ئۇياق-بۇياققا قاراپ قويۇپ، سوقا بىلەن ھايدالغان يەرنى كورۇپ، توپىسىنى ئۇگىلاپ بىقىۋاتىدۇ.

خەيرىنىسا: دېخانلار بىر چامداپ، بىر ئەمەلىيات ئىزىدە يدۇ دېگەن گەپ مۇشۇدە.

ئابلىكىرىم: بىزنىڭ بوۋايمۇ تەشكىللىنىپ ئىشلەشنىڭ ئارتۇقلىغىغا ئىقرار بولۇۋاتىدۇ. مەن بۇنىڭغا ناھايىتى خوشال بولۇۋاتىمەن.

خەيرىنىسا: كېلەر ژىلى كوئوپېراتىۋىمىز كېڭەيسە، بۇنىڭدىن خېلى چوڭىيا ئابدىكىرىمكا.

ئابلىكىرىم: ئەلۋەتتە. كوئوپېراتىۋ بارغانسېرى تەرەققى قىلىپ، ئېتىزلاردا تراكتورلار، كومبايىنلار گۆپۈلدەپ ژۈرۈشكە باشلايدۇ.

خەيرىنىسا: مەن تراكتور ھايداشقا بەك قىزىقىمەن.

ئابلىكىرىم: مەن ئاگرانوم بولۇپ، سىز ھايدىغان يەرلەردە مول ھوسۇل يېتىشتۈرۈشكە، ئەنە قاراڭ، (كورسۇتۇپ.) تەلپۇنۇپ تۇرغان بۇغدايلارنىڭ سىرىنى بىلىشكە، ئېچىلغانىدا سىزگە ئوخشاش كۇلۇپ تۇرۇدىغان كېۋەزلىرىنى ئەركىلىتىشكە قىزىقىمەن.

خەيرىنىسا: قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز. (يەرگە قارايدۇ.)

ئابلىكىرىم: (خەيرىنىسانىڭ مورىسىگە قولىنى قويۇپ.)

خەيىرنىسا كولىلىكتىۋ بولۇپ ئەمگەك قىلىشنىڭ كەلگۈسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈۋاتىمەن.

(مۇزىكا)

خەيىرنىسا: قانداق دەيسىز؟

ئابلىكىرىم: يېزىمىزدىكى قىڭغىر - سىڭغىر ئۆيلەرنىڭ ئورنىغا ئېلېكترلىك يېڭى ئۆيلەر، ئاجايىپ چىرايلىق باغلار، كلۇبلار، مەكتەپلەر، دوختۇرخانىلار، يەسلىلەر.

ئاسماندا كەچكى كۆن قىزىلى كۆرۈنىدۇ.

خەيىرنىسا: (ئالقانلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ.) ئۇھ! بەخت شۇدە. شۇ چاغلاردا ئىشلار تېخمۇ كوڭۇللۇك بولۇپ كېتىدۇ.

ئابلىكىرىم: كەڭ ئېتىزلاردا ئەمگەك تويىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

مۇزىكا ئەۋجىگە چىقىدۇ. ئۇلار ژىراقلارغا زوق بىلەن قاراپ تۇرغاندا، رېھىم قادىر قولىدا كەتمەن ئالدىراپ كىرىدۇ.

رېھىمقادىر: بۇ نىمە ئىش؟ قۇناق تەگەن ئېتىز تەرەپتىكى توغاننى ئورۇۋېتىپتۇ.

ئابلىكىرىم: ھە؟ تېخى ئۇنىمىگەن قۇناقىقا كىم سۇ قويۇۋەتتى؟

خەيىرنىسا: جۇرۇڭلا چاپسان ئېتىۋالىلى.

ژۈگۈرەيدۇ. باشقىلارمۇ ئالدىراپ چىقىپ كېتىدۇ. تۇردى ساختى قولىدا كەتمەن، پەشلىرى ھول، يۈزىگە لاي چاچرىغان ھالدا ھودۇقۇپ كىرىدۇ.

تۇردى: مانا ئەمدى كاتەكچە قىلىپ تەردۇق دەپ

ماختا نغان قۇناقلىرىنىڭ سېغىزلا يدىن باش كوتۈرۈپ چىققىنىنى كورۈپ باقاي.

توغاننى ئىتتىۋاتقان دېخانلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ.

1 ـ ئاۋاز: ئابدىرىشىتكا! ـ ئابدىرىشىتكا! كەتمەن كېرەك، كەتمەن.

2 ـ ئاۋاز: ھە، جىنىراق تاشلا يەنە ـ يەنە.

3 ـ ئاۋاز: پاخال ـ پاخال.

4 ـ ئاۋاز: چاپسان بولۇڭلار!

5 ـ ئاۋاز: ھە، قېنى چىم باس.

تۇردى: (ساقلىنى سىقىمداپ.) خەپ، ئىتتىۋالدىغان بولدى ـ دە. (ماراپ تىڭشايدۇ.) ھاشىم دېگەن سەپرانى بۇ ئىشقا تارتىشتىن قوقمىغان بولسام يالغۇز كېپ قالمايتتىم ـ دە. خەپ...!

2 ـ ئاۋاز: بولدى چوڭيۇندەك بولۇپ كەتتى. خوش ئەمدى بۇنى كىم قىلغان دەپ ئويلايسىلەن؟

1 ـ ئاۋاز: ھە، مانا شۇنى تېپىش كېرەك.

ئاۋازلار: تېپىش كېرەك، تۇتۇش كېرەك، مىجىغىنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك. (تۇردىنىڭ كوزلىرى چەكچىيىپ، ئارقىسىغا دالجىيدۇ. توغاننى توساشقا كەتمەن كوتۈرۈپ يارـ دەمگە كېلىۋاتقان ھاشىمغا ئۇچۇراپ قېلىپ، ھودۇققان ھالدا تۇرۇپ قالىدۇ.)

پەردە.

# ئۈچىنچى پەردە

يېزا مەكتىۋى ئالدىدىكى مەيداندا ئىككى تۈپ قارا ياغاچنىڭ ئارقىسىغا ياسالغان سەھنە گىلەملەر تارتىلىپ، بايراقلار قادالغان، تېـرەكلەرگە لوزۇنـكىلار چاپلانغان. ژىراقتا ئېتىز ۋە سارغايغان دەرەخلەر كۆرۈنۈپ تۇرۇدۇ. كوئوپېراتىۋ ئەزالىرىنىڭ مول ھوسۇل ئېلىشنى ۋە رايون بويىچە نەمۇنىچى بولۇپ چىقـقانلارنى تەبرىـكلەش ئۈچۈن چوڭ مەجلىس ھازىرلىقى بولۇۋاتىدۇ. سادىق بىلەن تۇخان قىزىل پەرەگـگە يېزىلغان چوڭ لوزۇنكىنى ئىككى تۈپ قارا ياغاچ ئارىلىقىغا تارتىۋاتىدۇ.

تۇخان: (سەكرەپ چۇشۇپ.) سادىقكا! قولىڭىزنى سەل ژۇقۇرىراق كۆتۈرۈڭ!

سادىق: ژۇقۇرىراق دەۋېرىپ، ياغاچنىڭ ئۇچىغاچىقىرىـۋېتىمىزمۇ بۇنى؟

تۇخان: بىزنىڭ مول ھوسۇل ئالـغىنىمىز پۈتۈن يېزىغا كۆرۈنۈپ تۇرسۇن.

سادىق: ماختانچاقنى قارا. (چۇشۇپ تاملارغا لوزۇنكا چاپلايدۇ.)

تۇخان: ماختىنىشـقا ھەقـقىمىز بار سادىقكا! بىـزنىڭ

كوئوپېراتىۋ ۋىلايەت بويىچە مول ھوسۇل ئالدى. مانا ئەمدى پۈتۈن دىخانلارغا ئۈلگە بولۇدىغان بولدۇق.

سادىق: شۇنداق بولسىمۇ تولا كورەڭلەپ كەتمىسە بولامكىن.

توخان: ئاتا ـ بوۋىمىز كۆرمىگەن مۇنداق كۈنلەرنى قارشى ئېلىۋاتقىنىمىزغا سىز خوشال بولمايۋاتامسىز؟

سادىق: مەنمۇ خوشال بولۇۋاتىمەن. لېكىن ساڭا ئوخشاش ماختانچاق ئەمەسمەن.

توخان: چىداڭ! بىزنىڭ كوئوپېراتىۋتا نەمۇنىچى ئاياللاردىن چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ماختىنالمايسىز. «نەمۇنىچى خەيرىنىسا» دەپ بېقىڭا تىلىڭىز كېلەمدىكىن.

سادىق: بىز ئۇنىڭغا تارلىق قىلىۋاتقىنىمىز يوق. ھەممىمىز ماقۇللۇدۇقمۇ. (ياغاچتىن چۈشۈپ كىيىملىرىنى قاقىدۇ.) رايكوم سېكرېتارىنىڭ «ئۇتۇقلارنى كۆرۈپ كورەڭلەپ كەتمەيلى، بىرلىك ئىتتىپاقنى تېخىمۇ چىڭىتىپ كوئوپېراتىۋنى يەنە بىر قەدەم ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ھەركەت قىلايلى» دېگەن گەپلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

توخان: (ياغاچتىن سەكرەپ چۈشۈپ.) گەپ چېنىڭ كەتكەندە شۇنداق دەيسىز دە.

ئابدىرىشىت كىرىدۇ.

ئابدىرىشىت: ھە، يەنە ئاغزىڭ ئېچىلىپتىغۇ سىنىڭ،

تۇخان؟

سادىق: بۇ گەپئانىسى ناغراچىلىۋاتىدۇ. قۇلۇغۇمنى پۇتكۈزۈۋەتتى.

تۇخان: چىداڭ ناغراچالىمىز، كارنەي چالىمىز، سۇنەي چالىمىز. بىلەمسىز، بۇگۈن كوئوپېراتىۋنىڭ مول ھوسۇل ئېلىش تويى، رايوندىكى پۈتۈن نەمۇنىچىلارنىڭ تويى، تېخى يەنە بىرسىنى ئېيتىۋېتەيمۇ، ئاز كۈندە ئابدىكېرىم بىلەن دوستۇم خەيرىنىسانىڭ تويى بولۇدۇ. مانا خوشاللىق ئۈستىگە خوشاللىق. تازا ئوينايمىزدە ئابدىرىشتىكا. (قولىنى تارسىلدىتىپ ئۇسۇل ھەركىتى قىلىدۇ.)

ئابدىرىشىت: ئاۋال ئىشنى چاپسانراق تۈگەت تۇخان. ئاندىن ئوينىساڭ يارىشىدۇ.

تۇخان: يازىچە ئىشلىگەشكە بىزنىڭ ئائىلە 3 مىڭ جىڭ بۇغداي، 20 تاغار قۇناق، بىر مۇنچە كىۋەز ئالغاندۇ.

سادىق: بەش مىڭ جىڭغا يېقىن بۇغداي ئالغان كوئوپېراتىۋ ئەزالىرىمۇ بار، سەنچىلىك سەكرەپ كەتكىنى يوق.

تۇخان: ئىمىنكام بىلەن بىزنى سېلىشتۇرالمايسىز. ئۇ تاغامنىڭ ئېتى، ئىشەكلىرى بىللە ئىشلىشىپ بەردى. بىز بولساق ئەر ــ خوتۇن ئىككىمىزلا ئىشلىدۇك. گەپنىڭ توغرىسىنى ئېيتىش كېرەك. بۇرۇن بىزگە ئوخشاش كەمبىغەللەرنىڭ ئويىگە چاشقان كىرسە، يامانلاپ چىقىپ كېتەتتى. ئەمدىچۇ، ئالغان

ئاشلىغىمىزنى سىغدۇرالمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن خوشاللىقىمىز ئىچىمىزگە سىغمايۋاتىدۇ.

ئابدىرىشىت: قىنىڭغا پاتمايدىغان چوكاندە سەن، مەيلى ماختىنىشقا ھەققىمىز بار. سەكرە، ئوينا سىڭلىم. مەجلىسنىڭ ئاخىرىسىدىكى كوكۇللۇك ئولتۇرۇشنى قىزىتىۋەت.

تۇخان: ھە، مانا گەپنى ئابدىرىشتىكامدەك قىلمامسەن سادىقكا!

سادىق: ساڭا ئانداق دەپ بېرىدىغان بولسا، مەجلىسنى بېشىڭغا كىيىسەن — دە.

ئابدىرىشىت: جۇرۇڭلەر باشقاتەييارلىقلارنى تۇگۇتەيلى.

مەكتەپ تەرەپكە چىقىدۇ.

نىياز: (كىرىپ ئەتراپقا قارايدۇ.) بۇيەرنى ئەرەخ — پەرەخ قىلىۋېتىپتىغۇ. خېلى چوڭ مەجلىس ئاچامدۇ — نىمە؟ خەيىرنىساخانلارنىڭ ياسىنىپ كەتكىنىدە گەپ باركەن — دە. ياغدا — ياغلىغاندەك، سۇدا سىرلىغاندەك ھەجەپ بالدە جېنىم — ئالتۇن. (قوينىدىن تۇما ئېلىپ.) ئەمدى ماۋۇ تۇمانى (ژىراقنى كورسۇتۇپ.) ئاۋۇ سىبدىگە ئېسىپ قويسام شامالدا ئۇچۇپ ژۇرۇگىنى راسا ئوينۇتودۇ — دە.

ھاشىم: (قولىدا ئەرزە كوتۇرۇپ كىرىدۇ.) سەن بۇ‑يەردە نىمە قىلىپ ژۇرۇسەن؟

نىياز: بىكار، مۇنداق تاماشا قىلىپ...

ھاشىم: ھىم... تاماشا! ئابدىرىشتىنى كوردۇڭمۇ؟

نىياز: كوئوپېراتىۋ مۇدىرىنى ئىستەپ قەيسىزغۇ ھاشىمكا؟ نىمە ئىشىڭىز بارىتى؟

ھاشىم: ئۇنىڭ بىلەن سىنىڭ چاتىغىڭ بولمىسۇن. كوردۇڭمۇ يوقمۇ؟ شۇنى دە.

نىياز: ياق. ئەمدى، مەيەگە كېلىڭا، سىزگە گېپىم بارىتى. (ھاشىمنىڭ يېڭىدىن تارتىدۇ.)

ھاشىم: (قولىنى تارتىپ.) قانداق نىمە سەن، ئوزى. جۇگۇ تاماشاڭنى قىل!

نىياز: سىزمۇ كوئوپېراتىۋقا كىرمەكچى بولۇۋاتىسىز، ئۇنى بىلىمىز.

ھاشىم: كىرسە يامان بولامدىكەن؟

نىياز: دادام كالىنى بەرمەي سىزنى ئالداپ رەنجىتىپ قويدى ھاشىمكا!

ھاشىم: داداڭ دېگەن ئېغۋاگەرنىڭ يامان نىيىتىنى بۇرۇن بىلمىگەن ئىكەنمەن. مانا ئەمدى ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىگىنى بىلىپ قالدۇق، ئوزى. كەپېراتىۋ توغرىسىدا تارقىتىپ ژۈرگەن پىتنە-ئېغۋالىرى، قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى پۈتۈن جامائەت ئالدىدا پاش قىلىنىپ شەرمەندە بولۇپ بېسىقتۇرۇلدى. داداڭ دېگەن قىزىل كوز كەپىراتىۋ ئەزالىرى ئالغان ئاشلىغىنى ئوزلىرى ئېگە بولالمايدۇ، دەيتتى. ئايىغىدا

نىمە بولدى. بىز ئاران 4 تاغا ئاشلىق ئالدۇق. كەپىراتىۋ ئەزالىرى ئۆزلىرىگە تەككەن ئاشلىقلىرىنى ئۆنلاپ ــ ئۆنلاپ ئۇلاقتا توشۇۋاتقىنىنى كورمىدىڭما؟!

نىياز: سىز بىلەن بىز ياخشىدۇققۇ ھاشىمكا؟

ھاشىم: ھازىر ياخشى ئەمەس. (قولىنى سىلكىپ ماڭغاندا، ئالدىغا كوئوپىراتىۋقا كىرىش ئۈچۈن ئەرىزە بىرىپ قايتقان ئىككى دىخان يولۇقۇدۇ.) قۇناخۇن نەدىن كىلىۋاتىسىلەر؟

قۇناخۇن: كوئوپىراتىۋقا كىرىش ئۈچۈن ئەرىزە بىرىپ كەلدۇق.

ھاشىم: ئابدىرىشىت نەدىكەن؟

ئۆمەر: مەكتەپنىڭ ئىدارىسىدا قالدى.

ھاشىم: نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

قۇناخۇن: خەت كورۇشۇۋاتىدۇ.

ھاشىم مەكتەپ تەرەپكە، ئىككى دىخان ئۆيىنىز تەرەپكە كىتىدۇ.

نىياز: مانا ئەمدى بۇ قىرىمۇ بۇرۇنقى ھاشىمكام ئەمەس. ھازىر بۇ، بىزگە قارىغاندا ئاۋۇلارغا ئوخشاش كەمبىغەل دىخانلار بىلەن يىقىنلىشىپ، كوئوپىراتىۋقا كىرىپ كىتىدىغان بولدى ــ دە.

تۇنىسا: (كىرىدۇ.) بۇ يەرگە ھاشىمكاڭنى ئەگىشىپ كەلدىڭمۇ؟

نىياز: ياق، ئۆزەم مۇنداق...

تۇنسا :  ئەمدى ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرالمايسەن.
نىياز :  تۇنسا ئاچا ، مەن ھاشىمكامغا ھېچنىمە دېمىدىمغۇ...
تۇنسا :  ئەگرى دەسسىمەي ، تۈز يولغا ماڭ. بولمىساسەنمۇ
داداڭ بارغان جايغا بارىسەن.
نىياز بېشىنى سىلىپ ئاستا چىقىپ كېتىدۇ. مەكتەپ تەرەپتىن ھاشىم كېلىدۇ..
تۇنسا :  ئەرزنى بەردىڭمۇ ؟
ھاشىم :  ياق.
تۇنسا :  ئالايتەن ئاپىرىپ ، ھەجەپ بەرمەي كەپتىڭغۇ؟
ھاشىم :  باشتا كىرىشكە ئۇنۇمۇدۇم . ئەمدى كەپىراتىۋقا
كىرىمەن دېسەم بىزگە ئىشەش قىلمايدىغان ئوخشايدۇ.
تۇنسا :  بىزگە نېمىشكە ئىشەنمەيدۇ؟
ھاشىم :  قويۇڭلا ، نومۇسقا قالىدىغان ئوخشايمەن.
تۇنسا :  توۋا ، نېمىدىن نومۇس قىلىدىلا. كوئوپىراتىۋ
مۇدىرى ئالدىمىزدا ئوسكەن ، ئوزىمىزنىڭ بالىمىزدەك كادىرغۇ.
ھاشىم :  بالىمىز ، ھە ، مەن ئۇنىڭ ئارپىسىنى خام ئورغان-
مىدىم ، ئوزى. قاپاق ئېچىپ قاراپمۇ قويمايدۇ.
تۇنسا :  زادى يېنىغا بېرىپ ئەرزنى كورسەتتىڭمۇ؟
ھاشىم :  شۇ ساقىلىم بىلەن سالام قىلسام ، سالىمىمنى
ئىلىك ئالمىدى.
تۇنسا :  ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ سىلىنى كورمەي
قالغاندۇ.

هاشىم: بۇ ئاي، بۇكۇنلەردە ئابدىرېشىتنىڭ قازىنىمۇ ياغ، چومۇچىمۇ ياغ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە قارنىسىمۇ كەلمەيدۇ.

تۇنسا: نەچچە كۈندىن بېرى ئەرتىيازدىلا كۆئوپېراتىۋقا قوشۇلمىغانلىغا پۇشايمان قىلىۋاتاتتىلا، بىر دەمدىلا تونلىرىنى تەتۈر كېيىپ ئاپتىلىغۇ يانا؟

رېھىم قادىر بىلەن ئابدىكېرىم كىرىدۇ.

رېھىم قادىر: (تۈزۈلگەن سەھنىگە قاراپ.) خېلى ياخشى زىننەتلىنىپتۇ، ھە. (ھاشىمغا قاراپ.) قانداق ھاشىمكا يارامدۇ؟

ھاشىم: ھەئە، قاملىشىپتۇ.

ئابدىكېرىم: ئەرزىنى بەردىڭىزمۇ، دادا؟

ھاشىم: (ساقىلىنى تاتلاپ.) كەپىراتىۋقۇ ياخشىكەن. شۇبەزى ئادەملەر بىلەن چىقىشماق تەستەك تۇرىدۇ.

ئابدىكېرىم: يەنە نىمە بولدى سىزگە، دادا؟

تۇنسا: «ئابدىرېشىتتىن رەنجىپ قاپتۇ».

رېھىم قادىر: نىمىشكە رەنجىپ قالدىڭىز ھاشىمكا؟

تۇنسا: «ماڭا قارىمىدى» دەپ.

رېھىم قادىر: كىشىلەر بىلەن چىقىشالمايمەن دېگىنىڭىز قىزىق، مانا بىز سىز بىلەن چىقىشمىزغۇ.

ھاشىم: ئېگىلگەنگە ئېگىل، بېشىڭ يەرگە تەككىچە، غادايغانغا غاداي، بېشىڭ كۆككە يەتكىچە.

ئابلىكىرىم: دادا كوئوپېراتىۋتا بىر - بىرىنى زوۇقۇرى - تۆۋەن كۆرۈش يوق. ھەممە ئىش كۆپچىلىكنىڭ ئىختىيارى بىلەن بولىدۇ.

ھاشىم: (بوشاشقان ئاۋاز بىلەن.) ئىختىيارلىقتۇر، لېكىن جامائەتچىلىكتىن چىقىپ كېتىش ئېغىر ئىش...

رېھىم قادىر: ناھايىتى توغرى ئېيتتىڭىز، تۆپتىن ئايرىلغان قوينى بۆرى يەيدۇ. سىزدەك تەجرىبىلىك دېھقانلارنى كۆپچىلىك ئۆز قوينىغا ئېلىشنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىدۇ.

ئابلىكىرىم: دادا ئەكېلىڭ، ئەرزنى مەن بېرەي.

ھاشىم ئەرزنى ئابلىكىرىمگە بېرىدۇ.

تۇنىسا: مەجلىس قاچان ئېچىلىدۇ؟

ئابلىكىرىم: ئاز قالدى، ۋەكىللەر كەلسە باشلىنىدۇ.

ھاشىم: (تۇنىساغا.) جۇرۇڭلە، بىز مۇكىيمىلىرىمىزنى يەڭگۈشلەپ مەجلىسكە كېلىلى.

رېھىم قادىر: ھە، ھە، ناھايىتى ياخشى، قارشى ئالىمىز.

تۇنىسا بىلەن ھاشىم كېتىدۇ.

ئابدىرىشىت: دادام قىزىق ئادەمدە، سىركىسى سۇ كۆتەرمەيدۇ.

ئابدىرىشىت تەييارلانغان دوكلاتنى تۇتۇپ كېلىدۇ.

ئابلىكىرىم: دوكلاتنى تەييارلاپ بولدۇم، ماناھېلىقى يېرىنى مۇنداق دەپ تۈزەتتىم. (بىر ۋاراقنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ

ئوقۇيدۇ.) كوئوپېراتىۋىمىزنىڭ مۇندداق مول ھوسۇلغا ئىگە بولۇشى، ئۇنىڭ كوللېكتىۋ ئەمگەك قىلىشى بىلەن يېڭىچە دېخانچىلىق تېخنىكىسىنى قوللۇنۇشىدىن بولدى. (يەنە ئىككى ۋاراق ئۇرۇپ.) مانا بۇيېرى دېخانلار كوئوپېراتسىيىنىڭ يەككە ئىگىلىككە قارىغاندا ئەۋزەللىكىنى ئەمەلىياتتا كۆرۈپ، كوئوپېراتىۋقا كىرىشنى تەلەپ قىلغان ئەرزلىرىنى ناھايىتى نۇرغۇن بېرىۋاتىدۇ. (قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ.) ئەزالار سانىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنىمۇ كىرگۈزدۇك.

رېھىم قادىر: پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۇسكەنلىكىنىمۇ كىرگۈزدۈڭلەرمۇ؟

ئابلىرىشىت: ھەئە، ئەرتىياز بىزدە پارتىيە ئەزاسى ئۈچ، ياشلار سويۇز ئەزاسى تۆرت ئىدى. مانا ئەمدى پارتىيە ئەزاسى 9، ياشلار سويۇز ئەزاسى 15 كە يەتتى دېيىمىغۇ.

رېھىم قادىر: كەمبەغەل دېخانلارنى كوئوپېراتىۋقا كىرگۈزۈش خىزمىتىگە ئىپتىۋار بېرىشىمىز يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى كىرگۈزدىڭلەرمۇ؟

ئابلىرىشىت: ھەئە، كامچىلىقلارنى كورسەتكەن يەرگە كىرگۈزدۇق.

رېھىم قادىر: ئەمدى خېلى تولۇقلۇنۇپتۇ. (ئابدىرىشىتكە قاراپ قويۇپ.) ئۇتۇقلارنى كۆرۈپ، بەزى كىشىلىرىمىزدە كورەڭلەش پەيدا بولۇپ قالدى — دېگەننىمۇ كىرگۈزۈپ قويساق

قانداق ئابدرىشتىكا؟

ئابلىرىشىت: بىزدە مۇنداق ئەھۋاللار يوقتۇ.

رېھىم قادىر: نېمىشكە، بولۇۋاتىدىغۇ.

ئابلىرىشىت: تاڭ، مەن مۇنداق ئادەمنى سەزمىدىم.

رېھىم قادىر: مەن بۇنى ئۆزىڭىزنىڭ ئەمىلىيىتىدىنلا سېزىۋاتىمەن.

ئابلىرىشىت: مەن كورەڭلەپ ھېچكىم بىلەن بىرنەرسە دېيىشمىدىمغۇ؟

رېھىم قادىر: گەپ ئۇنىڭدىلا ئەمەس. ئۆزىڭىز كەمبىغەل دېھقاندىن چىققان تۇرۇپ، ئەۋۇكۇنى ئىككى كەمبىغەل دېھقاننىڭ كوئوپېراتىۋقا كىرىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئەرزىنى ئالماپسىز. يەنە بۇگۇن ھاشىمكامنىڭ ئەرزىنى نېمىشكە ئالمىدىڭىز؟

ئابلىرىشىت: مەن بۇ ئادەمنى ئازراق چوچۇسۇن دېگەن ئىدىم.

ئابلىكىرىم: دادام ئەرتىيازدىن بېرى چوچۇپ، ھەممە ئاچچىقى چىقىپ بولدى، ئابدرىشتىكا.

رېھىم قادىر: ئۇ، چوشۇنۇپ ئالدىڭىزغا كەلسە، يەنە چوچۇتىمەن، دەپ كورەڭلىسىڭىز ئۇنى قارىمايغا ئايلاندۇرۇپ قويۇسىز.

ئابلىرىشىت: توغرى، بۇبىزدىن ئوتكەن كامچىلىقكەن.

رەھىم قادىر: كامچىلىقنى ئىقرار قىلىش ياخشى، ئەمما ئۇنى ئەمەلدە تۈزۈتۈش كېرەك.

ئابلىكېرىم: ئېمىنكام ئۇكۇنكى تەنقىتتىن كېيىن شەخسىي غەرىزى ئۈچۈنلا جىدەل قىلىدىغان ئىشلىرىدىن قالدى. بۇ ئادەمنىڭ شۇ ئەمەلىيىتىدىن ھەممىمىز ئۈلگە ئالساق بولىدۇ-دە.

ئابدىرىشىت: مەن باشچى بولغان ئۈچۈنلا بۇ ئۇتۇقلار قولغا كەلدى دەپ چۈشۈنۈپتىمەن. كامچىلىقىمنى كوئوپېراتىۋ ئەزالىرىنىڭ مەجلىسىدە ئېيتىپ، ئۆزەمنى تەنقىت قىلىمەن. (مەكتەپ تەرەپتىن ئابدىرىشىتنى چاقىرغان ئاۋاز كېلىدۇ.) مېھمانلار ئۈچۈن ھازىرلانغان جاينى كۆرۈپ كەلسەك. (ئابدىكېرىمگە قاراپ.) ئابدىكېرىم سەن يوللارغا چاپلايدىغان لوزۇنكىلار بار ئىدى، شۇنىڭغا ياردەملىشىپ بەرگىنا!

ئابلىكېرىم: بولىدۇ.

رەھىم قادىر بىلەن ئابدىرىشىت كېتىدۇ. خەيرىنىساخەت يېزىلغان لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ.

خەيرىنىسا: ئابدىرىشىتكامنى كۆردىڭىزمۇ؟

ئابلىكېرىم: نېمە قىلىسىز؟

خەيرىنىسا: ماۋۇ لوزۇنكىلارنى قەيەرگە چاپلايمىز كىن؟

ئابلىكېرىم: ئەكېلىڭ، مەن سىزگە ياردەملىشىدىغان بولدۇم. بۇنى يول بويىغا چاپلايدىكەنمىز. (لوزۇنكىنى قولىغا ئېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ.) «ئىشلەپ چىقىرىشتا نەمۇنىچىلەردىن

ئۇلگە ئالالىلى!»... (خەيرىنىساغا قاراپ.) كوئوپېراتىسسىيىنىڭ ئىشچان قىزلىرىدىن ئۇلگە ئېلىشقا چاقىرىپتۇ - دە.

خەيرىنىسا: پۈتۈن نەمۇنىچىلەردىن دېگەن گەپتۇ؟

ئابلىكىرىم: بولۇپمۇ بىزگە ئەڭ يېقىن تۇرغان نەمۇنىچى قىزنىڭ ئۇلگىسى (كوزىنى يېرىم ژۇمۇپ.) كوڭلىمىزدە ئوچمەس بولۇپ يالتىرايدۇ.

خەيرىنىسا: (كۇلۇپ.) شۇنىڭ ئۇچۇن كوزىڭىزنى ژۇمۇپ ئاپتىكەنسىز - دە.

ئابلىكىرىم: خەيرىنىسا، زامان بىزگە كۇلۇپ قاراۋاتىدۇ. ئەمدى ئاتا - ئانىلار بىلەن، سىلە بىلەن بىللە بەخت يولىدا تېخىمۇ چوڭ غۇلاچ تاشلاپ ئىشقا چۇشۇمەن.

ژىراقتىن كوپچىلىك دېخانلارنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ.

يېزىمىز ئاۋات بولدى،
كوڭلىمىزمۇ شات بولدى.
ئىشلە ئىشچى - دېخانلار،
ھەجەپ ئوبدان زامان بولدى.

خەيرىنىسا: بىز ھەجەپ ناخشىغا ئامراق خەقتە. سىز ناخشىنى ياخشى كورەمسىز؟

ئابلىكىرىم: ئەلۋەتتە. ناخشىچىنىمۇ ياخشى كورۇمەن. سىزچۇ؟

خەيرىنىسا: مەنمۇ ئامراق. شۇنىڭدەك راۋاپنىمۇ ياخشى

www.uyghurkitap.com

كورۇمەن. سازنى ئاڭلىسام ئاڭلىغىم كېلىدۇ.

ئابلىكىرىم: شۇنىڭ ئۈچۈن باھاردا نىيازنىڭ راۋىيىنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ كېتىپتىكەنسىز ـ دە؟

خەيرىنىسا: نېمە دېگىنىڭىز ئۇ؟ ئۇ بېزەكىنى كورىدىغان كوزۇم يوق.

ئابلىكىرىم: ئەمىسە، ھەجەپ چىرايىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىپتىكەنسىزغۇ؟

خەيرىنىسا: ئۇ مەسنى زاڭلىق قىلىپ ئوينايمىز دەپ تۇخان مېنى تۇتۇپ ئالغان ئىدى.

ئابلىكىرىم: كوڭلىڭىزدىكىنى يوشۇرۇۋاتىسىز ـ دە خەيرىنىسا.

خەيرىنىسا: ئادەمنىڭ چىشىغا تەگمىگا. گۇمانخوركەنسىز.

(ماي تارتىپ پەرەڭ لوزۇنكىغا قارىۋالىدۇ.)

ئابلىكىرىم: (خەيرىنىسانىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ.) ئالاكۇچۇكلەر كېلىپ قالدىمۇ نېمە؟ ماڭا قاراڭا؟

تۇخان سىپۇەتتە ئۈزۈم، قولتۇغىدا قوغۇن كوتۇرۇپ كىرىدۇ.

تۇخان: ھويت ـ ھويت مائىككىسىنى.

خەيرىنىسا: (تۇخانغا.) سىنىڭ كاشىلاڭ. نىياز دېگەن ھاراق ـ كەش كېلىۋاتىدۇ، كېتىلى دېسەم ئۇنۇماي، مانا ئەمدى گەپكە قېلىۋاتىدۇ كىشى.

تۇخان: گەپكە قالىغىدەك نېمىش بوپتىكەن. (ئابدـ كېرىمگە.) ئۇ قاپاق باشنى كولدۇرلاتقان مەن. شۇنىمۇ گەپ

دەپ كوتۇرۇپ ژۇرەمسىزا؟

ئابلىكىرىم: ھىچ گەپ يوق چىقىشىۋاتىمەن.

تۇخان: بىكارگەپنى قويۇپ ئۇزۇمگە ئېغىز تېگىشسىلە.
(خەيرىنىساغا بىرساپاق ئۇزۇمنى توققۇزۇپ قويۇدۇ.)

ئابلىكىرىم: ئۇزۇمدىن ئىككى تال ئۇزۇپ، بىرىنى ئاغزىغا سالىدۇ. بىرىنى قولىدا تۇتۇپ.) ھەجەپ سۇزۇك ناۋاتتەك ئۇزۇمكىنا خەيرىنىسا؟ (خەيرىنىسا كۇلۇمسىرەيدۇ.)

تۇخان: ئاق ئالما قىزارغاندەك
قىزىل يۇزلۇگۇم يارىم.
ناۋات بىلەن ژۇغارغاندەك،
شىرىن سوزلۇگۇم يارىم دېمەمسىز؟

خەيرىنىسا: ۋىيەي شىتىلە.

تۇخان: ئىتىلە بىلەن پىتىلە. سىلەرنىڭ تويۇڭلارنىمۇ بۇگۇنكى مول ھوسۇل ئىبلىش تويىغا قوشۇپ قىلىۋەتسەكمۇ ئىش پۇتەتتى.

ئابلىكىرىم: شۇنى دېگىنا تۇخان.

خەيرىنىسا: ۋىيەي تېخى...

تۇخان: كۇزلۇك ھوسۇلدىن كېيىن دېيىشتىڭلەر، ئۇنىمۇ ئىبلىپ بولدۇق.

خەيرىنىسا: مەن شەھەرگە نەمۇنچىلەر مەجلىسىگە بارىمەن.

ئابدىكېرىم: ئۇنۇڭدىن كېيىن، كۆزگە بوغدايىنى تېرىپ بولالايلى دەيدىكەنسىزدە؟

تۇخان: بىزنىڭ ئۆيلە چەيىنەكتە،

چاي قاينايدۇ چەيىنەكتە.

قاچانغىچە زۇرۇسىلە،

كاككۇك بىلەن زەيىنەپلە...كاككۇك.

پىقىراپ چىقىپ كېتىدۇ. ئابدىكېرىم، خەيرىنىسا كۈلۈشۈدۇ.

ئابدىكېرىم: بۇ ئاچايىپ قىزىق چوكاندە.

خەيرىنىسا: ۋاي بۇنىڭ قىزىقچىلىقىنى كورمىدىڭىز تېخى. ئېتىزغا ئىشقا چىققاندا ھەممىسىنى كۈلدۈرۈپ ئۈچەيلىرىنى ئۈزۈۋېتىدۇ. تۇپ- تۇز كەتكەن ئاق كوكۇل ئوزى. مەن بۇنى ناھايىتى ياخشى كورۇمەن.

ئابدىكېرىم: بىزنىچۇ؟

خەيرىنىسا: ھەممىڭلەرنى، پۈتۈن كوئوپېراتىۋ ئەزالىرىنى.

ئابدىكېرىم: مېنىچۇ؟

خەيرىنىسا: دېيەلمىغۇ، دېمەيمەن. (ژۇگۇرەيدۇ ئابدىكېرىم قوغلاپ چىقىپ كېتىدۇ. ھاشىم بىلەن تونساخان كىرىپ قالىدۇ.)

ھاشىم: ھە، مانا قارا، ئوزى، ئىش مۇنداق دېگىن.

تۇنىسا: ھازىر ياشلار سىلە بىلەن بىزنى ئاۋارە قىلمايلا ئوز ئىشلىرىنى ئوزلىرى يوللايدىغان بولۇپ قالدى. ھەممىنى

ئوزەم بىلمەن دەپ قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلىپ ژۇرەتتىلە.

هاشىم: بولدى ئۇنى قويۇڭلا. ئابدىكېرىمنىڭ ئىشلىرىغا ئەمدى چۈشۈنۈۋاتىمەن، ئوزى.

تۇنىسا: كېلىن بولغاندىمۇ قانداق كېلىن. ئەقلى هوشى بار. ژۇرت ئىچىدە ئابرويى چوڭ.

هاشىم: بۈژىل ئاپەتكە ئۇچراپ ئالغان هوسۇلىمىز هېچنېمىگە يارىماي قالدى. بولمىسا، چوڭ توي قىلىپ بېرەتتىمدە.

تۇنىسا: ئۇلار توي چىقىملىرىنى ئوزلىرىلا تەييارلىشدۇ. بىز ژۇرت قاتارى مېهمان بولۇپ ئولتۇرۇپ بېرىمىز. كوئوپېراتىۋ ئەزالىرى ياردەملىشىپ، ئاجايىپ ياخشى، يېڭى توي بولۇدۇ دېيىشىدۇ.

هاشىم: يېڭى زامانىنىڭ ياشلىرى شۇنداق ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. مەيلى بولۇدۇ.

تۇنىسا: مانا مېنىڭ ئوغلۇم شۇنداق يېڭى كادىر بولدى.

هاشىم: ئەمىسە بۈگەپچە سىېنىڭلا ئوغلۇڭكەندە؟

تۇنىسا: ئەمىسە، سىېنىڭ بالاڭ ئۇنداق، سىېنىڭ بالاڭ مۇنداق دەيتتىلىغۇ؟

هاشىم: ئۇنىداق دېگەن بىلەن ئاتا بالىسىدە. مەن بۇ ئوغلۇمنى هوشيار ئادەم بولۇدۇ، دەپ ئىشىنەتتىم.

سادىق بىلەن ئىهىن گىلەملەرنى كوتۇرۇپ كىرىپ ئۇستەل ئۇستىگە قويۇدۇ. ئابدىرىشىت قولىغا قەغەز تۇتقان هالدا، خەيرىنسا مەيدىسىگە

لىنتىلىق ئاۋارگۈل قادىغان ھالدا كىرىدۇ.

رىھىم قادىر: (ھاشىم بىلەن تۇنساغا.) مانا مەجلىسكە ھەممىڭىز بۇرۇن سىلە كەلدىڭلەر ناھايىتى ياخشى. مانا ھاشىمكامۇ كوئوپېراتىۋنىڭ ئەزاسى بولۇشقا لايىق بولۇپ قالدى.

ئابلىرىشىت: (ھاشىم بىلەن تۇنساغا.) يەنە بىر خوش خەۋەر پۈتۈن كوئوپېراتىۋ ئەزالىرى سىلەرنىڭ كوئوپراتىۋقا كىرىشىڭلەرنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئىمىن<br>خەيرىنىسا } : (بىردەك.) قارشى ئالىمىز، قوبۇل قىلىمىز.<br>سادىق

(چاۋاك.)

ھاشىم: (جانلىنىپ.) بىزنى ئۆز قاتارىڭلارغا قوشقىنىڭلار ئۈچۈن قايسى تىلىم بىلەن رەخمەت ئېيتىشىمنى، ئۆزى، بىلمەي تۇرۇمەن. بۇرۇن ھەرخىل ئەندىشە بىلەن كاژلىق قىلىدىم. كوئوپېراتىۋنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى ئەمدى چۈشەندىم.

تۇنىسا: بىر ـ بىرىمىزگە يار ـ يۆلەك بولۇپ ئومۇلۇشۇپ ئىشلەشكە يېتىشتۈرگەن پارتىيىمىزگە رەخمەت.

ھاشىم: (ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتىگە قاراپ.) مېھرىۋانىمىز ماۋجۇشى، بىز سىزنىڭ ئاۋازىڭ بىلەن غەپلەتتىن ئويغاندۇق. ماۋجۇشىنىڭ باشچىلىغىدا بەخت يولىنى تاپتۇق.



www.uyghurkitap.com

**تۇخان:** (4 تۇپ گۇلدەستە كوتۇرۇپ ژۇگۇرۇپ كىرىدۇ.)

ئابدىرىشتىكا! رايوننىڭ سەنئەتچىلىرى كەلدى. يەنە ما تەرەپتىن ھەمكارلىق گرۇپپىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى يەنە باشقا مېھمانلار كېلىۋاتىدۇ.

**ئابلىرىشت:** شەھەردىن چىقىدىغان ۋەكىللەرگە گۇلنى ئابدىكېرىم بىلەن خەيرىنىسا تەقدىم قىلسۇن.

**رېھىم قادىر:** ھەئە، بولۇدۇ. ئىككىسىنى ھاشىمكام بىلەن تۇنىسا ئاچام تەقدىم قىلسۇن.

تورتىگە گۇلدەستىنى تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. سىرتتا ئۇمۇمىي چالغۇ بىلەن سەنەم ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

**تۇخان:** ئوھ! مانا توي.

ئۇسۇل ئويناپ كېتىدۇ. رايون سەنئەتچىلىرى ۋە بىر نەچچە خەنسۇ ئۇيغۇر كادىرلار كىرىدۇ. قەشقەرۋە ئاتۇش سەنەملىرى ئېيتىلىدۇ.

ئىشلەيمىز ياخشى
ئوينايمىز ياخشى.
ھەممىمىز بىردەك
چامدايمىز ياخشى.
ئېتىز قوينىدا
ئەمگەك قاينىدى.

ئېلىمىز ئازات،
خوشال ياشايمىز.

كىرىڭلەر دوستلار

تويلار ياسايمىز.

ناخشىغا ھەممە قوشۇلۇدۇ. قىزىقچىلىقتا ھاشىم، تۇنسا ۋە باشقىلار ئويناپ كېتىشىدۇ، فوتو ئاپپاراتچى رەسىمگە ئالىدۇ. ژىراقتىن ماشىنا، ناغرا، سۇنەي ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

**ئابلىز** شىمت ـ مانا شەھەردىن مېھمانلارمۇ چىقتى.

ھەممىسى قىزغىن كەيپىياتتا قارشى ئېلىش ئۈچۈن يولغا قارايدۇ.

پەردە.

كىتاپ نومېرى: 1192(4)255

# غۇنچەم

## (مەسەللەر، ھېكايىلەر، پىيېسىلەر)

---

ئاۋتورى: زۇننۇن قادىرى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئى. موتىسى.

كوررېكتورى: ئا. ئابدۇللايوۋ.

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئادرېس: بېيجىن گوزىجەن 54 ـ قورا.

بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ

رۇخسەت قەغىزى نومېرى: «ن — 047».

مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە بېسىلدى.

شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

---

1957 ـ ژىلى مايدا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

1957 ـ ژىلى مايدا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.

فورمات 787×1092 1/32 م.م. ھەجمى $9\frac{11}{16}$ باسما تاۋاق.

قەغەز مۇقاۋىلىغىنىڭ تىراژى: 1 — 9200. باھاسى: 37 پۇڭ.

بىرلەشمە نومېرى: M 10049 ئۇيغۇرچە 42.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

書號:1192(4)255
蘊切姆
(維吾尔文)
祖 农著
木鉄意校訂
阿・阿不都拉优夫校对
民族出版社出版
地址: 北京國子監特54號
北京市書刊出版業營業許可證出字第047號
中央民族印刷廠印刷
新华書店发行

1957年5月北京第一版
1957年5月北京第一次印刷
787耗×1092耗1/32 印張9 1/2
平装印數: 1—9,200冊 定價:三角七分
統一書号: M10049・維42